

# ئىسلام دىنىدىن ئاساسىي ساۋاتلار

ئېتىقاد • ئىبادەت • ئەخلاق • سىيرەت

سەيفەتتىن يازىجى

بسم الله الرحمن الرحیم

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۈركىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى
تەشكىللىگۈچى: دوكتور يۈكسەل سالمان
ئورۇنلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئاققايا
ئاپتورى: سەيفەتتىن يازىجى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاراپاتگۇل ئوسمان
تەھرىرى: ئۆمەرجان توختى
İSBN: 978-975-19-0281-8
ئالاقىلىشىش ئادرېسى:
Dini Yayınlar Genel Müdürlüğü
Üniversiteler Mah. Dumlupınar Bulvarı
No:147/A Çankaya / Ankara TÜRKİYE
تېلېفون: +90 312 295 72 94-93
فاكس: +90 312 284 72 88
ئېلخەت: diniyayinlar@diyanet. gov. tr

# ئىسلام دىنىدىن ئاساسىي بىلىملەر

## ئېتىقاد • ئىبادەت • ئەخلاق • تەرجىمىھال

ئاپتورى: سەيفەتتىن يازىجى

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئاراپاتگۈل ئوسمان

دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


**كىرىش سۆز** ........................................ 15

## بىرىنچى بۆلۈم: ئېتىقاد

**بىرىنچى باب: ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى**

دىن دېگەن نېمە؟ ........................................ 19

دىنلار ئىچىدە ئىسلامنىڭ ئورنى ........................................ 19

ئىسلامنىڭ غايىسى ........................................ 21

ئىسلامنىڭ ئالاھىدىلىكى ........................................ 21

ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ........................................ 21

**ئىككىنچى باب: ئىمان**

كەلىمە تەۋھىد ........................................ 24

كەلىمە شاھادەت ........................................ 24

ئىماننىڭ ئاساسلىرى ........................................ 24

ئېتىقاد جەھەتتىن ئىنسانلار ........................................ 26

ئىمان ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ھوزۇر ـ ھالاۋەت ۋە بەخت ـ سائادەت ........................................ 26

ئىمان بىلەن ئەمەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ........................................ 27

ئىماننىڭ ھەقىقى ۋە چىن بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ........................................ 28

**ئۈچىنچى باب: ئاللاھقا ئىشىنىش (ئىمان كەلتۈرۈش)**

ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىر ئىكەنلىكى ........................................ 30

ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ........................................ 30

ئاللاھ سۆيگۈسى ........................................ 32

**تۆتىنچى باب: پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش**

پەرىشتىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ........................................ 35

چوڭ پەرىشتىلەرنىڭ ئىسىم ۋە ۋەزىپىلىرى ........................................ 35

پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشنىڭ پايدىسى ........................................ 36

## بەشىنچى باب: كىتابلارغا ئىشىنىش

ۋەھيىنىڭ ماھىيىتى ........ 38
ۋەھيىنىڭ تۈرلىرى ........ 38
ئىلاھىي كىتابلار ۋە ۋاراقلار (سۇھۇفلار) ........ 39
قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى ........ 40
قۇرئان كەرىمنىڭ يېزىلىشى ۋە مۇسھاف ھالىتىگە كەلتۈرۈلىشى ........ 41
قۇرئان كەرىمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ........ 41
قۇرئانغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز ........ 42

## ئالتىنچى باب: پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش

پەيغەمبەرلىك ۋە پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياج ........ 45
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى ........ 45
قۇرئان كەرىمدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر ........ 46
پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىنلاردا ئوخشاش بولغان پرىنسىپلار ........ 47
مۆجىزە ۋە كارامەت دېگەن نېمە؟ ........ 47
پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزىلىرى ........ 47
پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ........ 48
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇشى ........ 49

## يەتتىنچى باب: ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن نېمە؟ ........ 52
ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى ........ 53
ئۆلۈم ........ 54
قەبرە ........ 55
قىيامەت ........ 55
مۇكاپات، جازا، جەننەت ۋە جەھەننەم (دوزاخ) ........ 55

## سەككىزىنچى باب: قەدەر ۋە قازاغا ئىشىنىش

قەدەر ۋە قازا دېگەن نېمە؟ ........ 58
ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتى ........ 58
قەدەر ۋە قازاغا ئىشىنىشنىڭ پايدىلىرى ........ 59
رىزىق ........ 60
ئەجەل ........ 60
تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئىشلەش ........ 61
ئىسلامدا ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ........ 62

## ئىككىنچى بۆلۈم: ئىبادەت

### بىرىنچى باب: ئىبادەت

ئىبادەت دېگەن نېمە؟........................................ 69
نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟ ........................................ 69
ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ........................................ 70
ئىبادەتنىڭ دەرىجىلىرى ........................................ 70
ئىبادەتنىڭ پايدىلىرى........................................ 70

### ئىككىنچى باب: ئىسلام

ئىسلام دېگەن نېمە؟ ........................................ 72
ئىسلامنىڭ شەرتلىرى........................................ 72
مۇكەللەف دېگەن نېمە؟........................................ 74
مۇكەللەف بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر........................................ 74

### ئۈچىنچى باب: پاكىزلىق

پاكىزلىق ۋە ئىسلامنىڭ پاكىزلىققا بەرگەن ئەھمىيىتى ........................................ 77
پاكىزلىق نوقتىسىدىن سۇلار........................................ 78
تاھارەتنىڭ پەزىلىتى ........................................ 79
تاھارەتنىڭ پەرزلىرى ........................................ 79
تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى ........................................ 79
تاھارەت ئېلىشتىكى ئەدەپ ........................................ 80
تاھارەت قانداق ئېلىنىدۇ؟ ........................................ 81
تاھارەتتىكى مەكرۇھلار ........................................ 81
تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئىشلار........................................ 82
تاھارەتسىز قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار........................................ 82
مەسە (خۇرۇم پايپاق) ئۈستىدىن مەسھ قىلىش........................................ 82
تېڭىق ئۈستىدىن مەسھ قىلىش........................................ 83
غۇسۇل قىلىش........................................ 84
غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى ........................................ 84
غۇسۇلنىڭ سۈننەتلىرى ........................................ 84
غۇسۇل قانداق قىلىنىدۇ؟........................................ 85
ئۆزۈرلۈك بولغانلارنىڭ ئەھۋالى ........................................ 86
خانىم-قىزلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللىرى ........................................ 86
تەيەممۇم ........................................ 87
تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى........................................ 88

تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى ........................................ 88
تەيەممۇم قانداق قىلىنىدۇ؟ ........................................ 88
تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئىشلار ........................................ 88
تەيەممۇم قانداق ئەھۋاللاردا قىلىنىدۇ؟ ........................................ 88

**تۆتىنچى باب: ناماز ئوقۇش (1)**

نامازنىڭ مۇھىملىقى ........................................ 92
ناماز، كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟ ........................................ 94
نامازنىڭ ۋاقىتلىرى ........................................ 94
ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغان ۋاقىتلار ........................................ 95
نامازنىڭ تۈرلىرى ........................................ 95
نامازنىڭ پەرزلىرى ........................................ 96
نامازنىڭ ۋاجىبلىرى ........................................ 97
نامازنىڭ سۈننەتلىرى ........................................ 98
نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار ........................................ 100
نامازدىكى مەكرۇھلار ........................................ 101
بەش ۋاقىت نامازنىڭ ئوقۇلۇشى ........................................ 103
بامدات نامىزى ........................................ 103
پېشىن نامىزى ........................................ 106
دىگەر نامىزى (نامازدىگەر) ........................................ 110
شام نامىزى (نامازشام) ........................................ 113
خۇپتەن نامىزى ........................................ 114
ۋىتىر نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى ........................................ 115
ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نېمىلەر ئوقۇلىدۇ؟ ........................................ 117

**بەشىنچى باب: ناماز ئوقۇش (2)**

سەھۋى سەجدىسى ........................................ 121
جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ........................................ 122
مەسجىد ۋە جامائەت ئەدەپ-ئەخلاقى ........................................ 122
نامازنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇلۇشى ........................................ 124
جۈمە كۈنى ۋە جۈمە نامىزى ........................................ 126
جۈمە نامىزى كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟ ........................................ 126
جۈمە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى ........................................ 127
ھېيت-بايرام نامازلىرى ........................................ 127
ھېيت-بايرام نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى ........................................ 128

تەشرىق تەكبىرلىرى ........................................129
تەراۋىھ نامىزى ........................................130
ئولتۇرۇپ ۋە ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش ........................................132
سەپەردىكىلەرنىڭ نامىزى ........................................132
ۋاقتى ئۆتكەن نامازلارنىڭ قازاسى ........................................133
تىلاۋەت سەجدىسى ........................................133
مېيىت نامىزى ........................................134
مېيىت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى ........................................135

## ئالتىنچى باب: روزا تۇتۇش

روزا تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى ........................................139
روزا تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى ........................................140
رامىزاندا روزا تۇتۇش كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟ ........................................141
زولۇق ۋە ئىفتارنىڭ پەزىلىتى ........................................141
روزىغا قاچان ۋە قانداق نىيەت قىلىنىدۇ؟ ........................................142
روزىنىڭ تۈرلىرى ........................................143
رامىزان روزىسىنى باشقا ۋاقىتتا تۇتۇشقا يول قويغان ئۆزرىلەر ........................................143
فىدىيە ........................................144
رامىزاندا، ئۆزرىسىز (سەۋەبسىز) روزا تۇتماسلىقنىڭ ھۆكمى ........................................144
روزىنى بۇزۇپ قازا قىلىدىغان ھەم كەففارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار ........................................145
روزىنى بۇزۇپ پەقەت قازا قىلىدىغان ئىشلار ........................................145
روزىنى سۇندۇرمايدىغان ئىشلار ........................................146
روزىدارغا مەكرۇھ بولغان ئىشلار ........................................146
روزىدارغا مەكرۇھ بولمىغان ئىشلار ........................................146

## يەتتىنچى باب: زاكات بېرىش

زاكاتنىڭ مۇھىملىقى ۋە پايدىسى ........................................148
كىملەر زاكات بېرىشى كېرەك؟ ........................................149
نىساب ........................................149
زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟ ........................................149
زاكات كىملەرگە بېرىلمەيدۇ؟ ........................................150
زاكات بەرىمسىمۇ بولىدىغان مال ـ مۈلۈكلەر ........................................150
زاكات بېرىش كېرەك بولغان ماللار ۋە زاكاتنىڭ مىقدارى ........................................150
پىتىر سەدىقىسى (فىترە) ........................................151

### سەككىزىنچى باب: ھەج قىلىش

ھەج قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە پايدىسى ........................ 153
ھەج قىلىش كىملەرگە ۋە قايسى ۋاقىتتا پەرز قىلىنغان؟ ................ 154
ھەجنىڭ پەرزلىرى ........................................ 155
ھەجنىڭ تۈرلىرى ......................................... 155
ھەجنىڭ قىلىنىشى........................................ 156
ئۆمرە.................................................. 158

### توققۇزىنچى باب: قۇربانلىق قىلىش

قۇربانلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ............................. 159
كىملەر قۇربانلىق قىلىدۇ؟ ................................. 159
قۇربانلىق قايسى ۋاقىتتا، قانداق قىلىنىدۇ؟ ....................... 160
قۇربانلىقنىڭ گۆشى، تېرىسى ھەققىدە قىلىنىدىغان ئىشلار.............. 160
قوربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ھايۋانلار ................. 160
گۆشى ئىستېمال قىلىنىدىغان ھايۋانلار.......................... 161
گۆشى ئىستېمال قىلىنمايدىغان ھايۋانلار ......................... 161
ئاداق قۇربانلىقى......................................... 162
قەسەمنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى ........................... 162

### ئونىنچى باب: مۇبارەك كۈن ۋە كېچىلەر

جۈمە كۈنى ............................................ 164
ھېيت-بايرام كۈنلىرى...................................... 164
مەۋلۇت كېچىسى ......................................... 165
رەجەب كېچىسى ......................................... 166
مېراج كېچىسى.......................................... 166
بارائەت كېچىسى ......................................... 166
قەدىر كېچىسى ......................................... 167

## ئۈچىنچى بۆلۈم: ئەخلاق

### بىرىنچى باب: ئىسلام ۋە ئەخلاق

ئەخلاقنىڭ مەنىسى ....................................... 171
ئىسلامدا ئەخلاق ......................................... 171
گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشتا ئېتىقاد ۋە ئىبادەتنىڭ رولى ............... 172
ئەڭ گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەمۇنىسى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام............... 173

شەخس ئۈچۈن ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقى ........................ 173
خىزمەت ۋە ئەخلاق .......................................... 174
ئەخلاق ئۆزگىرەمدۇ؟............................................ 175
ئىسلامنىڭ ئەقىل ۋە ئىلىمگە بەرگەن ئەھمىيىتى .............. 176

**ئىككىنچى باب: ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىمىز**

ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىمىز ........................................ 178
1 ـ ئاللاھتائالا، پەيغەمبەر ۋە قۇرئانغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز.......... 178
2 ـ ئۆزىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز.................................. 179
يېمەك ـ ئىچمەكتىكى قائىدە نىزاملار................................ 182
تىلنى باشقۇرۇش ۋە تۈزىتىش....................................... 183
باشقا ئەزالىرىمىزنىڭ تەربىيىسى ۋە تۈزىتىلىشى...................... 184

**ئۈچىنچى باب: ئائىلە ـ تاۋابىتىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز**

ئىسلامدا ئائىلىنىڭ ئەھمىيىتى ........................................ 188
ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى ................ 188
ئەر ـ ئاياللىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى ..................... 189
ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى.......................... 189
پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتى......................... 190
قان ـ قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى ............... 194
ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز............................ 194
قولۇم ـ قوشنىلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز............................ 195

**تۆتىنچى باب: پۈتكۈل ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز**

ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز ................................ 197
هايۋانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز ................................. 200
ئىسلام ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ ياشىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدىلىگى (خاسلىقى) .. 201
ئىسلامدا چەكلەنگەن ئىشلار ........................................ 203

## تۆتىنچى بۆلۈم: تەرجىمھال (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى)

**بىرىنچى باب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە باللىقى**

ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبىستاننىڭ ئەھۋالى.............................. 211
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى.................................. 211
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلىشى ............................... 213

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق ۋاقتى ........................................213

**ئىككىنچى باب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىقى ۋە ئۆيلىنىشى**
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەرلىرى ........................................216
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىجارەت ھاياتى ........................................216
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى ۋە بالىلىرى ........................................216
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى باشلامچىلىقى .217

**ئۈچىنچى باب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشى ۋە مەخپى دەۋەت**
تۇنجى ۋەھيي (مىلادى 610 ـ يىل) ........................................219
فەترەت دەۋرى ........................................220
ئىسلام دەۋىتىنىڭ باشلىنىشى ........................................220
تۇنجى مۇسۇلمانلار ........................................221
ھەبەشىستانغا قىلىنغان تۇنجى ھىجرەت ........................................221
ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان مۇئامىلىسى ........................................221

**تۆتىنچى باب: دەۋەتنىڭ ئاشكارا قىلىنىشى**
ئىسلامغا دەۋەتنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىشى ........................................223
مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلۇملىرى ........................................224
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ كۆپ دۈشمەنلىك قىلغانلار ........................................225
قۇرەيشنىڭ ئىسلامغا دۈشمەن بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ........................................225
مۇشرىكلارنىڭ ئەبۇ تالىپقا قىلغان شىكايەتلىرى ........................................226
ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ........................................227
ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ........................................227

**بەشىنچى باب: بايقۇت ۋە ئازاپلىق يىللار**
مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان بايقۇتى ........................................229
ئەبۇ تالىپ ۋە خەدىچىنىڭ ۋاپاتى ........................................230
تائىفقا سەپەر ........................................230
ئەقەبە كېلىشىمى ........................................230
مىراج مۆجىزىسى ........................................232
مىراجنىڭ ھەدىيەسى ـ ناماز ........................................232

**ئالتىنچى باب: ھىجرەت قىلىش ۋە مەدىنىدىكى دەسلەپكى يىللار**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى (مىلادى 622 ـ يىلى).......234
پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىدە قارشى ئېلىنىشى.................................236
پەيغەمبەر مەسجىدى (مەسجىدى ـ نەبەۋىي)نىڭ بىنا قىلىنىشى....................236
ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق.............................236
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتىپى ۋە ئەسھابى ـ سۇففە .......................237

**يەتتىنچى باب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشلىرى (1)**

بەدىر ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى .................................................238
بەدىر ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى (ھىجرىيە 2 ـ يىلى/ مىلادى 624 ـ يىلى) .........239
ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى...................................................240
ئۇھۇد ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى (ھىجرىيە 3 ـ يىلى/ مىلادى 625 ـ يىلى).........240
ئۇھۇد ئۇرۇشىدا يەكۈنلەنگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلار..................................241
خەندەك ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى.................................................242
خەندەك ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى (ھىجرىيە 5 ـ يىلى/ مىلادى 626 ـ يىلى).......242
ھۇدەيبىيە كېلىشىمى (ھىجرىيە 6 ـ يىلى/ مىلادى 628 ـ يىلى) .....................243
ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ نەتىجىسى................................................244
قوشنا دۆلەت باشلىقلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئىسلامغا دەۋەت مەكتۇپلىرى ....................244
خەيبەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى (ھىجرىيە 6 ـ يىلى/ مىلادى 628 ـ يىلى) ...............245
كەبە زىيارىتى (ھىجرىيە 7 ـ يىلى/ مىلادى 629 ـ يىلى) ..........................246

**سەككىزىنچى باب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشلىرى (2)**

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى (ھىجرىيە 8 ـ يىلى/ مىلادى 630 ـ يىلى) ................247
ھۇنەين ئۇرۇشى (ھىجرىيە 8 ـ يىلى/ مىلادى 630 ـ يىلى) ...........................248
ئەۋتاس ئۇرۇشى ۋە تائىفنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش (ھىجرىيە 8 ـ يىلى/ مىلادى 630 ـ يىلى)
249.........................................................................
تەبۇك سەپىرى (ھىجرىيە 9 ـ يىلى/ مىلادى 630 ـ يىلى) ..........................250
پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇرۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى .....................................251
ئەبۇبەكرىنىڭ ھەجگە قوماندانلىق قىلىشى (ھىجرىيە 9 ـ يىلى/ مىلادى 631 ـ يىلى) ..252
ۋىدالىشىش ھەججى (ھىجرىيە 10 ـ يىلى/ مىلادى 632 ـ يىلى) ......................252
ۋىدا خۇتبىسى ...............................................................252
پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ۋاپاتى (ھىجرىيە 10 ـ يىلى/ مىلادىيە 632 ـ يىلى)
255.........................................................................
پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر.....................................256
پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى .................................................257

ئەشەرە مۇبەششەرە ........................................ 258
پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى ........................................ 258
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەت قەلبىنى يورۇتقان گۈزەل ئەخلاقى .......... 258
تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........................................ 262
نامازلاردا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........................................ 264
نامازلاردا ئوقۇلىدىغان بەزى سۈرىلەر........................................ 268
تاھارەت ئېلىشنى رەسىملىك چۈشەندۈرۈش ........................................ 273
ناماز ئوقۇشنى رەسىملىك چۈشەندۈرۈش ........................................ 278

# كىرىش سۆز

دىنىي ساۋاتلار ھەققىدە توغرا ۋە يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە بولۇش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.

ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان تۇنجى مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاندىن كېيىن ئىبادەتلىرىنى جايىدا ئورۇنلاشتۇر.

ئىبادەت بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن ئىمان دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولسا، گۈزەل ئەخلاقتۇر. يېتىشكەن بىر مۇسۇلمان، ئاللاھ بۇيرىغان ئىبادەت ۋەزىپىلىرىنى جايىدا ئورۇنلىغان، ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر.

ئەخلاقتىكى ئەڭ ياخشى ئۈلگىمىز، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. شۇڭا ئىمان ۋە ئىبادەتكە دائىر مەلۇماتلار بىلەن بىللە ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولغان ئەخلاقىنى ئۆگىنىشىمىز بىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم.

مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇلىۋاتقان دەرسلىك كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئېتىقاد، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە سىيەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتاب، ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ چۈشىنىشى ئاسان بولغان ئامىباب تىلدا يېزىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىتابنىڭ ئاخىرىدا نامازنى يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى رەسىم بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلدى.

ئوخشىمىغان ياشتىكى مۇسۇلمانلارغا كۆپ جەھەتتىن مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بۇ كىتابنىڭ قىممەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە پايدىلىق بولۇشىنى جانابى ئاللاھتىن تىلەيمەن.

تىرىشچانلىق بىزدىن، ھىدايەت ئاللاھتىندۇر!

سەيفەتتىن يازىجى

بىرىنچى بۆلۈم

# ئېتقاد

# ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى باب

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- دىن دېگەن نېمە؟
- دىنلار ئىچىدە ئىسلامنىڭ ئورنى
- ئىسلامنىڭ غايىسى
- ئىسلامنىڭ ئالاھىدىلىكى
- ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل بولۇشىدىكى سەۋەپلەر

### دىن دېگەن نېمە؟

دىن، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغان كىشىلەرنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىق ۋە بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىلاھىي قانۇندۇر.

### دىنلار ئاساسەن ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

**1) ھەق دىن:**

ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا بىلدۈرۈلگەن، ئۆزگەرتىلمەي ۋە بۇزۇلماي ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن دىن.

**2) مۇھەررەف دىنلار:**

ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، كېيىن ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن ۋە ئەسلى بۇزۇلغان دىنلار.

**3) باتىل دىنلار:**

ئىنسانلار تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان دىنلار. بۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىنلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

### دىنلار ئىچىدە ئىسلامنىڭ ئورنى

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىرلا ۋاقىتتا تۇنجى ئىنسان ھەم تۇنجى پەيغەمبەردۇر. ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى دىنىمۇ ھەق دىن بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى (تەۋھىد) ئېتىقادىنى تەبلىغ قىلىپ، ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىشنى ئۆگەتكەن. لېكىن، ئۇ پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان ئىمان ئاساسلىرى ۋە دىنىي ھۆكۈملەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇزۇلۇپ، ئەسلى يوقالغان.

بۇ سەۋەبتىن ئاللاھتائالا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئىسلامنى ئەۋەتتى. بۈگۈن يەر يۈزىدە ھەقىقى دىن ئىسلام بولۇپ، باتىل دىنلارنىڭ ئاللاھ نەزىرىدە ھېچ بىر قىممىتى

يوق. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنىدىغان دىن پەقەتلا ئىسلام دىنىدۇر. بۇ ھەقىقەت، ئاللاھتائالا تەرىپىدىن قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى)دۇر.»**[1]

**«كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.»**[2]

## مېنىڭ دىنىم

مېنىڭ دىنىم ئۇلۇغدۇر، مەن دىنىمنى سۆيىمەن،
ئۇنى پۈتكۈل دىنلاردىن ئۈستۈن تۇتۇپ كۆيلەيمەن.

مېنىڭ دىنىم ئىسلامدۇر، دىنلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى،
«ئاللاھ بىردۇر» دېمەكلىك، دىنىمىزنىڭ ھەم ئۇلى.

«ئاللاھ بىردۇر» دەيمىز، «ئاللاھ» دەيمىز،
«ئاللاھ بىردۇر» دېمەكتىن باشقىنى ھېچ بىلمەيمىز.

پەيغەمبىرىم «مۇھەممەد»، ئىككى جاھان قۇياشى،
پەيغەمبەرلەر ئىچىدە، يوقتۇر ئۇنىڭ تەڭدىشى.

بۇ دىننى رەببىمىزدىن، يەتكۈزگەن ئۇدۇر بىزگە،
بۇ دىن نۇرلار ياغدۇرار، كۆكلەردىن ئۈستىمىزگە.

بۇ دىن دەيدۇ: پاكىز بول! بۇ دىن دەيدۇ: توغرا بول،
بۇ دىنىدىن تېخىمۇ گۈزەل، بارمىدۇر باشقا بىر يول.

كىتاۋىمىز قۇرئاندۇر، ئوقۇيمىز بىز ھەر زامان،
ئاللاھقا مىڭ رەھمەت، مۇسۇلمان بىز مۇسۇلمان.

ـ م.ش. يالىتقايا

1. «قۇرئان كەرىم»، مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى، 3 ـ سۈرە ئال ـ ئىمراننىڭ 19 ـ ئايىتى.
2. «قۇرئان كەرىم»، مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى، 3 ـ سۈرە ئال ـ ئىمراننىڭ 85 ـ ئايىتى.

**ئىسلامنىڭ غايىسى**

ئىسلام ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈملەر، ئىنسانلارنىڭ بەختلىك بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ھۆكۈملەرگە رىئايە قىلغانلار دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدۇ.

**ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى ئۈچ خىل بولۇپ:**

1- **ئىمان:** ئىنسان ئىماننىڭ ئاساسلىرىغا ئىشىنىش بىلەن مەنىۋىي ئوزۇق ئېلىپ، قەلبىنى ساختا ئېتىقادلاردىن تازىلاپ، توغرا ئېتىقاد بىلەن ئۇزۇقلىنىپ، ھەقىقى مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ.

2- **ئەمەل:** ئەمەل ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بولۇپ، ئەمەل ھەققىدىكى ھۆكۈملەر ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

1) ئاللاھقا بولغان ئىبادەت مەسئۇلىيىتى.

2) ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى رەت ـ تەرتىپكە سالىدىغان ھۆكۈملەر.

3- **ئەخلاق:** ئىنسانلارغا قارىتا چۈشەنچە ۋە مۇئامىلىلىرىمىزنى رەت ـ تەرتىپكە سالىدىغان ھۆكۈملەر.

**ئىسلامنىڭ ئالاھىدىلىگى**

1) ئىسلام ئەڭ ئاخىرقى بىر دىندۇر. ئىسلامدىن باشقا دىن نازىل بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ئىسلامنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.

2) ئىسلام مۇقەددەس بىر دىن بولۇپ، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىنلار بەلگىلىك مىللەتلەرگە كەلگەن بولسا ئىسلام دىنى پۈتكۈل دۇنيا خەلقىگە ئەۋەتىلگەن.

3) ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغۇدەك دەرىجىدە مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا بىر دىنغا ئېھتىياج بولمايدۇ.

4) ئىسلام ئىلگىرى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئىلاھىي كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ. (تەستىقلايدۇ)

5) ئىسلام بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىنلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشنى توختاتقان. چۈنكى ئۇلار بەلگىلىك مىللەتلەرگە، بەلگىلىك ۋاقىت چەكلىمىسى ئىچىدە نازىل قىلىنغان بولۇپ، پەقەت ئىسلام دىنىلا پۈتكۈل مىللەتلەرگە ئەۋەتىلگەن ۋە قىيامەتكىچە ھېچ ئۆزگەرمەيدىغان بىر دىندۇر.

**ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل بولۇشىدىكى سەۋەپلەر**

ئىسلامنى ئالەمشۇمۇل قىلغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. ئىسلام پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى دىندۇر:**

ئىسلام پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ۋە قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئىلاھىي بىر دىندۇر. شۇڭا، پەيغەمبىرىمىز ئىسلامنى پۈتكۈل دۇنيا مىللەتلىرىگە تەبلىغ قىلىش مەقسىتىدە ئۇ ۋاقىتلاردىكى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرغان.

**2. ئىسلام ئەقىل ۋە ئىلىم دىنىدۇر:**

ئىسلام ئەقىلگە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇكەللەپ (مەسئۇلىيەت ئىگىسى) بولۇش ئۈچۈن ئەقىللىق بولۇشنى شەرت قىلىدۇ، ئىلىم ئۆگىنىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. دىنىمىز بىزنى دائىم ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە بۇيرۇپ، ئىلىم ئىگەللەشنىڭ ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلىنغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

**3. ئىسلام دۇنيا ۋە ئاخىرەت دىنىدۇر:**

ئىسلامنىڭ مەقسىدى ئىنسانلارنى دۇنيا ھاياتى ۋە مەڭگۈلۈك بولغان ئاخىرەت ھاياتىدا بەختلىك قىلىشتۇر. دىنىمىز ئىنسانلارنىڭ ھەر ۋاقىت، مەڭگۈ بەختلىك بولۇشى ۋە يۈكسىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان، شەخس، مىللەتنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدىغان پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ، دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەن بىر دىندۇر.

بۇ ھەقتىكى ئىسلامنىڭ ئېلىپ كەلگەن پرىنسىپلىرىنى يىغىنچاقلىساق بۇ مەنىگە كېلىدۇ: «ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلە، ئەتە ئۆلىدىغاندەك، ئاخىرەت ئۈچۈن ئىبادەت قىل.»

**4. ئىسلام ئاسانلىق دىنىدۇر:**

ئىسلامدا مۈشكۈللۈك يوق، ئاسانلىق بار. دىنىمىزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى، بىزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، تېخىمۇ ياخشى بىر ھاياتقا تەييارلاش ئۈچۈن، ئىبادەتلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا، كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ناھايىتى كۆپ ئاسان يوللارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەسىلەن: سەپەردىكىلەر، تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنىڭ ئىككى رەكئىتىنى ئوقۇسا بولىدۇ. نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالمايدىغانلار ئولتۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ. رامىزاندا روزا تۇتۇشقا كۈچ-قۇۋۋىتى يەتمىگەن ئاغرىقلار ساقايغاندا تۇتسا بولىدۇ. ساقىيىشقا كۆزى يەتمىگەن كېسەللەر، روزا تۇتۇشقا ئىمكانىيىتى بولمىغان ياشانغانلار، تۇتالمىغان روزىلىرى ئۈچۈن فىدىيە بەرسە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۈشكۈل ئەھۋاللاردا دىنىمىزنىڭ يارىتىپ بەرگەن تېخىمۇ كۆپ قولايلىقلىرى بار. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام ھۆكۈملىرى ھەر ۋاقىت، ھەر جايغا ماس كېلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**5. ئىسلامدا ھەددىدىن ئاشۇرۋېتىش يوق:**

ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى ئەقىل ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن بولغان ھۆكۈملەر بولۇپ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارغا رىئايە قىلىش.

قىلىش بۇيرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دىنىنىڭ نامىدا ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش، ھالال قىلىنغان دۇنيا نېمەتلىرىدىن يىراقلىشىپ، مۇشكۇل بىر ھاياتتا جاپا تارتىپ ياشاش ئىسلامدا يوقتۇر.

**6. ئىسلام تىنچلىق ۋە سۆيگۈ دىنىدۇر:**

ئىسلام دىنىنىڭ مەقسىدى ئىنسانلارغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا بولغان ھۆرمەتنى قەلبلەرگە سىڭدۈرۈپ، مىللەتتە داۋاملاشقان بىر ھوزۇر-ھالاۋەت ۋە تىنچ-خاتىرجەملىك بەرپا قىلىشتۇر. دىنىمىز بۇ مەقسەتتە كۆپلىگەن قائىدە-پرىنسىپلارنى بېكىتىپ، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش، باشقىلارنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلىشنى ھەقىقىي بىر مۆمىن بولۇشنىڭ شەرتى قىلىپ بەلگىلىگەن.

**سوئاللار:**

1) دىن دېگەن نېمە؟
2) دىنلار قانچە قىسىمغا بۆلىنىدۇ؟
3) دىنلار ئىچىدە ئىسلامنىڭ ئورنى قانداق؟ چۈشەندۈرۈڭ.
4) ئىسلامنىڭ مەقسىدى نېمە؟ ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى قانچە خىل؟
5) ئىسلامنىڭ ئالاھىدىلىگى قايسىلار؟
6) ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل بولۇشىدىكى سەۋەپلەر قايسىلار؟

ئىككىنچى باب

# ئىمان

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**
- كەلىمە ـ تەۋھىد، كەلىمە ـ شاھادەت ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى
- ئىماننىڭ ئاساسلىرى
- ئىجمالى ئىمان
- تەپسىلى ئىمان
- ئېتىقاد جەھەتتىن ئىنسانلار
- ئىماننىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ھوزۇر ـ ھالاۋەت ۋە بەخت ـ سائادىتى
- ئىمان بىلەن ئەمەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
- ئىماننىڭ ھەقىقىي ۋە چىن بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

---

**كەلىمە تەۋھىد**

لاَاِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰهِ

ئوقۇلۇشى: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»
«ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر.»

**كەلىمە شاھادەت**

اَشْهَدُ اَنْ لاَاِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَ اَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَ رَسُولُه

ئوقۇلۇشى: «ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ»

مەنىسى: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.»

**ئىماننىڭ ئاساسلىرى**

ئىماننىڭ لۇغەت مەنىسى ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئىشىنىش دېگەنلىك بولىدۇ.

دىنىي مەنىدىكى ئىمان: «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھتىن بىزگە ئېلىپ كەلگەنلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭۈلدىن ئىشىنىش ۋە ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش.»

**ئىمان ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:**
1) ئىجمالى ئىمان
2) تەپسىلى ئىمان

**1. ئىجمالى ئىمان:** ئاللاھقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە شەك-شۈبھىسىز ئىشىنىش.

دىنىمىزدا ئىشىنىش كېرەك بولغان نەرسىلەرنىڭ بىر تۈگۈنى بولغاچقا، ئۇ «ئىجمالى ئىمان» يەنى «توپلانما ئىمان» دېيىلىدۇ.

ئىماننىڭ ئاساسلىرى يىغىنچاقلىنىپ كەلىمە تەۋھىد ۋە كەلىمە شاھادەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىر ئىنسان كەلىمە تەۋھىد بىلەن كەلىمە شاھادەتنىڭ بىرىنى تىلى بىلەن دەپ، چىن يۈرىكى بىلەن ئىشەنسە، ئىسلامغا كىرگەن بولىدۇ. لېكىن مۇسۇلماننىڭ ئىشى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ قالماي، يەنە ئىمان ئاساسلىرىنىڭ تەپسىلاتىنىمۇ ئۆگىنىشى ۋە ھەممىسىگە ئايرىم-ئايرىم ئىشىنىشى كېرەك.

**2. تەپسىلى ئىمان:** ئىمان ئاساسلىرىغا ئايرىم-ئايرىم ئىشىنىش «تەپسىلى ئىمان» يەنى «تەپسىلى بولغان ئىمان» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەپسىلى چۈشەندۈرۈلگەن ئىماننىڭ ئاساسلىرى، ئىماننىڭ شەرتلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئىماننىڭ شەرتى ئالتە بولۇپ، ئۇلار:**

1) ئاللاھقا ئىشىنىش،
2) ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش،
3) ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش،
4) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش،
5) ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش،
6) تەقدىر-پېشانىگە يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

ئىماننىڭ شەرتلىرى «ئامەنتۇ»دا توپلانغان. ھەر بىر مۇسۇلمان «ئامەنتۇ»نى ئۇنىڭ مەنىسى بىلەن ئۆگىنىشى كېرەك. «ئامەنتۇ» دېگەنلىك:

اٰمَنْتُ بِاللهِ وَ مَلٰئِكَتِهِ وَ كُتُبِهِ وَ رُسُلِهِ وَ الْيَوْمِ الْاٰخِرِ وَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَ شَرِّهِ مِنَ اللهِ تَعَالٰى
وَالْبَعْثُ بَعْدَ الْمَوْتِ حَقٌّ اَشْهَدُ اَنْلَّا اِلٰهَ اِلَّا اللهُ وَ اَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُولُهُ

ئوقۇلۇشى: «ئامەنتۇ بىللاھى ۋەمەلائىكەتىھى ۋەكۇتۇبىھى ۋەرۇسۇلىھى ۋەليەۋمىل ئاخىرى ۋە بىل-قەدرى خەيرىھى ۋە شەررىھى مىنەللاھى تەئەلا ۋەلبائىسۇ بەئدەل-مەۋتى ھەققۇن ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ»

مەنىسى: «مەن ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشەندىم. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش راستۇر. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.»

### شېئىر

ماھىيەتتە، سۆزدە، تىلدا ۋە ئاھاڭدا ئاللاھ بىر،
جان قەپەزدە قېيىنلىپ قالغاندا ئاللاھ بىر.
قانداق كەلسەك، شۇنداق كېتىشنى تىلەيمىز،
چۈنكى باشتىن-ئاخىر نەپىسىمىزدە ئاللاھ بىر.

- ئەمىن ئەلى سىپاھى

## ئېتىقاد جەھەتتىن ئىنسانلار

### ئىنسانلار ئېتىقاد جەھەتتىن ئۈچكە بۆلۈنىدۇ

1. **مۆمىن:** ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپ، ئېتىقادىنى تىلى بىلەن بايان قىلغانلار «مۆمىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. **مۇنافىق:** ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشەنمىگەن ھالدا، ئاغزىدىلا ئىشەندىم دېگەنلەر «مۇنافىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

3. **كافىر:** ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشەنمىگەن ۋە ئىشەنمىگەنلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەنلەر «كافىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

مۆمىن بولغانلار جەننەتتە مەڭگۈلۈك بەخت بىلەن تولغان بىر ھاياتقا ئېرىشىدۇ؛ مۇنافىق ۋە كافىرلار بولسا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئېتىقادسىزلىقىنىڭ جازاسىنى جەھەننەمدە (دوزاختا) تارتىدۇ.

### ئىمان ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ھوزۇر-ھالاۋەت ۋە بەخت-سائادەت

ئىنسان بەدەن ۋە روھنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىل تاپقان بىر جانلىقتۇر. تېنىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەككە ئېھتىياجى بولغىنىدەك، روھىمىزنىڭمۇ ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجى بار.

روھنىڭ ئەڭ مۇھىم ئوزۇقى ساغلام ئېتىقاد بولۇپ، ئاللاھغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئىشەنگەن بىر ئىنسان، ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقىغا ۋە غايەت زور بىر كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. بىز موھتاج بولغان ئاللاھقا ئىشىنىپ ئىخلاس قىلىش بىزنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەت ۋە ئىشەنچ مەنبەيىمىزدۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.»**[3] (13-سۈرە رەئدنىڭ 28-ئايىتى)

---

3. «قۇرئان كەرىم»، مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى.

ئىمان ئىنسانلارنى يالغۇزلۇق ۋە بىكارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئىمان روھىمىزنىڭ ئوزۇقى، قەلبىمىزنىڭ چىرىغىدۇر. ئىمانسىز بىر ئىنساننىڭ روھى ئاچ، قەلبى قاراڭغۇلۇقتا بولۇپ، ئەڭ مۇھىم تايانچتىن مەھرۇم هالدا ياشايدۇ.

ئىنسانلار ھاياتتا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. مۇنداق ۋاقىتلاردا كۆڭلى ئاللاھقا باغلىق بولغان ئېتىقاد ئىگىلىرى قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. بەلكى ئاللاھقا سېغىنىپ سەۋرى-تاقەت بىلەن ئىبادىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتىدۇ. بۇنداق كۈچلۈك بىر دوستقا سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت بىلەن ئىخلاس قىلىش ئىنسانغا غايەت زور بەخت-سائادەت ئاتا قىلىدۇ.

ئىماندا يوقسۇل بولغان ئىنسانلار ئۈمىدسىزلىنىدۇ، بىئاراملىق ئىچىدە ئازابلىنىدۇ. قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھوزۇر-ھالاۋەت ۋە تىنىچ-خاتىرجەملىكنى ھاراق-شاراب، ئاق تاماكا، زەھەرلىك چېكىملىك قاتارلىق نەرسىلەردىن ئىزدەپ، تېخىمۇ چوڭ پالاكەتلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل خاتا يولدا مېڭىش بىلەن دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

**ئىمان بىلەن ئەمەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت**

بىر مۇسۇلمان دىنىي ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلماي، قەلبىدە ئىمان بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىبادەتلىرىنى قىلمىسىمۇ دىنىدىن چىقىپ، كافىر بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ يەنە مۇسۇلمان پېتى قالىدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان ئىبادەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ قىلغان بولىدۇ ۋە جازاغا تارتىلىدۇ.

تائەت-ئىبادەت ئىماننىڭ ساغلاملىقى ۋە كۈچىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاخىرەتتە جازادىن قۇتۇلۇپ، جەننەت نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. لېكىن ئىماندىلا تۇرۇپ قېلىپ، ئىبادىتىمىزنى تاشلاپ قويساق، ئۇ ئىماننىڭ ئاجىزلىششى ۋە ئىمان نۇرىنىڭ ئۆچۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

بۇنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك:

ئىمان ئوچۇقچىلىقتا يېنىپ تۇرغان بىر چىراغقا ئوخشايدۇ. چىراغنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئەينەك قاپ بىلەن قوغداش كېرەك. ئەگەر ئۇ بۇ شەكىلدە قوغدالماي، ئوچۇق قالسا، ئاجىز بىر شامالنىڭ تەسىرى بىلەنلا ئۆچۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئىمانىمۇ قەلبىمىزدە يېنىپ تۇرغان بىر چىراغ بولۇپ، ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىبادەتتۇر. ناماز، روزا ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان قەرزىمىزنى تولۇق ئورۇنلىغان، ھەم ئىمانىمىزنى قوغدىغان بولىمىز.

ئەگەر ئىبادەت قىلمىسا، ئىماننىڭ چىرىغى ئوچۇقچىلىقتىكى جىن چىراغقا ئوخشاش مۇداپىئەسىز قالىدۇ-دە، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆچۈپ قالىدۇ. ئىماننى يوقاتقانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مۈلكى بولغان جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى يوقاتقانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئىبادەتنىڭ ئىمانىمىزنى قوغداش ۋە جەننەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشىمىزدە مۇھىم رولى بار.

**ئىماننىڭ ھەقىقى ۋە چىن بولۇشىنىڭ شەرتلىرى**

ئىماننىڭ ھەقىقىي ۋە توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۈچ شەرتنى تەييارلاش كېرەك:

1- **ئىمان ئۈمىدسىزلەنگەن چاغدىلا بولماسلىقى كېرەك.** بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغان بىر كىشىنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئازاپنى كۆرۈپ ئېتىقاد قىلىشىنىڭ ھېچ بىر پايدىسى يوق.

2- **مۇسۇلمان دىنىي ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىدىغان گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردە بولماسلىقى كېرەك.** مەسىلەن: دىنىنىڭ بارلىق ئەمىر-پەرمانلىرىغا ئىشەنگەن ھالدا، نامازنى ئىنكار قىلغان ھەر قانداق كىشى ئىماننى يوقاتقان بولىدۇ. چۈنكى دىنىمىزدا ئېتىقاد قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر گەۋدە بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرىنى ئىنكار قىلىش، ھەممىنى ئىنكار قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ.

3- **دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنى گۈزەل دەپ قوبۇل قىلىشى كېرەك.**

دىنىي ھۆكۈملەردىن ھەر قانداق بىرىنى ياقتۇرماسلىق ئىماننىڭ يوقۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ئىماندۇر. ئىنسان دۇنيادىكى ھوزۇر-ھالاۋەت، بەخت-سائادەت بىلەن ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتكە پەقەت ئىمان بىلەنلا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئەڭ ئاخىرقى نەپىسى قالغۇچە ئىماننى قوغداپ، ئاخىرەتكە شۇ ئىمان بىلەن كېتىشى كېرەك.

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىماننى قوغدىيالمىغان ۋە دۇنيادىن ئىمانسىز پېتى ئايرىلغان كىشىگە بۇرۇن ئىگە بولغان ئىماننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا ئىمانىمىزنى قوغداشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، دىنىمىزغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىمىز بولسا، دەرھال تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىپ، ئاللاھتىن ئەپۇ سورىشىمىز كېرەك.

**سوئاللار:**

1) كەلىمە تەۋھىد ۋە كەلىمە شاھادەتنى توغرا ئوقۇڭ ۋە مەنىسىنى بايان قىلىڭ.

2) ئىمان ئاساسلىرى قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟

3) ئىجمالى ئىمان دېگەن نېمە؟

4) تەپسىلى ئىمان دېگەن نېمە؟

5) ئامەنتۇ ئايىتىنى ئوقۇڭ ۋە مەنىسىنى بايان قىلىڭ.

6) ئېتىقاد جەھەتتىن ئىنسانلار قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.

7) ئىماننىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ھوزۇر-ھالاۋەتى ۋە بەخت-سائادىتى قايسىلار؟ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.

8) ئىمان ۋە ئىبادەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.

9) ئىماننىڭ ھەقىقى ۋە توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

ئۈچىنچى
باب

# ئاللاھقا ئىشىنىش (ئىمان كەلتۈرۈش)

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىر ئىكەنلىكى
- ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى
- ئاللاھ سۆيگۈسى
- ھەقىقى ئىمان ئىگىسى بولغان بىر قىز (ئوقۇشلۇق)

## ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىر ئىكەنلىكى

**ئىماننىڭ ئالتە شەرتىدىن بىرىنچىسى ئاللاھقا ئىشىنىش.** ئەقىل ئىگىسى (ئەقلى ـ ھوشى جايىدا) بولغان ۋە بالاغەتكە يەتكەن ھەر قانداق ئىنساننىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ۋە بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش. ئەتراپىمىزغا قارىساق، ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۆزلىكىدىنلا پەيدا بولۇپ قالمىغانلىقىنى بايقايمىز. چىرايلىق بىر ھۈنەر ـ سەنئەت ئەسىرى، ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن بىر ھۈنەرۋەننىڭ بارلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. مەسىلەن: بىز ئىشلىتىۋاتقان سائەتنى ياسىغان بىر مېخانىك، ئۆيىمىزنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى بوياپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل نەقىش، رەسىملەرنى سىزغان بىر نەققاش، بىز تۇرىۋاتقان بىنانى ياسىغان بىر ئۇستام يوقمىدۇ؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، چوقۇم بار.

ئۇنداق بولسا، ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، مۇكەممەل بىر سىستېما ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان كائىناتنى ۋە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئەسەر، ئىنساننىمۇ ياراتقان بىرى چوقۇم بار. ئۇ بولسىمۇ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى بولغان «ئاللاھ»تۇر. كائىنات ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتسە ئۇنىڭدىكى تەكشۈكلۈق ۋە مۇكەممەل تەرتىپ ـ ئىنتىزام، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىرىنچى ۋەزىپىمىز، بىزنى ياراتقان ۋە ياشاتقان ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن سەممىي ئىخلاس قىلىش. ئاللاھقا ھەقىقىي ئىشىنىش، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى توغرا تونۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشىمىز كېرەك.

## ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى

ئاللاھنىڭ 14 سۈپىتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتىسى «زاتى» سۈپەتلىرى، سەككىزى بولسا «سۇبۇتى» سۈپەتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

**زاتى سۈپەتلىرى:**

**1) ۋۇجۇد:** مەۋجۇت بولۇش. ئاللاھ بار، يوق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

**2) قىدەم:** ئاللاھنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى يوق. ئاللاھ كېيىن پەيدا بولغان بىر مەۋجۇدات ئەمەس، ھېچبىر نەرسە يوق چاغدىمۇ ئۇ بار ئىدى.

**3) بەقا:** ئاللاھنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاخىرى يوقتۇر. ھەممە نەرسە يوق بولغاندىن كېيىنمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقى ئوخشاشلا داۋاملىشىدۇ.

**4) ۋەھدانىيەت:** ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى بولۇپ، ئاللاھ بىر، تەڭدىشى، ئوخششى ۋە ھەمجىنسى يوقتۇر.

**5) مۇخالەفەتۇن لىل ـ ھەۋادىس:** كېيىن بارلىققا كەلگەن نەرسىلەرگە ئوخشىماسلىق. ئاللاھ ئۆزى ياراتقان ھېچ قانداق نەرسىگە ئوخشىمايدۇ.

**6). قىيام بىنەفسىھى:** ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۆزىدىن. ئاللاھ ھېچ قانداق نەرسىگە موھتاج ئەمەس، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

**سۇبۇتى سۈپەتلىرى:**

**1) ھايات:** تىرىك بولۇش. ئاللاھ داۋاملىق تىرىك (ھايات) تۇرىدۇ.

**2) ئىلىم:** بىلمەك. ئاللاھ ئۆتمۈشنى، كەلگۈسىنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

**3) سەمئ:** ئاڭلىماق. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

**4) باسار:** كۆرمەك. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

**5) ئىرادە:** خالىماق. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلالايدۇ.

**6) قۇدرەت:** كۈچى يەتمەك. ئاللاھ چەكسىز قۇدرەت ئىگىسىدۇر.

**7) كەلام:** سۆزلىمەك. ئاللاھ سۆز ئىگىسى. ئۇ سۆزىنى پەيغەمبەرلىرىگە ئاڭلاتقان. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

**8) تەكۋىن:** ياراتماق. ئاللاھ ياراتقۇچىدۇر. كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ياراتقان. بار بولۇشنى خالىغان بىر نەرسىگە «بول» دېسىلا دەرھال پەيدا بولىدۇ. بار بولغان بىر نەرسىنى خالىغان ۋاقىتتا يوق قىلىۋېتەلەيدۇ.

**مۇسۇلمانلار ئاللاھقا مۇنداق ئىشىنىدۇ:**

ئاللاھ مەۋجۇت ۋە بىر بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرى يوقتۇر. ئاللاھ ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى دەل ئۆزى، ھېچ قانداق نەرسىگە موھتاج ئەمەس، ھەممە مەۋجۇداتلار ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

ـ ئاللاھ ھەر دائىم تىرىكتۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ، ھەممە نەرسىنى ئاڭلايدۇ ۋە ھەممە نەرسىنى كۆرىدۇ.

ـ ئاللاھ خالايدۇ، خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىشىغا ھېچ كىم ئارىلىشالمايدۇ.

ـ ئاللاھ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ، ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدۇ.

ـ ئاللاھ ياراتقۇچىدۇر. خالىغىنىنى يوقتىن بار قىلالايدۇ، خالىغىنىنى بارلىقتىن يوق قىلالايدۇ. كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ يارىتىشىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، ياراتقان ھەممە نەرسىسىدە ھېكمەت بار.

- ئاللاھنىڭ سۆزى بار، پەيغەمبەرلەرگە سۆزىنى مەلۇم قىلغان، ئەمر-پەرمانلىرىنى بىلدۈرگەن. مۇقەددەس كىتاب قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

ئاللاھقا مۇشۇنداق توغرا ئىشەنگەن ئىنسان مەۋجۇداتلار ئىچىدە شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئېتىقاد ئىنساننىڭ قەلبىدىكى ھەر خىل يامان ئوي-پىكىرلەرنى تازىلاپ، ئۇنى گۈزەل ئوي-پىكىر ۋە ئېسىل مىجەز-خۇلق بىلەن زىننەتلەيدۇ.

ئۇ چاغدا ئىنسان ھېچكىم كۆرمىگەن يەردە بولسىمۇ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ماس كەلمىگەن ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بارلىق ياخشىلىقنىڭ مەنبەسىدۇر.

## ئاللاھ سۆيگۈسى

ئاللاھ بىزگە كۆرۈش ئۈچۈن كۆز، ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاق، سۆزلەش ئۈچۈن تىل، ھەر خىل ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن قول ۋە مېڭىش ئۈچۈن پۇتلارنى ئاتا قىلىپ، تېنىمىزنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن قوراللاندۇرۇپ، بىزنى مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن بىر مەرتىۋىدە ياراتقان.

ئاللاھ بىزنىڭ ساق-سالامەت بولۇپ، بەخت-سائادەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىمىز ئۈچۈن يەر يۈزىدە ھەر خىل نازۇ-نېمەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن، نەپەس ئالغان ھاۋادىن تارتىپ ئىچىۋاتقان سۈيىمىزگىچە بولغان بارلىق ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرغان. ئازراقلا ھاۋاسىز قالغان، نەپەس ئېلىپ چىقارمىغان ھەر قانداق بىر ئىنسان ياشىيالماي دەرھاللا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. بىز دائىم موھتاج بولغان بۇ نېمەتنى ئويلىساق، ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن:

**«ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر.»**[4] (سۈرە ئىبراھىمنىڭ 34-ئايىتى)

ئىنسان ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغاننى سۆيىدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئەڭ كۆپ سۆيىشىمىز كېرەك بولغان ئاللاھتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرى چەكسىزدۇر. بىزمۇ ئاللاھىمىزنى كۆپلەپ سۆيىشىمىز كېرەك. سۆيگۈ پەقەتلا ئېغىزدا بولسىلا بولمايدۇ. ئىنسان سۆيگەن كىشىسىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، سۆيگىنى ياخشى كۆرمىگەن ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئاللاھ سۆيگۈسى ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەش، بىزگە ئەمر قىلغان ئىبادەت ۋەزىپىلىرىنى سۆيگۈ بىلەن ئورۇنلاش ۋە چەكلىگەن نەرسىلىرىدىن يىراق تۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

ئەگەر ئاشۇنداق قىلىپ ئۇنى سۆيىدىغانلىقىمىزنى ھەقىقى ئىسپاتلىساق، ئاللاھمۇ بىزنى سۆيىدۇ ۋە دۇنيادىكى نېمەتلەردىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغىنىنى ئاخىرەتتە بېرىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم»، مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى.

بىر ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك بەخت ئاللاھ سۆيگەن كىشىلەردىن بولۇشتۇر.

**ئاللاھ**

يەر، ئاسماننى ياراتقان،
دەل ـ دەرەخ ئاتا قىلغان.
گۈل ـ چېچەكلەر ئاچتۇرغان،
بىر ئاللاھتۇر، بىر ئاللاھ!

ھەر جانلىقنى تويغۇزغان،
ھەر ئىنساننى ياشاتقان.
بۇ ۋەتەننى قوغدىغان،
بىر ئاللاھتۇر، بىر ئاللاھ.

ئاللاھ ھەر يەردە ھازىر،
نېمە قىلسام ئۇ كۆرۈر.
نېمە دېسەم ئۇ ئاڭلار،
باردۇر، بىردۇر، بۈيۈكتۈر.

مەن ئاللاھنى سۆيىمەن،
ھەر سۆزىنى ئاڭلايمەن.

ـ سەبرى جەمىل يالقۇت

**ئوقۇشلۇق:**

**ھەقىقىي ئىمان ئىگىسى بولغان بىر قىز...**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، سۈتچىلەرنىڭ سۈتكە سۇ قوشۇشىنى چەكلەپ، بۇ پەرمانىنى ھەممە يەرگە ئۇقتۇرغان ئىدى. شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن بىر كۈنى كېچىدە مەدىنىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ۋاقتىدا، ناھايىتى ھېرىپ كېتىپ، ئازراق دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىدۇ ـ دە ئۆينىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ئانا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ قالدى:

**ئانا:** قىزىم چاققان بول، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئاۋۇ سۈتلەرگە ئازراق سۇ قوشۇۋەت.

**قىز:** خەلىپىنىڭ سۈتكە سۇ قوشۇشنى چەكلىگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

**ئانا:** ئەلۋەتتە ئاڭلىدىم.

**قىز:** ئۇنداقتا خەلىپە چەكلىگەن ئىشنى قىلسام قانداق بولىدۇ؟

**ئانا:** ئورنۇڭدىن تۇرۇپ سۈتلەرگە دەرھال سۇ قوش، ئۆمەر سېنى كۆرۈپ قالامتى؟

**قىز:** ئۆمەرغۇ كۆرمەيدۇ، ئەمما رەببىمىز كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۆمەر كۆرىدىغان يەردە قىلمىغان بىر ئىشنى، ئۇ كۆرمەيدىغان يەردىمۇ قىلمايمەن. چۈنكى ئۆمەر كۆرمىگەن بىلەن ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئۆمەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتتى. كېيىن ياخشى دىنىي تەربىيە كۆرگەن، گۈزەل ئەخلاقلىق ئىگە ئۇ قىزنى كېيىنچە ئوغلى ئاسىم بىلەن ئۆيلەپ قويىدى.

مانا بۇ ئاللاھقا ئىشىنىشنىڭ ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە كۆرسەتكەن ئىجابى تەسىرى...

**سوئاللار:**

1) ئىنساننىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى نېمە؟
2) ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى قانچە؟
3) ئاللاھنىڭ زاتى سۈپەتلىرىنى ساناپ بېرىڭ.
4) ئاللاھنىڭ سۇبۇتى سۈپەتلىرىنى ساناپ بېرىڭ.
5) بىر مۇسۇلمان ئاللاھقا قانداق ئېتىقاد قىلىشى كېرەك؟

# پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش (ئىمان كەلتۈرۈش)

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- پەرىشتىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى
- چوڭ پەرىشتىلەرنىڭ ئىسمى ۋە ۋەزىپىلىرى
- پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشنىڭ پايدىلىرى

## پەرىشتىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

**ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن ئىككىنچىسى پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش.** پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان مەۋجۇدات بولۇپ، ئۇلار يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، ئەر ياكى ئاياللىقى يەنى جىنسىيىتى بولمايدۇ.

پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى تولۇق ئورۇنلايدۇ، ھېچقانداق گۇناھ سادىر قىلمايدۇ.

ئاللاھتائالا مەۋجۇداتلارنى ھەر خىل شەكىلدە ياراتقان. بۇلاردىن بەزىلىرى بىز كۆرەلەيدىغان، يەنە بەزىلىرى بىز كۆرەلمەيدىغان شەكىللەردە بولۇپ، ئىنسانلار بەزى مەۋجۇداتلارنى كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ كۆزى ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيدىغان ئىقتىداردا يارىتىلمىغان بولۇپ، كۆرۈش قابىلىيىتى چەكلىكتۇر.

مەسىلەن: ئىنتايىن كىچىك بولغان جىسىمنى كۆرەلمىگەنەدەك، ھاۋانى، شامالنى، روھىمىزنى ۋە ئەقلىمىزنىمۇ كۆرەلمەيمىز. سىمدىن ئۆتكەن ئېلېكتر ئېقىمىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمىگەن بۇ نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇڭا پەرىشتىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، پەقەت بىز كۆرەلمەيمىز، خالاس.

سۆيۈملۈك پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان بىر مەۋجۇدات بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز. لېكىن پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئىشىنىمىز. چۈنكى پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاللاھتائالا قۇرئاندا بايان قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ پەرىشتىلەرنى كۆرگەن ۋە بۇ ھەقتە بىزنى خەۋەردار قىلغان. ئاللاھتائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەممىسى بەرھەق، راستتۇر. شۇ سەۋەبتىن بىز پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىمان ئېيتىمىز.

## چوڭ پەرىشتىلەرنىڭ ئىسمى ۋە ۋەزىپىلىرى

**پەرىشتىلەر:** يەردە، ئاسماندا، ئەتراپىمىزدا ۋە ھەر يەردە مەۋجۇت بولۇپ، سانىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئاللاھ بۇيرۇغان ۋەزىپىلىرى بار.

بەزىسى دائىم ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، بەزىلىرى بولسا كائىناتنىڭ تەرتىپ-تۈزۈمىنى ساقلاش ۋەزىپىسىگە قويۇلغان. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ. ئىنسانلارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىپ، يامانلىقتىن قوغدايدىغان، قىيىنچىلىقتا

قالغان مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرىشتىلەرمۇ بار. ئاللاھتائالا پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق چەكسىز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ.

**چوڭ پەرىشتىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى**

**1) جىبرائىل:** پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. جىبرائىلنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا ئەلچىلىك قىلىش، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىنى پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزۈش. كىتابىمىز قۇرئان كەرىمنى ئاللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگۈچىمۇ پەرىشتە جىبرائىلدۇر.

**2) مىكائىل:** تەبىئەت ھادىسلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى بار. (يامغۇر يېغىش، شامال چىقىش، زىرائەتلەرنىڭ بىخلىنىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش)

**3) ئىسرافىل:** قىيامەتنى قەيىۇم قىلىش (يەنى زامان ئاخىرىنى پەيدا قىلىش) ۋە ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ئىشلارغا مەسئۇل.

**4) ئەزرائىل:** ھاياتى ئاخىرلاشقان ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئېلىش ۋەزىپىسى بار.

بۇ تۆت چوڭ پەرىشتىدىن باشقا بەزى پەرىشتىلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

**كىرامەن كاتىبىن:** بۇلار ئىككى پەرىشتە بولۇپ، بىرى ئىنسانلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يەنە بىرى سول تەرىپىدە بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكى پەرىشتە ئىنساننىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى، سول تەرىپىدىكى بولسا يامان ئىشلىرىنى يازىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئىنسانغا ئائىت بولغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلار خاتىرلەنگەن «ئەمەل دەپتىرى» بارلىققا كېلىدۇ.

**مۇنكىر ۋە نەكىر:** بۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى سوئال-سوراق قىلىش ۋەزىپىسى بار.

**رىزۋان:** جەننەتتىكى پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى.

**مالىك:** جەھەننەمدىكى پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى.

**پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشنىڭ پايدىسى**

ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا بىز بىلەن بىللە بولغان، بىزدىن ھېچ ۋاقىت ئايرىلمايدىغان پەرىشتىلەرمۇ بار. «كىرامەن كاتىبىن» نامىدىكى بۇ پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى شۇكى، ئۇلار قىلغان ياخشىلىقىمىز ۋە يامانلىقىمىزنى يازىدۇ. دېمەك، ئىنسان يالغۇز قالغان چېغىدىمۇ يالغۇز ئەمەس بولۇپ، ئۆزىنى دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغان ۋە قىلغان-ئەتكەنلىرىنى يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرمۇ بار.

پەرىشتىلەرگە ئىشەنگەن بىر مۇسۇلمان مەخپى يەرلەردە «مېنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ، خالىغىنىمنى قىلىمەن» دېمەيدۇ، يامانلىق قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەدە بولسا بولسۇن، پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى يېزىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا پەرىشتىلەرگە كەلتۈرگەن ئىمانىمىز بىزنى يامانلىق قىلىشتىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەيدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە بىزنى يامانلىقلاردىن ساقلاپ، ياخشىلىق قىلىشقا باشلايدىغان پەرىشتىلەرمۇ بار. دۇنيادا ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ئۈلگىسى پەرىشتە، ئەسكىلىك ۋە يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولسا شەيتان. پەرىشتە ئىنساننى ياخشىلىققا، شەيتان بولسا يامانلىققا دەۋەت قىلىدۇ.

مەسىلەن: قورسىقى ئاچ ۋە ياردەمگە موھتاج بولغان بىر كەمبەغەل بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا، ئىچىمىزدە بىر ھېسداشلىق تۇيغۇسى جۇش ئۇرۇپ، يوشۇرۇن بىر ئاۋاز بىزگە: «پېقىر-پۇقراغا ياردەم قىل» دەپ نىدا قىلىدۇ. بۇ پەرىشتىنىڭ ئاۋازى. بۇ ۋاقىتتا، ئىچىمىزدە يەنە باشقا بىر ئاۋاز: «ياردەم قىلساڭ پۇلۇڭ ئازلايدۇ، ياردەم قىلىشتىن ۋاز كەچ» دەپ پىچىرلاپ، بىزنى يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشتىن ۋاز كەچكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. مانا بۇ پىچىرلىغان ئىبلىس شەيتاننىڭ ئاۋازى.

بۇ ئەھۋالدا، بىز پېقىر-پۇقراغا ياردەم قىلىشقا چاقىرغان ئاۋازغا ئەگىشىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ئاۋاز ياخشىلىقنى سۆيگەن ۋە بىزنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندىگەن دوستىنىڭ ئاۋازى. ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىزنى ياخشى ئىش قىلدۇرۇپ، ساۋابقا ئىگە بولۇشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. شەيتاننىڭ ئاۋازىغا ئەگىشىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇ بىزنى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىپ، گۇناھ سادىر قىلغۇزۇش ئۈچۈن ئالداشقا تىرىشىدۇ.

شۇلاردىن مەلۇمكى، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش يامانلىقلاردىن خالى قىلىپ، ئەخلاقىمىزنى گۈزەللەشتۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«شەيتان ۋە پەرىشتە ئىنساننىڭ قەلبىگە بەزى نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شەيتاننىڭ ئىشى يامانلىققا چاقىرىش، ھەقتىن يىراقلاشتۇرۇش. پەرىشتىنىڭ ئىشى بولسا، ھەققە، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ۋە يامانلىقتىن يىراق قىلىش. كىمكى ئىچىدىن ياخشىلىققا دەۋەت قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلىسا، شۇنى بىلسۇنكى ئۇ پەرىشتىنىڭ ئاۋازى. دەرھال ئۇنىڭغا ئەگەشسۇن ۋە ئاللاھقا رەھمەت ئېيتسۇن. كىمكى ئىچىدىن يامانلىققا چاقىرغان بىر ئاۋازنى ھېس قىلسا، شۇنى بىلسۇنكى ئۇ شەيتاننىڭ ئاۋازىدۇر. ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ، ئاللاھقا سېغىنىپ ياردەم تىلىسۇن.»[5] (تىرمىزى)

**سوئاللار:**

1) پەرىشتىلەر قانداق بىر مەخلۇقتۇر؟
2) پەرىشتىلەرنى نېمە ئۈچۈن كۆرەلمەيمىز؟
3) چوڭ پەرىشتىلەرنىڭ ئىسىم ۋە ۋەزىپىلىرى قايسىلار؟
4) پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشنىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

---

5. «تىرمىزى».

بەشنچى
باب

# كىتابلارغا ئىشىنىش

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ۋەھيىنىڭ ماھىيىتى
- ۋەھيىنىڭ تۈرلىرى
- ئىلاھىي كىتابلار ۋە ۋاراقلار (سۇھۇفلار)
- قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى
- قۇرئان كەرىمنىڭ يېزىلىشى ۋە مۇسهاف (كىتاب) ھالىتىگە كەلتۈرۈلىشى
- قۇرئان كەرىمنىڭ ئالاھىدىلىگى
- قۇرئان كەرىمگە قارىتا مەسئۇلىيىتىمىز
- قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك سۆزلىرى (ئوقۇشلۇق)

**ۋەھيىنىڭ ماھىيىتى**

**ۋەھيىنىڭ سۆز مەنىسى:** بىر نەرسىنى مەخپى ۋە تېزدىن بىلدۈرۈش.

**ۋەھيىنىڭ دىنىي مەنىسى:** ئاللاھ تەرىپىدىن بىۋاستە ياكى ئەلچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبەرلەرگە بىلدۈرۈلگەن ۋە جەزىملەشتۈرۈلگەن ئۇچۇر(خەۋەر).

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن ئۆزى خالاپ تاللىغان كىشىلەرگە، خالىغان نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشى ئالاھىدە بىر يوللار بىلەن بولغان. ئاللاھ تۈرلۈك ۋەھيي يولى بىلەن سۆزىنى پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزگەن.

**ۋەھيىنىڭ تۈرلىرى**

1- **ھەقىقىي چۈش بىلەن كەلگەن ۋەھيي:** ئاللاھ خالىغان ئۇچۇرلارنى توغرا بىر چۈش بىلەن پەيغەمبەرلىرىگە بىلدۈرگەن. پەيغەمبىرىمىزگە كەلگەن تۇنجى ۋەھيىمۇ شۇنداق باشلانغان بولۇپ، چۈشىدە كۆرگەنلىرى ئوخشاش ھالدا رېئاللىقتا كۆرۈنگەن.

2- **ئىلھام يولى بىلەن كەلگەن ۋەھيي:** ئاللاھنىڭ خالىغان نەرسىلەرنى ۋاستىسىز ھالدا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇشى.

3- **پەردە ئارقىسىدىن كەلگەن ۋەھيي:** ئارىلىقتا ۋاستە يوق ھالدا، خىتاب قىلغۇچى كۆرۈنمەي ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئاڭلىنىش.

4- **بىر ئەلچى (پەرىشتە) ۋاستىسى بىلەن كەلگەن ۋەھيي:** ئاللاھتائالا سۆزىنى پەرىشتە ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبەرلىرىگە يەتكۈزگەن.

ئاللاھنىڭ سۆزىنى پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزگەن پەرىشتە بەزىدە ئۆز شەكلىدە كېلەتتى. بەزىدە بىر ئىنسان شەكلىدە كېلەتتى، ئۇ يەردىكىلەر پەرىشتىنى كۆرەتتى ۋە ئاۋازىنى

ئاگلايتى. بەزى ۋاقىتلاردا پەرىشتىلەر كېلىپ ۋەھيىنى پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزەتتى، ئەمما ئۆزى كۆرۈنمەيتتى.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنىڭ تۈتىنچى تۈرى بولغان/ ئەلچى پەرىشتە ۋاستىسى بىلەن نازىل بولغان. قۇرئاننى ئاللاھتىن ئېلىپ پەيغەمبىرىمىزگە ئەكەلگەن بۇ ئەلچى پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان جىبرائىلدۇر.

### ئىلاھىي كىتاب ۋە ۋاراقلار (سۇھۇفلار)

**ئىماننىڭ ئالتە شەرتىدىن ئۈچىنچىسى ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش.** ئاللاھتائالا بەندىلىرىگە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىتابلار ئەۋەتكەن. بۇ كىتابلاردا ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى ۋە چەكلىمىلىرى بىلدۈرۈلگەن، بەندىلىرىنىڭ قىلىشى كېرەك بولغان ۋەزىپىلىرى ئۆگىتىلگەن، دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرى كۆرسىتىلگەن.

بىز مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىمىز. ئەمما، قۇرئان كەرىمدىن باشقا ئىلاھىي كىتابلارنىڭ كېيىن بۇزۇلۇپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنىمۇ بىلىمىز. بۇ سەۋەبتىن، بىز ئۇلارنىڭ ھازىرقى بۇزۇلغان شەكلىگە ئەمەس، پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلگەن چاغدىكى بۇزۇلمىغان، ساغلام شەكلىگە ئىشىنىمىز. قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان پېتى مۇستەھكەم قوغدالغان ۋە ھېچقانداق بىر ئۆزگەرتىشكە ئۇچرىمىغان.

ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلگەن كىتابلارنىڭ بەزىلىرى بىرقانچە ۋاراقتىنلا تەشكىل قىلغان كىچىك كىتابلاردۇر. بۇلار بەت مەنىسىدە كەلگەن سۆز بىلەن «سۇھۇف» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسى «تۆت چوڭ كىتاب» دېيىلىدۇ.

**ۋاراقلار (سۇھۇفلار) تۆۋەندىكى پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلگەن:**

1) ئادەم ئەلەيھىسسالامغا، 10 بەت (ۋاراق).
2) شىت ئەلەيھىسسالامغا، 50 بەت.
3) ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا، 30 بەت.
4) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، 10 بەت.

بۇلار جەمئىي 100 بەتتۇر.

**تۆت چوڭ كىتاب:**

1) تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن.
2) زەبۇر داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن.
3) ئىنجىل ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن.
4) قۇرئان كەرىم بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن.

### قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلىشتىن بۇرۇن بىر مەزگىل مەككە ئەتراپىدىكى ھىرا غارىغا كىرىپ، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

610 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ بىر دۈشەنبە كۈنى كېچىسى يەنە ھىرا تېغىدىكى غارغا كىردى، چىن كۆڭلىدىن پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا سىغىندى. دەل شۇ ۋاقىتتا پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ «ئوقۇ!» دېدى ۋە بۇ بۇيرۇقنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز «نېمىنى ئوقۇيمەن» دېيىشىگىلا، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىن بەش ئايەتنى تەبلىغ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇنجى ۋەھيى كېلىپ، قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى.

### شېئىر

«ھەقنىڭ ئەڭ پارلاق نۇرى نامايەن بولدى،
تۇغدى قۇرئان قۇياشى، بوش ۋاقىتلار تۈگىدى.»

تۇنجى ۋەھيى كەلگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبىرىمىز 40 ياشتا ئىدى. تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەت قۇرئان 96 ـ سۈرە ئەلەقنىڭ بېشىدا يەر ئالغان بەش ئايەتتۇر. بۇ بەش ئايەتنىڭ مەنىسى:

**1) «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن.»**
**2) «ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى.»**
**3) «ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر.»**
**4) «ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى.»**
**5) «ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»**[6]

قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى بىلەن بىللە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولغانلىقى بىلدۈرۈلدى. قۇرئان بەزى ئايەت شەكلىدە، بەزىدە سۈرە شەكلىدە پارچە ـ پارچە نازىل بولۇپ، 23 يىلدا تاماملاندى. ئايەتلەر كۆپ ۋاقىتلاردا، بىر سوئال ياكى بىر ۋەقە ھەققىدە نازىل بولدى. ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان سوئال ۋە ۋەقەلەر «سەبەبى نۇزۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايىتى بەقەرە سۈرىسىنىڭ 281 ـ ئايىتى بولۇپ، مەنىسى:

**« سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ**

6. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

**يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ) ».[7]**

### قۇرئاننىڭ يېزىلىشى ۋە مۇسھاف ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈشى

قۇرئان نازىل بولغان ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي كاتىبلىرىنى چاقىرىپ، ئايەتلەرنىڭ قايسى سۈرىنىڭ قايسى بۆلىكىگە يېزىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ۋەھيي كاتىبلىرى كۆرسىتىلگەندەك يازاتتى. نازىل بولغان ئايەتلەرنى ساھابىلەر ئوقۇيتتى ۋە كۆپىنچىسى يادلىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ھەم يېزىلىپ ھەم يادقا ئېلىنىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدىلا مۇھاپىزەت قىلىندى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھايات ۋاقتىدا، ئايەت نازىل بولۇشقا داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم يېزىلغان ۋاراقلار مۇسھاف ھالىتىگە كەلتۈرۈلمىگەن ئىدى. قۇرئان كەرىم ۋەھيىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن تاماملاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، خەلىپە بولغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۈيرۇقى ساھابىلەردىن بىر گۇرۇپپا كىشىنى تەشكىللىدى. بۇ گۇرۇپپا ئايرىم-ئايرىم سۈرە ھالىتىدە يېزىلغان قۇرئان ۋاراقلىرىنى توپلاپ، قارىلار يادلىغان قۇرئان بىلەن سېلىشتۇرۇپ يېزىپ مۇسھاف ھالىتىگە كەلتۈردى.

قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ بىر يەرگە توپلىنىپ، كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن شەكلى «مۇسھاف» دېيىلىدۇ.

ئۇلار بۇ ئىشلارنى قىلغاندا پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن تەرتىپ بويىچە سۈرىلەر رەتكە تىزىلدى. توپلىنىپ مۇسھاف ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن بۇ قۇرئان خەلىپە ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىدا مۇھاپىزەت قىلىندى.

كېيىن ئىسلامنىڭ تېخىمۇ كەڭرى تارقىلىشى ئۈچۈن ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى كۆپەيتىپ ئوخشىمىغان يەرلەرگە ئەۋەتتى.

بۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىم ئاللاھتىن پەيغەمبىرىمىزگە نازىل بولغىنىدەك ئۆز پېتى مۇھاپىزەت قىلىندى ۋە ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەي كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. ئاللاھ خالىسا قىيامەتكىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. بۈگۈن قولىمىزدا بار بولغان قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ۋاقتىدا يېزىلىپ، يادلانغان، ئەبۇبەكرى زامانىدا مۇسھاف ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا كۆپەيتىلگەن قۇرئاندۇر.

### قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھدىنلىكى

ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ بۈيۈك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلاھىي كىتابى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى باشقا

7. يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

ئىلاھىي كىتابلاردىن پەرىقلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى ئۈستۈن قىلغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر بار.

**بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى:**

1) قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىزگە نازىل بولغىنى بويىچە ھېچ ئۆزگەرتىلمەي بىزگىچە يېتىپ كەلدى، قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ.

باشقا ئىلاھىي كىتابلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي يوقالدى، بەزىلىرى ئۆزگەرتىلىپ ئاللاھتىن نازىل بولغان چېغىدەك شۇ پېتى مۇھاپىزەت قىلىنمىدى.

ئاللاھتائالا قۇرئاننى قوغدايدىغانلىقىنى بۇ ئايەت بىلەن ۋەدە قىلدى:

**«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.»**[8] (15-سۈرە ھىجرنىڭ 9-ئايىتى)

ھەقىقەتەن ئىلاھىي كىتاۋىمىز بولغان قۇرئاننى ئاللاھتائالا ھازىرغىچە قوغدىدى ۋە قىيامەتكىچىمۇ قوغدايدۇ.

2) قۇرئان بىراقلا توپلام شەكلىدە ئەمەس، زامان، ۋەقەلەرگە ئاساسەن، ئايەت ۋە سۈرىلەر ھالىتىدە ئاز-ئازدىن نازىل بولدى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ يادلاشقا ئاسان ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

3) قۇرئان ئاخىرقى ئىلاھىي كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىر كىتاب نازىل بولمايدۇ. قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرى قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولۇپ، ھېچ ئۆزگەرمەيدۇ. باشقا كىتابلار بەلگىلىك بىر ۋاقىت چەكلىمىسى ئىچىدە ئەۋەتىلگەن.

4) قۇرئان پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن كىتاب بولۇپ، بارلىق دەۋرلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان ھەقىقەت ۋە ھېكمەتلەر بىلەن تولغان. ھالبۇكى، باشقا ئىلاھىي كىتابلار بەلگىلىك مىللەتلەرگىلا ئەۋەتىلگەن.

5) قۇرئان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە دائىملىق مۆجىزىسى. ئۇنىڭ سۆزلىرى، مەنىسى ۋە ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ ھەقىقىتى تەڭداشسىز بىر مۆجىزىدۇر.

### قۇرئانغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز

1) ھەر قانداق مۇسۇلمان قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىشى، تەجۋىد ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن ھالدا قۇرئاننى توغرا ئوقۇشى لازىم.

2) قۇرئان كەرىمنى تاھارەت بىلەن قولىغا ئېلىپ «ئەئۇزۇ، بىسمىللاھ» بىلەن ئوقۇش كېرەك. قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغاندا، ئىمكان بار قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىش ۋە ئەڭ يۇقىرى ئەدەپ ۋە ھۆرمەتتە بولۇش، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىش كېرەك.

3) قۇرئاننى پاكىز يەرلەردە ئوقۇش، باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان، قۇرئاننى ئاڭلىمايدىغان كىشىلەرنىڭ يېنىدا ۋە پاسكىنا يەرلەردە ئوقۇماسلىق كېرەك.

4) باشقىلار ئوقۇغان قۇرئاننى ھۆرمەت بىلەن ئاڭلاش كېرەك.

8. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

5) قۇرئاننى ئېگىز، پاكىز يەرلەردە قويۇش، قالايمىقان يەرلەرگە قويماسلىق كېرەك.
6) قۇرئاننىڭ قىل دېگىننى قىلىش، قىلما دېگەنلىرىدىن ساقلىنىش، ئۇنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىگە رىئايە قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

**ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم**

ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم،
ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم.
سېنى ئاللاھ يېنىدىن،
ئەكەلدى پەيغەمبىرىم.

دۇنيانىڭ چىرىغىسەن،
روھنىڭ ئايدىڭىسەن.
سەن قىيامەت كۈنىدە،
ئىماننىڭ قالقىنىسەن.

ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم،
ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم.
سېنى ھەممە نەرسىدىن،
ئۈستۈن بىلىپ سۆيىمەن.

-گۆكخان ئەۋلىيائوغلى

**ئوقۇشلۇق:**
**قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك سۆزلىرى**

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكىنىڭلاردۇر.»

«كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر ساۋاب بار. ھەر بىر ساۋابنىڭ مۇكاپاتى ئون ھەسسىدۇر.»

«كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن بىر ئايەت ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ. كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت ئوقۇسا، ئۇ قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە نۇر بولىدۇ.»

«قۇرئان ئوقۇڭلار. چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنىدە ئوقۇغانلارغا شاپائەت قىلىدۇ.»

«كىمكى قۇرئان ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا شۇنداق بىر تاج كەيگۈزۈلىدىكى، ئۇنىڭ نۇرى يەر يۈزىدە ئۆيلەرنى يورۇتقان قۇياش نۇرىدىنمۇ پارلاق بولىدۇ. ئەمدى سىز ئەمەل قىلىشنىڭ ساۋابىنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەرگە مۇنداق دېگەن: «ئەتىگىنى ئۆيدىن چىقىپ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت ئۆگىنىشىڭ، سېنىڭ ئۈچۈن يۈز رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇغاندىنمۇ ياخشى.»

«كىمكى قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۇنى يادلىسا، ھالالنى ھالال، ھارامنى ھارام دەپ بىلسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەتلىك قىلىدۇ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى جەھەننەمگە كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئون كىشىگە شاپائەتچى بولالايدۇ.»[9]

**سوئاللار:**

1) ۋەھيي دېگەن نېمە؟
2) ۋەھيىنىڭ تۈرلىرىنى چۈشەندۈرۈڭ
3) پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيىنىڭ كېلىش يوللىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ
4) قۇرئان ۋەھيىنىڭ قايسى تۈرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتىلگەن؟
5) ئىلاھيي كىتاب ۋە ۋاراقلار قايسى پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلگەن؟
6) قۇرئان قانداق نازىل بولغان؟ تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەر قايسىلار؟
7) قۇرئاننىڭ يېزىلىش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
8) مۇسھاف دېگەن نېمە؟
9) قۇرئاننىڭ ئالاھىدىلىگى قايسىلار؟
10) قۇرئانغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز نېمە؟
11) قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بەش ھەدىس يادلاڭ.

9. «ئەت-تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 2-جىلد، 342-بەت.

# ئالتىنچى باب

# پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- پەيغەمبەرلىك ۋە پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياج
- پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە سۈپەتلىرى
- قۇرئان كەرىمدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر
- پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىنلاردا ئورتاق بولغان پرىنسىپلار
- مۆجىزە ۋە كارامەت دېگەن نېمە؟
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزىلىرى
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇشى
- پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە ئۇلار نېمە دىدى؟... (ئوقۇشلۇق)

---

### پەيغەمبەرلىك ۋە پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياج

**ئىماننىڭ ئالتە شەرتىدىن تۆتىنچىسى پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش.** پەيغەمبەرلىك ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بولۇپ، ئاللاھ بۇ ۋەزىپىگە لايىق بولغان ئەڭ ياخشى بەندىلىرىنى تاللايدۇ. پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بۇنداق بىر يول كۆرسەتكۈچىگە ئېھتىياجى بار.

ئىنسانلار ئۆز ئەقلى بىلەن ئاللاھنىڭ بارلىقىنى بىلەلىسىمۇ، ئۇنىڭ مۇقەددەس سۈپەتلىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىشنى، ئاخىرەت ھاياتىنى، ئۇ يەردە كىملەرگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى، كىملەرنىڭ جازالىنىدىغانلىقى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە قانداق ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ.

شۇڭا بۇ ھەقىقەتنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاللاھتائالا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن.

### پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە سۈپەتلىرى

پەيغەمبەرلەر ئەڭ توغرا بىر ئۇسۇلدا ئىنسانلارغا ئاللاھنى تونۇتۇپ، ئېتىقاد ئاساسلىرى ۋە ئىبادەت ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتكەن. دىنىي ھۆكۈم ۋە گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرگەن، ئۆزلىرىمۇ دېگەنلىرىنى قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان.

پەيغەمبەرلەر ئەڭ قىيىن ۋاقىتلاردىمۇ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلاپ، ئىشەنمىگەنلەرگە پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەر قانداق بىر نورمال كىشىنىڭ قىلالىشى مۇمكىن بولمىغان ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ مۆجىزىلەر كۆرسەتكەن. ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنلىغانلارغا جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بېرىپ، ئادا قىلمىغانلارنىڭ جەھەننەم ئازابى بىلەن جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

پەيغەمبەرلەر ئاللاھ ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىغان، گۈزەل ئەخلاقلىق ئىگە ئۇلۇغ كىشىلەردۇر.

**پەيغەمبەرلەردە بولۇشى كېرەك بولغان سۈپەتلەر:**

1) **سىدىق:** توغرا بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەرلەر ئەڭ توغرا، دۇرۇس كىشىلەردۇر. ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. بولىدۇ دېگەنلىرى، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە چوقۇم بولىدۇ.

2) **ئامانەت:** ئىشەنچلىك بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەرلەر ھەر قانداق ئىشتا سەممىي ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلمايدۇ.

3) **فەتانەت:** ئەقىللىق ۋە ئۆتكۈر بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەرلەر ئەقىللىق، ئۆتكۈر ۋە ناھايىتى پاراسەتلىكتۇر.

4) **ئىسمەت:** گۇناھ سادىر قىلمايدىغان دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەرلەر، مەيلى يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق-ئاشكارا بولسۇن، ھېچ قانداق گۇناھ سادىر قىلمايدۇ.

5) **تەبلىغ:** يەتكۈزۈش دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن ئالغان دىنىي ھۆكۈملەرنى ئەسلى ھالىتى بويىچە ئۆزگەرتمىگەن ھالدا ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ.

**قۇرئان كەرىمدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر:**

تۇنجى پەيغەمبەر ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇ ئىككى پەيغەمبەر ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر كەلگەن. ئۇ پەيغەمبەرلەردىن يىگىرمە بەشىنىڭ ئىسمى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان. لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ. بىز قۇرئاندا نامى ئاتالغان پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرلىكتە، سانىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدىغان، باشقا پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئىشىنىمىز.

قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

1-ئادەم ئەلەيھىسسالام، 2-ئىدرىس ئەلەيھىسسالام، 3-نۇھ ئەلەيھىسسالام، 4-ھۇد ئەلەيھىسسالام، 5-سالىھ ئەلەيھىسسالام، 6-لۇت ئەلەيھىسسالام، 7-ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، 8-ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، 9-ئىسھاق ئەلەيھىسسالام، 10-ياقۇب ئەلەيھىسسالام، 11-يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، 12-شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، 13-ھارۇن ئەلەيھىسسالام، 14-مۇسا ئەلەيھىسسالام، 15-داۋۇد ئەلەيھىسسالام، 16-سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، 17-ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، 18-زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام، 19-يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، 20-ئىلياس ئەلەيھىسسالام، 21-ئەليەسا ئەلەيھىسسالام، 22-زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام، 23-يەھيا ئەلەيھىسسالام، 24-ئىسا ئەلەيھىسسالام، 25-مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

### پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىنلاردا ئوخشاش بولغان پرىنسىپلار

ئاللاھنىڭ ھەر پەيغەمبەرگە بىلدۈرگەن دىنى ھەقتۇر. ھەق بولغان دىنلاردا، ئۆزگەرمىگەن بەزى ئاساسلار بار بولۇپ، بۇلار:

1) ئىماننىڭ ئاساسلىرى،

2) ئىبادەتلەر،

3) ئەخلاق-پەزىلەت ئۆلچىمى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بەزى دىنىي ھۆكۈم ۋە ئىبادەت ئۇسۇللىرى ئۆزگىرىپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن دىن ئاخىرقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ھالەتكە كەلدى.

### مۆجىزە ۋە كارامەت دېگەن نېمە؟

**مۆجىزە:** پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەر بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كۆرسەتكەن ئاجايىپ ئىشلاردۇر. مۆجىزە پەيغەمبەرلىكنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسىغا ماس ھالدا مەيدانغا كېلىدۇ. باشقا ئىنسانلار بۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنى قىلالمايدۇ، مۆجىزە كۆرستەلمەيدۇ، چۈنكى بۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدۇ.

مۆجىزە كۆرستىش پەيغەمبەرلەرگىلا خاس بولۇپ، ئاللاھنىڭ رۇخستى ۋە قۇدرىتى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.

يالغان پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەر بولغانلىقىنىڭ ئىلاھىي بەلگىسى قىلىپ، مۆجىزىلەر كۆرستىپ، پەيغەمبەرلىككە ئىشەنمىگەنلەرنى ئاجىز قالدۇرۇپ، ھەيران قالدۇرغان.

**كارامەت:** ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن سادىق بەندىلىرى تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ ئىشلار بولۇپ، بۇنداق ئاجايىپ ئىشلار ئاللاھنىڭ سادىق بەندىسى ئۈچۈن كارامەت، پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن بولسا مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

### پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزىلىرى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن نۇرغۇن مۆجىزە كۆرسەتكەن.

ئۇلاردىن بەزىلىرى:

1) بىر كۈنى ناماز دېگەرگە ئاز قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ تاپالمىغان ئىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزگە ئىچىدە سۇ بار بىر قاچا ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى قاچىدىكى سۇغا تىقىشىغىلا، بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ چىقىشقا باشلىدى. سۇ ئۇ يەردە بولغان ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق جامائەتنىڭ تاھارەت ئېلىشىغا يەتكۈچە چىقىشنى داۋاملاشتۇردى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى مەلۇم مەسجىدتە بىر خورما دەرىخى ياغىچىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جامائەتكە خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار كۆپەيگەندىن كېيىن

پەيغەمبىرىمىز تېخىمۇ ئېگىز يەردە خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن ئۈچ پەشتاقلىق بىر مۇنبەر ياساتتى. بىر جۈمە كۈنى خۇتبىنى بۇ مۇنبەردىن ئوقۇشقا باشلىغاندا، مەسجىدنىڭ ئۇدۇلىدىكى خورما كۆتىكى پەيغەمبەردىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بالىسىدىن ئايرىلغان تۆگىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا ئوخشاش ئېڭراشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبىرىمىز مۇنبەردىن چۈشۈپ كۆتەكنى قۇچاقلاپ سىلىدى، شۇ زامانلا كۆتەكنىڭ ئېڭرىشى توختىدى.

3) پەيغەمبىرىمىز ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن بىر كېچىسى بۇراق دەپ ئاتالغان دۇلدۇلغا مىنىپ، مەككىدىكى ھەرەم مەسجىدىدىن قۇددۇستىكى ئەقسا مەسجىدىگىچە ئېلىپ بېرىلىپ، جىبرائىل بىلەن بىللە ئاسمانغا چىقتى. ئاللاھنىڭ دەۋىتى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغان بۇ سەپىرى، كائىناتتا تەڭدىشى بولمىغان بىر ۋەقە بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدىلا بولۇپ ئۆتتى. ئاللاھنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ ۋەقە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئىسرا ۋە مىراج» مۆجىزىسىدۇر.

4) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋە دائىملىق مۆجىزىسى قۇرئان كەرىم بولۇپ، روھلارنى خوش قىلىپ، كۆڭۈللەرگە ھوزۇر ئاتا قىلىدىغان ئوقۇلۇشى، سان ـ ساناقسىز ھېكمەتلەرگە تولغان چوڭقۇر مەنىسى، ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئۆچمەس پرىنسىپلىرى ۋە پۈتكۈل دۇنياغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغان ئىلمىي ھەقىقەتلىرى بىلەن تەڭداشسىز بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

### پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«سېنى بىز پەقەت پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.»**[10] (34 ـ سۈرە سەبەنىڭ 28 ـ ئايىتى).

**[«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن.»]**[11] (7 ـ سۈرە ئەئرافنىڭ 158 ـ ئايىتى)

بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھېچبىر ئايرىمچىلىق قىلماي، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىمىز. ئەمما بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەر ئىچىدە يۇقىرى مەرتىۋىسى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار.

10. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
11. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكى:**

1) پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى، يارىتىلغانلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكىدۇر.

2) ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.

3) ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر پەقەت بەلگىلىك مىللەتلەرگىلا ئەۋەتىلىش بىلەن چەكلەنگەن.

4) ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى قىيامەتكىچە بولغان ھەممە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، پەقەت بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىلا بولغان.

5) پەيغەمبىرىمىز تەبلىغ قىلغان ئىسلام قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇشى**

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«مۇھەممەد (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ).»**[12] (33 ـ سۈرە ئەھزابنىڭ 40 ـ ئايىتى)

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئۇ تەبلىغ قىلغان ئىسلام ئەڭ ئاخىرقى دىندۇر. ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئان بولسا پۈتكۈل دۇنياغا خىتاپ قىلىدىغان ئاللاھنىڭ ئاخىرقى كىتابىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن پەيغەمبەرلىك ئىشىگى تاقالدى. ئۇ يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ پەيغەمبىرى بولۇپ، ئۇ ھەققەت قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بىلدۈرۈلگەن.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر مۇئەييەن قەۋملەرگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇلار پەقەت بىر ئۆيىنىلا يورۇتقان شامغا ئوخشايتتى. پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا، دۇنيانى يورۇتقان قۇياشقا ئوخشايدۇ. قۇياش چىققاندىن كېيىن شامغا ئېھتىياج قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**قىسقا دۇئا**

يېتەكلە بىزنى ئەي ئاللاھ،
نۇرى ئۆچمەس يولۇڭدىن.
ھېچ ئايرىما بىزنى سەن،
سۆيۈملۈك رەسۇلىڭدىن.

12. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

بىلىمىزكى نېمىتىڭ،
كەم قالماس ھېچ بەندەڭدىن...
بىچارە ۋە ئاجىزنىڭ،
باشپاناھى سەن ئۆزۈڭ....

مەھرۇم قالماس تەۋبىسى،
لۇتفىڭدىن، قوبۇلىڭدىن...
يېتەكلە بىزنى ئەي ئاللاھ،
رەسۇلۇللاھ يولىدىن....

- ئې. ئالى سىپاھى

**ئوقۇشلۇق**

**ئۇلار پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە نېمە دەيدۇ...**

«ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخس مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام»

مىكائىل خ. خارت (Michael H. Hart) ئىسىملىك ئامېرىكىلىق ئالىم «ئىنسانلار تارىخىدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان 100 كىشى» ناملىق تارىخي تەتقىقاتىدا، تارىختا ۋە كۈنىمىزدە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان 100 كىشى ئارىسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخس ئىكەنلىكىنى يازدى.

ئامېرىكىلىق ئالىمنىڭ يازغان بۇ كىتابى 1978-يىلى 10-ئايدا نەشىردىن چىقىپ، ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. كىتابنىڭ يازغۇچىسى پروفېسسور، دوكتور مىكائىل خ. خارت ئەسىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شەخس ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئىسپاتلىدى:

«دۇنيادا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان شەخسلەرنىڭ تىزىملىكىنىڭ بېشىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاللىشىم بەزى ئوقۇرمەنلەرنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. بەزىلىرىنىڭ سوئال سورىشىغا يول ئېچىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تارىختا دىنىي ۋە دۇنياۋىي جەھەتتىن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىرلا كىشىدۇر.» (دىيانەت گېزىتى، 1979-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى 205-سان)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە يۈكسەك ھۆرمەتتە بولغان گېرمانىيە دۆلەت ئەربابى، شاھزادە بىسمارك مۇنداق دەيدۇ:

«مەن سەن بىلەن زاماندىش بولمىغانلىقىمدىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن، ئەي مۇھەممەد! ئىنسانىيەت ساڭا ئوخشاش تاللانغان زاتى قۇدرەتنى پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كۆرەلمەيدۇ. مەن سېنىڭ ھوزۇرۇڭدا يۈكسەك ئېھتىرام بىلەن ساڭا باش ئېگىمەن.»

فرانسىيە پەيلاسوپى ئالەكسى لوۋازون مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان قۇرئان كەرىم ھېكمەت بىلەن تولغان پارلاق بىر كىتاب. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىدە ھېچ بىر شۈبھە يوقتۇر.»

داڭلىق يازغۇچى تولستوي مۇنداق دەيدۇ:

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۈيۈك ئىسلاھاتچى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتكە بۈيۈك خىزمەت قىلدى. بىر ئۈممەتنى ھەقنىڭ نۇرىغا ئىگە قىلدى. ئۇنىڭغا شەرەپ كەلتۈرۈشكە بۇلار يېتەرلىك. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆپ قان ئاققۇزماي قۇتۇلدۇرۇپ، تىنىچلىققا ئېرىشتۈردى، ئۇلارغا يۈكسىلىش يوللىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭدەك ئۇلۇغ بىر زات پۈتكۈل ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەك»

**سوئاللار:**

1) پەيغەمبەر دەپ كىملەرنى دەيمىز؟ پەيغەمبەرلەرگە نېمە ئۈچۈن ئېھتىياجىمىز بار؟

2) پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

3) پەيغەمبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭ.

4) قۇرئان كەرىمدە ئىسمىلىرى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر بىلەن تۇنجى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر كىم؟

5) پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىنلاردىكى ئوخشاش بولغان ئاساسى نوقتىلار قايسىلار؟

6) مۆجىزە ۋە كارامەت دېگەن نېمە؟

7) پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئۈچنى سۆزلەپ بېرىڭ.

8) قۇرئان كەرىم قانداق بىر مۆجىزە؟

9) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىگىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

10) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

يەتتىنچى باب

# ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن نېمە؟
- ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى
- ئۆلۈم
- قەبرە
- قىيامەت
- مۇكاپات، جازا، جەننەت ۋە جەھەننەم (دوزاخ)

## ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن نېمە؟

**ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بەشىنچىسى ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش.** ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ بىر ئاخىرلىشىش نوقتىسى بولغىنىدەك، بىز ياشاۋاتقان دۇنيامۇ بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ تەقدىر قىلغان ۋاقىت كەلگەندە ۋەزىپىدىكى پەرىشتە ئىسرافىل «سۇر» دېگەن بىر نەرسىگە پۈۋلەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن چىققان ئاۋازنىڭ تەسىرى بىلەن (ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا) پۈتكۈل جانلىقلار ئۆلىدۇ، زېمىن ۋە ئاسماننىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇپ، كائىنات يېڭى ھالەتكە كىرىدۇ.

قىيامەت بۇ ۋەقەدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىسرافىل «سۇر»گە ئىككىنچى قېتىم پۈۋلەيدۇ ۋە پۈتكۈل ئىنسانلار يېڭىدىن تىرىلىپ «مەھشەر» دېگەن يەرگە توپلىنىدۇ. ئۇ يەردە ھەممە كىشى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىنىپ، دۇنيادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ. «كىرامەن كاتىبىن» دەپ ئاتالغان پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ياخشىلىق ۋە يامانلىقلار يېزىلغان «ئەمەل دەپتىرى» ئىنسانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلىدۇ. ئاندىن ھەممە كىشى دۇنيادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئەمەل دەپتىرىدە كۆرۈپ ئوقۇيدۇ.

دۇنيادا مەخپى ۋە ئاشكارا سادىر قىلىنغان پۈتكۈل گۇناھلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلار ئىنتايىن توغرا بولغان ئادالەت تارازىسىدا تارتىلىدۇ، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ جاۋابىنى ئالىدۇ.

ئىنسان دۇنيادا نېمە تېرىسا، ئاخىرەتتە شۇنى ئالىدۇ، ئىلاھىي ئادالەت جايىنى تاپىدۇ ۋە ھېچكىم ھەقسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ.

بۇ ھەقتە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«قىيامەت كۈنىدە ئىنسان تۆت ئىشتىن سوئال ـ سوراق قىلىنماي تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلالمايدۇ:

ـ ھاياتىنى نەدە ئۆتكۈزگەنلىكىدىن،
ـ تېنىنى نەدە خوراتقانلىقىدىن،

- مال-دۇنيانى نەدىن تېپىپ، نەگە سەرپ قىلغانلىقىدىن.
- ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن قانداق ئەمەل قىلغانلىقىدىن»[13].

قايتىدىن تىرىلىش بىلەن باشلىنىپ، مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان مەزگىل «ئاخىرەت كۈنى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، قايتا تىرىلىپ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان يېڭى بىر ھاياتقا ئىشىنىشى ئىماننىڭ مۇھىم نوقتىلىرىدىن بىرىدۇر.

**ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى**

1) ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش ئىنساننى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدۇ. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا بولغان بىر ئىنسان ئىش-ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىدۇ. ئاخىرەتكە ئىشىنىش دېگەنلىك، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدىغانلىقىمىز ۋە دۇنيادا قىلغان-ئەتكەنلىرىمىز ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىمىز، ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، يامانلىق قىلغانلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئېتىقاد ئىنساننى يامانلىق قىلىشتىن ساقلاپ، ياخشىلىق ۋە توغرىلىققا باشلاپ، ئەخلاق ئىگىسى قىلىدۇ. بۇ ئېتىقادقا ئىگە بولغان ئىنسانلاردىن مەيدانغا كەلگەن بىر قەۋمدىكى بىر ئىنسان باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. ھەممە كىشى بىر-بىرىنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلىپ، قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقنى قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش-ھەرىكەتلەر كىشىلەر ئارىسىدا سۆيگۈ ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. شەخسلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى قەۋمنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە ياشاش ۋە بىر-بىرىگە بولغان ئىشەنچىنى ساقلاشتا ئاخىرەت ئېتىقادىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رولى بار.

2) ئاخىرەتكە ئىشەنگەن ھەر قانداق كىشى ئۆتكۈنچى بولغان بۇ دۇنيادا تېخىمۇ ياخشى ۋە مەڭگۈلۈك بولغان بىر ھاياتقا تەييارلىنىدۇ. ئۇزۇن بىر سەپەرگە چىقماقچى بولغان بىر كىشى يېتەرلىك پۇل بىلەن تەييارلىق قىلىدۇ. پۇل ئالماي، تەييارلىق قىلماي تۇرۇپ يولغا چىقمايدۇ.

ھالبۇكى، ئۆلگەندىن كېيىن داۋاملىشىدىغان ئاخىرەت سەپىرى دۇنيادىكى سەپەردىن تېخىمۇ ئۇزۇن ۋە مۇھىم. شۇ سەۋەبتىن ئاخىرەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئوزۇقلۇق توپلاپ، تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى جايىدا ئورۇنلاپ، چەكلىگەنلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. تەييارلىق بىلەن يولغا چىققانلار تېخىمۇ ياخشى بىر ھاياتقا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە «ئوزۇق توپلاڭ» دەپ بۇيرۇپ، تەييارلىق قىلىشىمىزنى ئېيتقان.

ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلمىغانلار ئۆلۈم ئالدىدا ھەقىقەتنى كۆرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن دۇنيا ھاياتىغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ۋاقتى

13. «ئەت-تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 1-جىلد، 125-بەت.

ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ تەلەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

**" ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇركى «پەرۋەردىگارىم! مېنى(دۇنياغا) قايتۇرغىن» دەيدۇ."**[14] (23-سۈرە مۆئمىنۇننىڭ 99-ئايىتى)

3) ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش ئىنسانغا تەسەللى بولۇپ، ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ.

4) ئۇ شۇكى: دۇنيادا كۆپلىگەن ئىنسانلار ياخشىلىقنىڭ جاۋابىنى ئالالماي، ھەقسىزلىققە ئۇچرىغانلار ھەققىنى ئالالماي، زالىملارمۇ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھەقلىق بىلەن ھەقسىزنىڭ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئايرىلىدىغان ۋە ھەممە كىشىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ جاۋابىنى بېرىدىغان كۈن دەل ئاخىرەت كۈنىدۇر.

ئاخىرەت كۈنىدە ئىلاھىي ئادالەت جايىنى تاپىدۇ؛ ياخشىلىق قىلغانلارغا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ؛ ھەقسىزلىككە ئۇچرىغانلارمۇ كەم-كۈتسىز ھەققىنى ئالىدۇ. زالىملارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىمۇ ساقىت بولماي تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. مانا بۇ ئېتىقاد ئىنسانغا ھوزۇر-ھالاۋەت ئاتا قىلىپ، ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ.

### ئۆلۈم

ھەر بىر ئىنساننىڭ دۇنيادا ياشايدىغان بەلگىلىك مۇددىتى بولۇپ، بۇ مۇددەت توشقەندە ئۆلىدۇ. ئىنسان بەدەن ۋە روھنىڭ بىرلىشىشىدىن مەيدانغا كەلگەن مەۋجۇدات بولۇپ، تېنىمىزگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغان روھتۇر. ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان ۋاقتى كەلگەندە، روھ بەدەندىن ئايرىلىدۇ. روھنىڭ بەدەندىن ئايرىلىش ھالىتى «ئۆلۈم» دېيىلىدۇ. ئۆلۈم ھەر بىر ئىنساننىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر.»**[15] (3-سۈرە ئال-ئىمراننىڭ 185-ئايىتى)

**«قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ.»**[16] (4-سۈرە نىسانىڭ 78-ئايىتى)

ئۆلۈم يوقىلىش دېگەنلىك ئەمەس، ئۇ ۋاقىتلىق بولغان دۇنيا ھاياتىدىن ئايرىلىپ، مەڭگۈلۈك بولغان ئاخىرەت ھاياتىغا كۆچۈش دېمەكتۇر. ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلىغانلارغا تېخىمۇ ياخشى بىر ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئېچىلغان بىر ئىشىك دېگەنلىكتۇر.

14. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
15. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
16. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

## قەبرە

ئىنسانىنىڭ ئۆلۈمىدىن قىيامەت كۈنىدە يېڭىدىن تىرىلىشىغىچە بولغان ئۆتكۈنچى ۋاقىت «قەبرە هاياتى»دۇر. بۇ ۋاقىت ئىچىدە تۇرۇپ تۇرىدىغان يەر بولسا «قەبرە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن بەدىنى سېسىپ، تۇپراققا ئارىلىشىپ كېتىدۇ، پەقەت بەدەندىن ئايرىلغان روھلا ئۆلمەيدۇ. ئىنسان قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، مۇنكىر ۋە نەكىر ئىسىملىك پەرىشتىلەر تەرىپىدىن سوئال-سوراققا تارتىلىدۇ. سوئاللارغا توغرا جاۋاب بەرگەنلەر ئۈچۈن، قەبرە بىر دەم ئېلىش ئورنى، جاۋاب بېرەلمىگەنلەر ئۈچۈن بولسا ئازاپ يېرى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قەبرىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

«قەبرە يا جەننەت باغچىسىدىن بىر باغچە ياكى جەھەننەم كۆھىقىپىدىن بىر كوھىقاپ»[17].

قەبرە ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغان، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ دەم ئالىدىغان بىر جەننەت باغچىسى؛ ۋەزىپىسنى ئادا قىلمىغانلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەت تارتىدىغان بىر جەھەننەم كوھىقىپى.

## قىيامەت

يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاللاھ تەقدىر قىلغان ۋاقىت كەلگەندە، تۆت چوڭ پەرىشتىنىڭ بىرى بولغان ئىسرافىلنىڭ «سۇر» دېيىلگەن بىر ئەسۋابقا پۈۋلىشى بىلەن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز مەيدانغا كېلىپ، بۇ ئاۋازنىڭ تەسىرى بىلەن پۈتكۈل جانلىقلار ئۆلىدۇ، كائىناتتا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

ئۇلار:

"ئاسمان يېرىلىدۇ، دۇنيانى يورۇتقان قۇياش پۈرلىشىپ يورۇقىنى يوقىتىدۇ، تۇغۇلۇپ كۆك يۈزىنى زىننەتلىگەن، كېچىمىزنى ئايدىڭلاتقان ئاي تۇتۇلۇپ، قۇياش بىلەن بىرلىشىدۇ.

ئاسماندا پارلىغان يۇلتۇزلار ئۆچۈپ، مۇز پارچىلىرىدەك تۆكۈلىدۇ، يەر يۈزى دەھشەتلىك بىر تەۋرەش بىلەن يېرىلىدۇ، دېڭىزلار ۋاراقشىپ قاينايدۇ، تاغلار پاختىدەك ئېتىلىپ يىقىلىدۇ. قىسقىسى، كائىناتنىڭ بۈگۈنكى هالىتى بۇزۇلۇپ، ئاسمان-زېمىن باشقا بىر شەكىلگە كىرىدۇ. بۇ ۋەقە «قىيامەت» دېيىلىدۇ. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ.

## مۇكاپات، جازا، جەننەت ۋە جەھەننەم (دوزاخ)

ياخشىلىق قىلغانغا «مۇكاپات»، يامانلىق قىلغانغا «جازا» بېرىلىدۇ.

17. «كەشفۇل-هافا»، 2-جىلد، 90-بەت.

ئىنسانلار دۇنياغا ئىمتىھان ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشى كېرەك بولغان ۋەزىپىلەرمۇ بىلدۈرۈلگەن. ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى جايىدا ئورۇنلىغان، چەكلىگەن نەرسىلەردىن ساقلىنىپ، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلغانلار ئىمتىھاندىن ئۆتىدۇ ۋە جاۋابەن ئۇلارغا چوڭ مۇكاپات بېرىلىدۇ. ھەر كىشى دۇنيادا قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ جاۋابىنى ئاخىرەتتە كەم-كۈتىسىز ئالىدۇ.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.»**[18] (21-سۈرە ئەنبىيانىڭ 47-ئايىتى)

**«كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»**[19] (99-سۈرە زەلزەلەنىڭ 7-8-ئايەتلىرى)

جەننەت مۆمىنلەر ئۈچۈن تەييارلانغان مۇكاپات يېرىدۇر.

جەننەتتە بۇ دۇنيادا كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ھېچبىر ئىنسان خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان نېمەتلەر بار. جەننەت ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىن ئۆتكەن ۋە كۆڭلىگە ياققان ھەر نەرسە خالىغان ۋاقىتدا داۋاملىق بار بولغان، تەڭداشسىز گۈزەللىكلەرگە تولغان بىر يەردۇر. ئۇ يەردە ھەممە نەرسە ئىنساننىڭ خالىغىنىچە بولىدۇ، نېمىنى ئارزۇ قىلسا، شۇ زامان ئالدىدا پەيدا بولىدۇ.

جەننەتتە كېسەللىك، قورقۇش، ئازاپلىنىش، قايغۇرۇش بولمايدۇ. ئۇ يەردە ئىنسان دائىم ياش يىگىتتەكلا تۇرىدۇ، ھېچ قېرىمايدۇ. جەننەتتىكى ھايات مەڭگۈلۈك بولۇپ، ئۆلۈم بولمايدۇ. ئۇ يەرگە كىرگەن كىشى باشقا يەرگە چىقمايدۇ، كۆڭلى نېمىنى خالىسا شۇنى تاپىدۇ، ھوزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە ياشاشنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدۇ.

**«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ.»**[20] (2-سۈرە بەقەرەنىڭ 82-ئايىتى).

**«جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا (ئۇلارغا) زىيادە (نېمەتلەر) بار.»**[21] (50-سۈرە قافنىڭ 35-ئايىتى).

ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلمىغان، ھارامدىن ساقلانمىغان ۋە ئىنسانلارغا يامانلىق قىلغانلار بۇ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە جاۋابەن جەھەننەمدە جازالىنىدۇ.

جەھەننەم ئىمان كەلتۈرمىگەنلەر بىلەن ئېتىقاد قىلىپ گۇناھ قىلغانلارنىڭ ئاخىرەتتە ئۆتتا كۆيۈپ جازالىنىدىغان يېرىدۇر. ئىمانسىز ئۆلگەنلەر ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ.

ئېتىقاد قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا ياشىمىغانلار، دىنىي ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئورۇنلىمىغانلار بەلگىلىك بىر مەزگىل جەھەننەمدە تۇرۇپ

18. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
19. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
20. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
21. يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

جازاسىنى تارتقاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ. كافىر ۋە مۇنافىقلار بولسا جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ.

قۇرئان كەرىم كافىر ۋە مۇنافىقلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

**«كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.»**[22] (2-سۈرە بەقەرەنىڭ 39-ئايىتى)

**«مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن.»**[23] (4-سۈرە 145-ئايەت)

**سوئاللار:**

1) ئاخىرەت كۈنى دېگەن نېمە؟
2) ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشنىڭ پايدىسىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭ.
3) ئۆلۈم دېگەن نېمە؟
4) قەبرە ھاياتى قانداق بولىدۇ؟
5) قىيامەت دېگەن نېمە؟
6) مۇكاپات ۋە جازا سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈڭ.
7) جەننەت ۋە جەھەننەم دېگەن نېمە؟ كىملەر ئۈچۈن تەييارلانغان.

22. يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
23. يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

# قەدەر ۋە قازاغا ئىشىنىش

سەككىزىنچى باب

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- قەدەر ۋە قازا دېگەن نېمە؟
- ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتى
- قەدەر ۋە قازاغا ئىشىنىشنىڭ پايدىسى
- رىزىق
- ئەجەل
- تەۋەككۇل ۋە ئىشلەش
- ئىسلامدا ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى

**قەدەر ۋە قازا دېگەن نېمە؟**

**ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن ئالتىنچىسى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىش.**

**دىنىي جەھەتتىن قەدەر ۋە قازانىڭ مەنىسى:**

**قەدەر:** كائىناتتا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ۋاقتى، يېرى، ئالاھىدىلىگى ۋە قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن بىلىپ، تەقدىر قىلىشى قەدەر دېيىلىدۇ.

**قازا:** ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن تەقدىر قىلغان ئىشلىرىنى ۋاقتى كەلگەندە، ئۇ تەقدىرگە ئۇيغۇن هالدا يارىتىشى قازا دېيىلىدۇ.

قەدەرنى بىر پىلانغا ئوخشاتساق، قازامۇ پىلانغا ماس هالدا ئىشلارنىڭ ئورۇنلىنىشى بولۇپ، كائىناتتا مەيدانغا كەلگەن بارلىق ئىشلار ئاللاھنىڭ بىلىشى، خالىشى ۋە يارىتىشى بىلەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ياراتقۇچى يوقتۇر.

قەدەر ۋە قازاغا ئىمان كەلتۈرۈش گۈزەللىك، رەزىللىك، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قاتارلىق هەر ئىشنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تەقدىر، قارار قىلىنىشى ۋە ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە قارار قىلىنغاندەك يەنە ئاللاھ تەرىپىدىن قايتا يارىتىلىشىغا ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر.

**ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتى**

**ئىنساننىڭ ئىشلىرى ئىككى خىل بولۇپ:**

**بىرىنچىسى:** ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئىستىكىنىڭ سىرتىدا ئاللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن بولغان ئىشلار. مەسىلەن، كېسەللىك سەۋەبىدىن قولىنىڭ تىترىشى، يۈرىكىنىڭ تېز سوقۇشى، بويىنىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇپ قېلىشىغا ئوخشاش ئىشلار. بۇلار بىۋاستە ئاللاھنىڭ خالىشى ياكى يارىتىشىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنسانلار بۇ ئىشلارغا مەسئۇل ئەمەستۇر.

**ئىككىنچىسى:** ئىنساننىڭ ئارزۇ-ئىستىكى بويىچە ئاللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن بولغان ئىشلار. ئىنساننىڭ ئولتۇرۇپ قوپۇشى، يۈرۈش-تۇرۇشى، قوللىرى ۋە باشقا ئەزالىرى بىلەن قىلغان ئىش-ھەرىكەتلەر ئۆز خاھىشى، ئاللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا ئىنسان بۇ ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ.

بارلىق ئىشنى تەقدىر قىلغان ۋە ياراتقان ئاللاھتۇر. شۇڭا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئاللاھ ئىنسانغا بىر ئىرادە، يەنى تاللاش ئەركىنلىكى بەرگەن. ئىنسان بۇ ئىرادە بىلەن ياخشىلىق قىلىشنى تاللايدۇ، كۈچ-قۇۋۋىتىنى بۇ ئىشلارنى قىلىشقا ئىشلەتسە، ئاللاھ ياخشىلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئىنسان يامانلىق قىلىشنى تاللاپ، كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۇنىڭغا سەرپ قىلسا، ئاللاھ يامانلىقنى يارىتىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسان نېمە قىلىشنى ئارزۇ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى يارىتىدۇ. «گۈزەللىك ۋە رەزىللىك ئاللاھتىن بولىدۇ. يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقي مەنىسمۇ بۇنىڭدىن ئىبارەت.

ئىنساننىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇشىنىڭ سەۋەبى دەل بۇنداق بىر تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇشى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۆزى خالىغان ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش ئۈچۈن قوللانغانلىقىدۇر. شۇڭا ئىنسان ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلغان ئىشلارغا ئۆزى مەسئۇلدۇر. ياخشىلىق قىلسا، مۇكاپاتىنى ئالىدۇ، يامانلىق قىلسا جازاسىنى تارتىدۇ.

### قەدەر ۋە قازاغا ئىشىنىشنىڭ پايدىسى

قەدەرگە ئىشەنگەن ئىنسان كائىناتتىكى ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە يارىتىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكى، ئۆزىگىمۇ تاللاش ئەركىنلىكى ۋە ھەرىكەت قىلىش كۈچى بېرىلگەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ ئېتىقادقا ئىگە بولغان بىر كىشى ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن ئىشلەپ، ھەر قانداق ئىشتىن يانمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىرادىسى ۋە كۈچىنى بىر ئىش قىلىشقا ئىشلەتسە، ئۇ ئىشنى ئاللاھنىڭ يارىتىدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئىنسان ئۆز ئارزۇسى بىلەن قىلغان ئىشلارغا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، تاللاش ئەركىنلىكىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. جازاغا ئۇچرىتىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. بۇنداق قەدەر ئېتىقادى ئىنساننىڭ ئىشلەش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، ئادەمدە مەسئۇلىياتچانلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

قەدەرگە ئىشەنگەن كىشى ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان ياكى بىر پالاكەتكە يولۇققان چاغدىمۇ چۈشكۈنلەشمەيدۇ، كەيپىياتى بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ھەر ئىشدا بىر غايە ۋە ھېكمەتنىڭ بارلىقنى، ئىنساننىڭ بېشىغا چىدامىلىق بىر مەخلۇق قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى، كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا مەسئۇلىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنىغا بوي سۇنۇپ، ئۇنىڭغا سىغىنىدۇ. بۇ ئېتىقاد ئىنسانغا راھەتلىك ئاتا قىلىپ، ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ.

قەدەرگە ئىشىنىش كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ بىر پىلان ۋە بىر غايىنى ئاساس قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى، ھەممە ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بارلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

ئىنسان بۇ ئېتىقاد بىلەن ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ يول ۋە سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئورۇنلاشقا تىرىشىدۇ.

## رىزىق

جانلىقلارنىڭ يەپ-ئىچكەن ۋە پايدىلانغان نەرسىلىرى رىزىق دەپ ئاتىلىدۇ. پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ رىزىقىنى ئاللاھ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن:

**«يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان.»**[24] (11-سۈرە ھۇدنىڭ 6-ئايىتى)

ئاللاھ ھەممە كىشىنىڭ رىزىقىنى بەرگەن ۋە بەلگىلىگەن. لېكىن رىزىقنى ئىزلەپ تېپىش شۇ ئىنساننىڭ ئۆز قولىدا بولىدۇ. ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى بولسا رىزىقنى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا، ھالال يول بىلەن تېپىشتۇر. ئىنسان رىزىقنى قانداق تەلەپ قىلسا، ئاللاھ شۇنداق بېرىدۇ. رىزقىنى قولغا كەلتۈرگەندە ئىرادىسىنى يامان يولغا ئىشلەتكەن ۋە ھارام يېگەنلەر بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

## ئەجەل

ئىنساننى يوقتىن بار قىلىپ ياراتقان، ئىنساننىڭ قاچانغىچە ياشايدىغانلىقىنىمۇ تەقدىر قىلغان ئاللاھتۇر. ئۆمۈر ئىنسان تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقچە بولغان چەكلىك بىر ۋاقىتتۇر. ئەجەل ئۆمۈرنىڭ ئاخىرلىشىپ، دۇنيا ھاياتىغا خاتىمە بەرگەن ۋاقىتدۇر.

ھەر كىشىنىڭ قانچىلىك ياشايدىغانلىقى، قاچان، نەدە ۋە قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى ئاللاھ تەقدىر قىلىدۇ. ئۆلۈم سەۋەبلىرى نېمە بولسا بولسۇن، ئەجەل بىر بولۇپ، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ. ئەجەل قىلىنغان بەلگىلىك ۋاقىت كەلگەندە ئىنسان ئۆلىدۇ، ئەجەلنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**«ئاللاھ ئۇلارنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇش) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ۋاقىتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقتى كەلمىسە) قىلچە ۋاقىتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ.»**[25] (16-سۈرە نەھلىنىڭ 61-ئايىتى)

**بىزنىڭ ۋەزىپىمىز:** سالامەتلىكىمىزنى قوغداش، ھاياتىمىزنى خەتەرگە ئۇچرىتىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش، بىىسم بىلەن تولغان دۇنيادىكى ۋاقتىمىزنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىكىمىز، ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك دۇنيا ئۈچۈن، ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلىشىمىز كېرەك.

24. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
25. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

ئىنسان ئۆمرىنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقى، ئەجەلنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىپىلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇنلىشى، ئەتىگە قويماسلىقى كېرەك.

### تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئىشلەش

تەۋەككۇل: قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئىشلەپ، قولىمىزدىن كەلگەننى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھتىن كۈتۈشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭغا بىر مىسال بەرسەك:

ئېتىزدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىشنى ئويلىغان دېھقان ئاۋۋال يەرنى ياخشى ھەيدەپ، ئۇرۇقنى سالىدۇ، ئوغۇتلايدۇ، لازىم بولغاندا سۇ باشلايدۇ. زىرائەتلەرنى خەتەردىن قوغداش ئۈچۈن ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن، قالغىنىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى دېھقان قولىدىن كەلگىنىنى قىلدى.

زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى ۋە ھوسۇل بېرىشى ئۈچۈن پەقەت ئاللاھقىلا ئىشىنىپ، نەتىجىسىنى ئۇنىڭدىن كۈتىدۇ. ھەقىقىي تەۋەككۇل مۇشۇنداق بولىدۇ.

ھېچ ئىشلىمەي بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش ۋە نەتىجىسىنى ئاللاھتىن كۈتۈش تەۋەككۇل قىلىش ئەمەس. بۇ مۇسۇلمانغا ماس كەلمەيدىغان بىر قاراش، خالاس.

تۆگىسىنى سىرتتا باغلىماي، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم دېگەن بىر كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاۋۋال تۆگەڭنى باغلا، ئاندىن تەۋەككۇل قىل.»[26] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇبارەك سۆزىدىن ئاۋۋال قولىدىن كەلگەننى قىلىپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى كېرەك دېگەن ھەقىقەتنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش بىر دىنىي ۋەزىپە بولغاندەك، تۇرمۇشنى قامداپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپ پۇل تېپىشمۇ ئىبادەت قىلىشقا ئوخشاش مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرىدۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار.»**[27] (62 ـ سۈرە جۇمەنىڭ 10 ـ ئايىتى)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ ھالال پۇل تېپىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان[28]. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ھەر بىرىڭلار رىزىقنى ئىزلەشتىن ۋاز كېچىپ، ئاللاھىم ماڭا رىزىق بەر دېمەڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، ئاسماندىن ھېچ قاچان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ياغمايدۇ.»[29]

26. «كەشفۇل ـ ھافا»، 1 ـ جىلد، 144 ـ بەت.
27. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
28. «كەشفۇل ـ ھافا»، 1 ـ جىلد، 144 ـ بەت.
29. «شەرھۇ ئەينىل ـ ئىلىم»، 1 ـ جىلد، 182 ـ بەت.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىشلەش دىنىمىزنىڭ ئەمر-پەرمانى، مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ئاۋۋال قولىمىزدىن كەلگىنىنى قىلىپ، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئىشلىشىمىز كېرەك. ئاندىن كېيىن بىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىشنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشىمىز كېرەك.

## ئىسلامدا ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى

ئاخىرقى ۋە مۇكەممەل بىر دىن بولغان ئىسلامنىڭ غايىسى ئىنسانلارنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتۇر. بۇ بەخت بىر تەرەپلىمە ۋە تەكشۈكسىز بىر بەخت ئەمەس. ئىسلام ئىنسانلارغا دۇنيا-ئاخىرەت هاياتىدا بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. دۇنيا ۋە ئاخىرەت بەختى ئىشلەش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار هەر ئىككى دۇنيا ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك. دۇنيا هاياتى ئۈچۈن ئىشلەپ پۇل تېپىشمۇ دىنىمىزنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە: «**ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.**»[30] (53-سۈرە نەجمنىڭ 39-ئايىتى) دېيىش ئارقىلىق ئىشلەشنىڭ مۇهىملىقىنى بىلدۈرگەن.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ: «بىر كىشىنىڭ يېگەن ئەڭ ياخشى يېمەكى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئېرىشكەن يېمەكتۇر. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇت ئەلەيهىسسالاممۇ ئۆز ئەمگىكى بىلەن هايات كەچۈرگەن.»[31] دېگەن.

دىنىمىز ئىشلەشكە ناهايىتى ئەهمىيەت بېرىپ، هالال پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ئىبادەتكە ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

بىر كۈنى ساهابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن بىللە تۇرغاچ، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان بىر كىشىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بۇنى كۆرگەن بىر ساهابە:

- ئەي ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى، كاشكى، بۇ ئادەم ئاللاھ يولىدا ئىشلىگەن بولسا، دېدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

- ئەگەر بۇ ئادەم ئۆيىدىن بالىلىرى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق تېپىش ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېهتىياجىنى قامداش، هەتتا ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى تېپىش ئۈچۈن چىققان بولسىمۇ، يەنىلا ئاللاهنىڭ يولىدا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چىققان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ شەيتاننىڭ يولىدا بولغان بولىدۇ.-[32]

ئىسلامنىڭ بەش شەرتلىرىدىن زاكات بېرىش بىلەن هەج قىلىش، قول ئىلكىدە بولغان باي مۇسۇلمانلار ئورۇنلىشى كېرەك بولغان ئىبادەتتۇر. بايلىق ئىشلەش بىلەن

30. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇهەممەد سالىھ.
31. «رىيازۇس-سالىهىن»، 1-جىلد، 569-بەت.
32. «ئەت-تەرغىب ۋەت-تەرهىب»، 2-جىلد، 524-بەت.

قولغا كېلىدىغان بولۇپ، ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ئىنسان ياخشى ئىنساندۇر. چۈنكى ئىنسان ئىشلەش بىلەن ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ۋە مىللىتىگە ياراملىق ئادەم بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز: «ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغىنىدۇر»[33] دېيىش ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى تەستىقلىغان.

مۇسۇلمانلار ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك دۇنيالىقى ئۈچۈن ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدىشى، ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىلىپ، ئاخىرەت ئۈچۈن تەييار تۇرىشى كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز دائىم ئىشلەشنى تەۋسىيە قىلىپ: «ئىككى كۆنى بىر-بىرىگە تەڭ بولغان كىشى زىيان تارتقان كىشىدۇر»[34] دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر كۈنى پەيدىنپەي يۈكسىلىشى كېرەكلىكىنى ئۈمىد قىلغان.

مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ياردەم تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- ئۆيۈڭدە بىر نەرسە قالمىدىمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- بىر تەرىپىنى ئۈستىمىزگە يېپىپ، يەنە بىر تەرىپىنى ئاستىمىزغا سالىدىغان يېپىنچىدىن باشقا، سۇ ساقلاپ ئىچىدىغان بىرلا ئىدىشىمىز بار،- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- سەن بېرىپ ئۇلارنى يېنىمغا ئەكەل،- دېدى. ئۇ ئادەم بېرىپ ئەكەلدى، پەيغەمبىرىمىز ئەتراپىدىكىلەرگە:

- بۇلارنى كىم ئالىدۇ؟- دەپ سورىدى.

مۇسۇلمانلاردىن بىرسى:

- ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن ئۇلارنى بىر دەرھەمگە ئالاي،- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنىڭدىن قىممەترەك ئالىدىغان بارمۇ؟- دەپ سورىدى، يەنە بىرى:

- ئۇنىڭغا ئىككى دەرھەم بېرەي،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ نەرسىلەرنى ئۇ ساھابىگە ساتتى. ئاندىن ئۆزىدىن ياردەم سورىغان ئادەمگە قاراپ:

- بۇ ئىككى دەرھەمنىڭ بىرىگە ئۆيۈڭگە يېمەك-ئىچمەك ئال، يەنە بىرىگە بىر پالتا ئېلىپ، مېنىڭ قېشىمغا كەل،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ ئادەم ئەكەلگەن پالتىغا ئۆز قولى بىلەن ساپ بېكىتىپ بېرىپ:

- سەن تاغقا بېرىپ ئوتۇن كېسىپ سات، مەن سېنى ئون بەش كۈنگىچە بۇ يەردە كۆرمەي، -دېدى. ئۇ ئادەم ئون بەش كۈندىن كېيىن كەلدى. ئۇ ئادەم ئون دەرھەم پۇل تېپىپ، بىر قىسمىغا يېمەك-ئىچمەك، يەنە بىر قىسمىغا كىيىم-كېچەك ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ:

33. «250 ھەدىس»، 121-بەت.
34. «كەشفۇل ھافا»، 2-جىلد، 233-بەت.

ـ ئاشۇنداق ئىشلىشىڭ تىلەمچىلىك قىلىشىڭدىن ياخشى. چۈنكى تىلەمچىلىك قىلىش قىيامەتتە يۈزۈڭنى قارا قىلىدۇ[35]ـ دېدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ مۇبارەك سۆزى بىلەن بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قانداق بەختلىك بولۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشىلىرىڭلار دۇنيالىقى ئۈچۈن ئاخىرەتنى تاشلىمىغان، ئاخىرىتى ئۈچۈن دۇنيالىقنى تاشلىمىغان، ھەر ئىككى دۇنيا ئۈچۈن ئىشلىگەن ۋە ئىنسانلارغا يۈك بولمىغانلاردۇر.»[36]

شۇڭا مۇسۇلمانلار دۇنيا ھەم ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ھەر كۈنى پەيدىنپەي يۈكسىلىشكە تىرىشىدۇ. بۇ دىنىمىزنىڭ مۇھىم ئەمر ـ پەرمانلىرىدىن بىرىدۇر.

ھەرگىز ئۇخلىدى دەپ ئويلىما، سەن ئەجداتلارنى،
ئۇنداقتا كىم بېرەتتى، قولۇڭدىكى بۇ يۇرتنى.
شاھىدتۇر ھەممىگە ئۈچ قىتئەنىڭ قان ئىزى،
چۈنكى ھېچ دەم ئالمىدى، مۇجاھىدىنىڭ نەسلى.

ـ م. ئاكىف ئەرسوي

**ئوقۇشلۇق:**

**كۆچەت تىكەيلى...**

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«قىيامەت ـ قەييۇم يەنى ئاخىر زامان بولغاندا، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بېرىڭلارنىڭ قولىدا بىر خورما كۆچىتى بولسا، بۇنى قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى تىكىشكە كۈچى يەتسە دەرھال تىكسۇن، ھېچ ئىككىلەنمىسۇن.»[37]

«بىر مۇسۇلمان بىر كۆچەت تىكسە ياكى بىر نەرسە تېرىسا، ئۇنىڭدىن بىر قۇش، بىر ھايۋان ياكى بىر ئىنسان پايدىلانسا، بۇ مۇسۇلمان ئۆزى ئۈچۈن بىر سەدىقە بەرگەن بولىدۇ.»[38]

«بىر كىشى بىر كۆچەت تىكسە، تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسى قەدەر دەپتىرىگە ساۋاب دەپ يېزىلىدۇ.»[39]

ئابباسى خەلىپىلىرىدىن ھارۇن رەشىد بىر قېرى ئادەمنىڭ كىچىك بىر مېۋە كۆچىتى تىكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ بوۋا! سەن ياشىنىپ قاپسەن، تىككەن كۆچىتىڭنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمەيسەن، سەن نېمىشقا ئۆزەڭنى ئاۋارە قىلىسەن؟ـ دەپ سورىدى.

35. «ئەت ـ تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 2 ـ جىلد، 523 ـ بەت.
36. «مۇختارۇل ئەھادىس»
37. «250 ھەدىس»، 27 ـ بەت.
38. «تەجرىدى سارىھ تەرجىمىسى ۋە شەرھىي»، 7 ـ جىلد، 121 ـ بەت.
39. يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

بوۋاي مۇنداق جاۋاب بەردى:

- بىزدىن بۇرۇنقىلار كۆچەت تىكتى، مېۋىلىرىنى بىز يېدۇق. ئەمدى بىز كۆچەت تىكىشىمىز كېرەككى، بىزدىن كېيىنكىلەر مېۋىسىز قالمىسۇن.

بۇ جاۋاب ھارۇن رەشىدكە ياراپ كەتتى ۋە بوۋايغا بىر چاگگال ئالتۇن بەردى. بوۋاي:

- كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم، مانا تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى مەنمۇ كۆردۈم- دېدى.

بۇ سۆزدىن ھارۇن رەشىد تېخىمۇ خوش بولدى.

دەل-دەرەخ ۋە ئورمانلار بىر دۆلەتنىڭ بايلىق مەنبەسىدۇر. نەپەس ئالغان ھاۋادىن تارتىپ ئىچىدىغان سۇغىچە، ئوقۇۋاتقان كىتابتىن خەت يېزىۋاتقان قەلەمگىچە بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە ياغاچ ئىزىنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. جانلىقلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئوكسىگېننى ئورمانلار ئادەتتە بىر زاۋۇتتەك ئىشلەپ چىقىرىپ ھاۋاغا تارقىتىدۇ. ھەر خىل ھايۋان ۋە قۇشلارنى باغرىدا ساقلايدۇ. ئورمان تۇپراقنىڭ بوشاپ، دېڭىزلارغا يۆتكىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن ئورمان يېتىشتۈرۈشنىڭ، ياخشى بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈشكە ئوخشاش ناھايىتى ياخشى بىر ئىش ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش قانچىلىك ياخشى ۋە ساۋابلىق ئىش بولسا، دەرەخلەرنى كېسىش، ئورمانلارنى بۇزۇشمۇ شۇنچىلىك چوڭ گۇناھتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىم بىر ياش كۆچەتنى كەسسە، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى باشچىلاپ جەھەننەمگە ئاتىدۇ.»[40]

بۇ ھەدىس-شەرىف مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇھىم بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

ئىنسان زۆرۈر بىر ئېھتىياجى بولمىسا دەرەخلەرنى نېمىشقا كېسىدۇ؟ ئورمانلىقلارنىڭ ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولۇشى ۋە ئىچىدىكى نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ پىژىلداپ كۆيۈشىگە نېمىشقا سەۋەبچى بولىدۇ؟

دەل-دەرەخ ۋە ئورمانلىقلارغا رەھىمسىزلەرچە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار، قىلغان بۇ زىيانكەشلىكى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى گۇناھلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ ۋە مۇناسىپ جازاغا تارتىلىدۇ. مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمىر-پەرمان ۋە تەۋسىيەلىرىگە رىئايە قىلىپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، دەل-دەرەخلەرنى بىر بالىغا ئوخشاش كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىش، ئۇنى كۆزىمىزنىڭ قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراشتۇر. كۆچەت تىكىش ئىبادەتلىرىمىزگە ئوخشاش ياخشى بىر ئىش بولغىنىدەك، يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك بۇرچىمىز بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. قەلبىدە دەل-دەرەخ سۆيگۈسى بولغان بىر قېرىندىشىمىز دەل-دەرەخلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

40. «فەيزۇل-قادىر»، 6-جىلد، 206-بەت.

دۇئا قىلغان بىر ئىنساننىڭ قوللىرىغا ئوخشاش، تال-چىۋىقلىرى ئۆزارغان دەل-دەرەخنىڭ دۇئاسى:
سوغاق قىش كېچىلىرىدە ئۆيۈڭنى ئىسسىتقان، ئىسسىق ياز كۈنلىرىدە سىنى سايىداتقان مەن.
ئويۇڭنىڭ تۆرىسى، ئىشىك ۋە شىرەلىرىڭنىڭ تاختىلىرىمۇ مەن.
قەلىمىڭ، قەغىزىڭ، بۆشۈكتىن مازارغىچە ۋاپادار يولدىشىڭمۇ مەن.
تۇغۇلغاندا سۆيگىنىڭ، هاياتتا خىزمىتىڭ ۋە ئۆلۈمىڭدە ئازابىڭغا ئىشتراك قىلغانمۇ مەن.
مېنى ئوتىنىڭ كۆيدۈرۈشى، پالتىنىڭ كېسىشى، ئۆچكىنىڭ چىشلىرىدىن قۇتۇلدۇر.
چۈنكى مەن يۇرتۇڭنىڭ كۆركى، تۇپرىقىڭنىڭ خوشلىقى، ۋەتىنىڭنىڭ زىنىتى، تاغلىرىڭنىڭ يېپىنچىسىمەن.
مېنى سۆيگىنىكى، تال-چىۋىقلىرىمدا قۇشلار سايرىسۇن، تال-چىۋىق، يوپۇرماقلىرىمدا شاماللار ناخشا ئېيتسۇن، كۆلەڭگەمدە يولۇچىلار هوزۇر بىلەن ئارام ئالسۇن.
مېنى كۆيدۈرمە، دەريالار كەلكۈن، تاغلار تاز بولىدۇ. قۇدۇقلار قۇرۇيدۇ، تۇپراقلار كېرەكسىز بولىدۇ، ياقىدىغىنىڭ تېزەك، قۇرۇلۇشۇڭ خىش-كېسەك بولىدۇ.
نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلا، پالتىنى تاشقا ئۇر، هەرگىز دەل-دەرەخكە ئۇرما.
مېنى كۆيدۈرمە، باغرىمدىكى جانلىقلارنى قىرما.
قەلبىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئارزۇ-ئارمان دەل-دەرەخلەرنى سۆيۈش، ئاسراش بولسۇن.
بۇ هېس-تۇيغۇلىرىڭنى بىزگە نىدا قىلغان ۋە ماڭا كۆز-قىيماڭلار دەپ يالۋۇرغان ياش بىر كۆچەتكە بىرسى قانداقمۇ قول تەككۈزەلىسۇن؟ قانداقمۇ قىيالىسۇن-هە!؟

**سوئاللار:**

1) قەدەر ۋە قازا دېگەن نېمە؟ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.
2) ئىنساننىڭ ئىشلىرى قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟
3) ئىنسان ئىش-هەرىكىتىگە نېمىشقا مەسئۇل بولىدۇ؟
4) قەدەر ۋە قازاغا ئىشىنىشنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.
5) رىزىق ۋە ئەجەل دېگەن نېمە؟
6) تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئىشلەشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.
7) ئىسلامدا ئىشلەشنىڭ مۇهىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.

ئىككىنچى بۆلۈم

# ئىبادەت

بىرىنچى باب

# ئىبادەت

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئىبادەت دېگەن نېمە؟
- نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟
- ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى
- ئىبادەتنىڭ دەرىجىسى ۋە پايدىسى

## ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئىبادەت ئاللاھقا تازىم، ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان چەكسىز نېمەتلىرىگە قارىتا شۈكۈر قىلىش قەرزىنى قايتۇرۇشتىن ئىبارەت.

## نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟

ئاللاھ بىزنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈردى ۋە ھاياتلىق بەردى. ئاللاھتائالا بەدىنىمىزنى كۆرىۋاتقان كۆزلىرىمىز، ئاڭلاۋاتقان قۇلاقلىرىمىز ۋە گەپ قىلىۋاتقان تىلىمىزغا ئوخشاش مۇكەممەل ئەزالار بىلەن قوراللاندۇردى. يەنە باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىق ھالدا بىزگە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە مەۋجۇداتلار ئىچىدە يۇقىرى بىر مەرتىۋە بەردى. بۇلاردىن باشقا، ياشىشىمىز ئۈچۈن نەپەس ئالغان ھاۋادىن تارتىپ ئىچىۋاتقان سۇغىچە بولغان ساناقسىز نېمەتلەرنىمۇ بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتتى.

يەنە بىزنى يالغۇز تاشلاپ قويماي پەيغەمبەر ۋە كىتابلارنى ئەۋەتىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. پۈتكۈل بۇ ياخشىلىقلار ئۈچۈن ئاللاھتائالا بىزدىن پەقەت ئۆزىنى تونۇشنى ۋە ئىبادەت قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: بىر بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان يۇرت چوڭىنى ھۆرمەت قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىمىز. ئەگەر ئۇ كىشى بىزگە بىر ۋەزىپە تاپشۇرسا، دەرھال ئورۇنلايمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇنداق بولسا، بىزنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە سان ـ ساناقسىز نېمەت بەرگەن ئۇلۇغ ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىش ۋە بۇيرىغان ئىبادەتلەرنى بىجاندىل ئورۇنلىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە كېرەك.

يارىتىلىشىمىزنىڭ مەقسىدى ئاللاھنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتۇر. ئىبادەت ۋەزىپىمىزنى تولۇق ئورۇنلىساق ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە بولغان قەرزىنى قايتۇرغان بولىمىز، ھەمدە ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىمىز. ئەگەر بىز ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىبادەت ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلساق، ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشسەك، ئاللاھ بىزگە دۇنيادىكى نېمەتلەردىن نەچچە ھەسسىسىنى ئاخىرەتتە بېرىدۇ ۋە جەننەتتە بىزنى مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

**ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى**

**ئىبادەت ئۈچ خىل بولىدۇ:**

1) **بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت:** ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش قاتارلىقلار. بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى قىلىشى كېرەك. باشقىلارنى ۋەكىل قىلىشقا بولمايدۇ. يەنى بىر كىشى باشقىلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتالمايدۇ.

2) **مال-مۈلۈك بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت:** زاكات بېرىش ۋە قۇربانلىق قىلىشقا ئوخشاش. بىر كىشى مال بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتكە باشقىلارنى ۋەكىل قىلسا بولىدۇ.

3) **ھەم مال، ھەم بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت:** ھەج قىلىش مۇشۇنداق بىر ئىبادەتتۇر. پۇلى بار بولغان ئەھۋالدا، ھەجگە بارالمىغىدەك دەرىجىدە مېيىپ، كېسەل ياكى يېشى چوڭ بولغانلار ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىپ ھەجگە ئەۋەتسە بولىدۇ.

**ئىبادەتنىڭ دەرىجىلىرى**

**ئىبادەت ئۈچ مەقسەت بىلەن قىلىنىدۇ.**

1) **ئاللاھقا ئىبادەت ۋە ھۆرمەتكە لايىق يالغۇز بىر ئىلاھ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلىش.**

ھېچبىر قارشىلىق كۆرسەتمەي، يالغۇز ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانىنى جايىدا ئورۇنلاش مەقسىدىدە قىلىنىدىغان ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئىبادەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

2) **جەننەتكە كىرىشنى مەقسەت قىلىپ ياكى جەھەننەمدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلىش.**

بۇ چۈشەنچە بىلەن ئىبادەت قىلغان ھەر قانداق كىشى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانىنى جايىدا ئورۇنلىغان بولىدۇ. ئەمما، ئىنسان ئىبادەتنى مۇنداق بىر مەنپەئەت چۈشەنچىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىشى كېرەك.

3) **دۇنيادا بىر مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش مەقسىتىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش.**

بۇ ئىبادەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بولۇپ، بۇنى ئىبادەت دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنمىغان ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوقتۇر.

**ئىبادەتنىڭ پايدىسى**

بەدىنىمىزنىڭ كېرەكلىك ئوزۇقلۇقلارغا ئېھتىياجى بولغىنىدەك، روھىمىزنىڭمۇ ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجى بار. روھنىڭ ئوزۇقى ئىمان بىلەن ئىبادەتتۇر. ئىبادەت روھىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بىزنى يامانلىقلاردىن قوغداپ، ئەخلاقىمىزنى ياخشىلاپ، ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز بولغان ئىمانىمىزنى قوغدايدۇ.

ھاياتتا ئىنسانىنىڭ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە قايغۇ-ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىنسانلار پەقەت ئىبادەت

بىلەنلا قايغۇ-ئەلەمدىن قۇتۇلالايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىبادەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىپ، مەرھەمەتگە سېغىنىش ئارقىلىق ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ. ئىبادەتلەرنىڭ روھىمىزغا پايدىسى بولۇپلا قالماي، تېنىمىزگىمۇ پايدىسى بار.

ناماز ئوقۇيدىغان ئىنسان ئالدى بىلەن تاھارەت ئېلىشى كېرەك. تاھارەت ئېلىش، كۆندە بىر قانچە قېتىم پاكىزلىنىش دېگەنلىكتۇر. پاكىزلىقنىڭ سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن قانچىلىك پايدىسىنىڭ بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم.

ناماز ئوقۇغاندا قىلىدىغان بەلگىلىك ئىش-ھەرىكەتلەر، روزا تۇتقاندا ھەزىم قىلىش سىستېمىسى بىلەن بەزى ئىچكى ئەزالارنىڭ دەم ئېلىشى قاتارلىقلارنىڭ تەن سالامەتلىككە ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەتتۇر. زاكاتنىڭ ئىجتىمائى ھەمكارلىق جەھەتتىن جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان پايدىسىمۇ ناھايىتى كۆپ.

**سوئاللار:**

1) ئىبادەت دېگەن نېمە؟
2) نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟
3) ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى قانچە خىل؟
4) ئىبادەتنىڭ دەرىجىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
5) ئىبادەتنىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

**ئىككىنچى باب**

# ئىسلام

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئىسلام دېگەن نېمە؟
- ئىسلامنىڭ شەرتلىرى
- مۇكەللەف دېگەن نېمە؟
- مۇكەللەف بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر

## ئىسلام دېگەن نېمە؟

**ئىسلام:** پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھتىن ئېلىپ، بىزگە تەبلىغ قىلغانلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىپ، ئۇلارنى قوبۇل قىلغانلىقىنى گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر. قىسقىسى: ئىسلام، ئىشەنگىنىنى ياشاش دېمەكتۇر.

## ئىسلامنىڭ شەرتلىرى

**ئىسلامنىڭ شەرتلىرى بەش بولۇپ:**

**1) كەلىمە شاھادەت ئېيتىش**

كەلىمە شاھادەت: «**ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھ**» دېيىش.

مەنىسى: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر (ئەلچىسى).»

**2) ناماز ئوقۇش:**

كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش.

**3) روزا تۇتۇش:**

ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا، تولۇق بىر ئاي روزا تۇتۇش.

**4) زاكات بېرىش:**

دىنىمىزدا باي، قول ئىلكىدە بولغانلار، مال-مۈلۈك ۋە پۇل-پۈچەكلىرىنىڭ بەلگىلىك بىر مىقدارىنى، ھەر يىلى پېقىر، نامرات، كەمبەغەل-يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىشى.

**5) ھەجگە بېرىش:**

دىنىمىزدا كۈچى يەتكەنلەرنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەجگە بېرىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىشى.

## ئىسلامنىڭ شەرتلىرى

ئىسلامنىڭ بەش شەرتى بار،
بىلىشىنىڭ ئۆزىلا سائادەت.
ئۇلارنى كىم ئىجرا قىلسا،
ئۇنىڭغا ئېچىلار جەننەت.

شەرتلەرنىڭ بىرى بولسا:
ئېيتىش كەلىمە ـ شاھادەت؛
يالغۇز، ئۇلۇغ ئاللاھتىن
باشقا تەڭرى يوق ئەلۋەت.
ئۇنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى،
شەرىپى ئۇلۇغ مۇھەممەد.

ئىككىنچى شەرت نامازدۇر،
ئۇ بىر گۈزەل ئىبادەت.
كۈندە، يېرىم سائەتتە،
سىغار بەش ۋاقىت نۆۋەت.

ئۈچىنچى شەرت رامىزان،
روزىسى نادىر نىيەت.
كۈندۈزى يەپ ـ ئىچمەيلا،
سۆيگۈ بىلەن ئۆتەر مۇددەت.

تۆتىنچى شەرت زاكاتتۇر،
ئاللاھ بەرسە گەر مۈلۈك
تاپاۋەتنى قىرىققا بۆلۈپ،
بىرىنى بەرگىن ھەدىيەلىك.

بىر قېتىم ھەجگە بېرىش،
ساڭا ئەگەر بولسا قىسمەت.
بەشىنچى شەرتى ئىسلامنىڭ،
قىلىش قىبلىسىنى زىيارەت.

ـ گۆكخان ئەۋلىيا ئوغلى

**مۇكەللەف دېگەن نېمە؟**

بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولغان ئىنسانلار مۇكەللەف دېيىلىدۇ.

مۇكەللەف دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلىگەن ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا مەسئۇلدۇر. مۇكەللەف بولۇش ئۈچۈن ئىنساندا ئىككى شەرت بولۇشى كېرەك:

1- ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولۇش.

2- بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولمىغان ۋە بالاغەتكە يەتمىگەنلەر مۇكەللەف بولالمايدۇ.

بالاغەت ۋاقتى بالىلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى ۋە ئىقلىم شەرتلىرىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

نورمالدا بالاغەتكە ئوغۇللار 12 بىلەن 15 ياش ئارىسىدا، قىزلار بولسا، 9 بىلەن 15 ياش ئارىسىدا يېتىدۇ. 15 ياشقا تولۇپ، ئۆزىدە بالاغەتكە يەتكەنلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن بالىلار مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىپ، دىنىنىڭ ئەمر-پەرمان، چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن مۇكەللەف بولىدۇ.

**مۇكەللەف بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر**

مۇكەللەف بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر سەككىز تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار «ئەفئالى مۇكەللەف» دەپ ئاتىلىدۇ.

**1. پەرز**

دىنىمىزدا چوقۇم قىلىنىشى ئەمر قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەر پەرز دېيىلىدۇ. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىش قاتارلىقلاردەك.

**پەرزنىڭ ھۆكمى:** پەرز قىلىنغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. سەۋەبسىز ھالدا ئورۇنلىمىغان كىشى ئازاپقا دۇچار بولىدۇ. پەرزنى ئىنكار قىلغان كىشى دىندىن چىقىدۇ.

**پەرز ئىككى خىل بولۇپ:**

1) **پەرزى ئەيىن:** ھەر مۇكەللەفنىڭ قىلىشى شەرت بولغان پەرز دېيىلىدۇ.

مەسىلەن، بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش قاتارلىق.

2) **پەرزى كۇفايە:** بەزى مۇكەللەفلەر قىلسا، باشقىلارنىڭ قىلىشى كېرەك بولمىغان ئىشلار پەرزى كۇفايە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مېيىت نامىزىنى ئوقۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار بىر مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرسە پەرز قىلىنغان بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ. باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ مېيىت ئۈچۈن مېيىت نامىزى ئوقۇشى كېرەك ئەمەس.

**2. ۋاجىب:**

پەرزگە ئوخشاش كەسكىن ئەمەس بەلكى كۈچلۈك بىر دەلىل بىلەن قىلىنىشى بۇيرۇلغان ئىشلار ۋاجىب دەپ ئاتىلىدۇ. ھېيت نامىزىنى ئوقۇش، پىتىر سەدىقىسى بېرىش ۋە قۇربانلىق قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ۋاجىبنىڭ ھۆكمى:** ۋاجىبنى قىلغان ساۋابقا ئېرىشىدۇ. سەۋەبسىز قىلمىغانلار جازالىنىدۇ.

**1. سۈننەت:**

پەرز ۋە ۋاجىبتىن باشقا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىبادەت نىيىتى بىلەن قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرى سۈننەت دەپ ئاتىلىدۇ.

**سۈننەت ئىككىگە بۆلىنىدۇ:**

1) **سۈننەتى مۇئەككىدە:** پەيغەمبىرىمىزنىڭ دائىم قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرى سۈننەتى مۇئەككىدە دېيىلىدۇ. بامدات، پېشىن ۋە شام نامازلىرىنىڭ سۈننەتلىرىگە ئوخشاش.

2) **سۈننەتى غەيرى مۇئەككىدە:** پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاندا-ساندا قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرى، سۈننەتى غەيرى مۇئەككىدە دېيىلىدۇ. ناماز دىگەرنىڭ سۈننىتى بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ دەسلەپكى سۈننىتى قاتارلىقلاردەك.

**سۈننەتنىڭ ھۆكمى:** سۈننەتلەرنى ئادا قىلغان ئادەم ساۋاپ تاپىدۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدۇ. سۈننەتنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىغانلار ئازاپقا قالىدۇ.

**1. مۇستەھەب:**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەزى قىلىپ، بەزى قىلمىغان ئىش-ھەرىكەتلىرى مۇستەھەب دېيىلىدۇ. چاشگاھ نامىزى (ئەتىگەن ئونلاردا ئوقۇلىدىغان ناماز) ئوقۇش قاتارلىقلاردەك.

**مۇستەھەبنىڭ ھۆكمى:** مۇستەھەب ئىشلارنى قىلغانلار ساۋاب تاپىدۇ، قىلمىغانلار جازالانمايدۇ.

**2. مۇباھ:**

مۇكەللەفنىڭ قىلىش ۋە قىلماسلىقتا ئەركىن بولغان ئىش-ھەرىكەتلىرى مۇباھ دېيىلىدۇ. ئولتۇرۇش، تۇرۇش، يۈرۈش ۋە ئۇخلاش قاتارلىقلاردەك.

**3. ھارام:**

دىنىمىزدا قىلىنىشى كەسكىن ھالدا چەكلەنگەن ئىش-ھەرىكەتلەر ھارام دېيىلىدۇ. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، توڭگۇز گۆشى يېيىش، ئاتا-ئانىغا ئاسىلىق قىلىش قاتارلىقلاردەك.

**ھارامنىڭ ھۆكمى:** ھارام ئىش قىلغانلارغا جازا ۋە ئازاب بېرىلىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇپ، ھارامدىن يىراق تۇرغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ھارامنى ئىنكار قىلغانلار دىندىن چىقىدۇ.

**4. مەكروھ:**

ھارامغا ئوخشاش كەسكىن ئەمەس ئەمما دىنىمىزدا قىلىنماسلىقى تەۋسىيە قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەر مەكروھ دېيىلىدۇ.

**مەكروھ ئىككىگە بۆلىنىدۇ:**

1) **ھارامغا يېقىن مەكروھ (كەراھەتى تەھرىمىيە):** (ۋاجىبلارنى ئورۇنلىماسلىققا ئوخشاش)

**ھۆكمى:** بۇنداق بىر مەكروھنى قىلمىغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلار گۇناھ قىلغان بولىدۇ.

2) **ھالالغا يېقىن مەكروھ (كەراھەتى تەنزىھىيە):** (سۈننەت ۋە مۇستەھەبلەرنى ئادا قىلماسلىق قاتارلىقلار)

**ھۆكمى:** ئۇ مەكروھلاردىن ساقلانسا ساۋاب بولىدۇ، قىلىپ سالسا جازاغا ئۇچرىمايدۇ.

**5. مۇفسىد:**

باشلانغان بىر ئىبادەتنى بۇزغان ئىش-ھەرىكەتلەر. ناماز ئوقۇۋاتقاندا گەپ قىلىش، روزا تۇتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەپ-ئىچىش قاتارلىقلاردەك.

**مۇفسىدنىڭ ھۆكمى:** قەستەن ۋە بىلىپ تۇرۇپ ئىبادىتىنى بۇزۇش جازاغا ئۇچرىتىدۇ.

**سوئاللار:**

1) ئىسلام دېگەن نېمە؟
2) ئىسلامنىڭ شەرتلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟
3) مۇكەللەف دېگەن نېمە؟
4) بالاغەت ۋاقتى دېگەن نېمە؟
5) مۇكەللەف بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى سۆزلەپ بېرىڭ.

ئۈچىنچى باب

# پاكىزلىق

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- پاكىزلىق ۋە ئىسلامنىڭ پاكىزلىققا بەرگەن ئەھمىيىتى
- پاكىزلىق نوقتىسىدىن سۇلار
- تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتى
- تاھارەت ئېلىشنىڭ پەرز، سۈننەت ۋە ئەدەپلىرى
- تاھارەت قانداق ئېلىنىدۇ؟
- تاھارەتتىكى مەكروھلار
- تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر
- تاھارەتسىز قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار
- مەسە (خۇرۇم پايپاق) ئۈستىدىن مەسھ قىلىش
- تېڭىق ئۈستىدىن مەسھ قىلىش
- غۇسۇل قىلىش
- غۇسۇل قىلىشنىڭ پەرزلىرى
- غۇسۇل قىلىشنىڭ سۈننەتلىرى
- غۇسۇل قانداق قىلىنىدۇ؟
- ئۆزۈرلۈك بولغانلارنىڭ ئەھۋالى
- خانىم-قىزلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللىرى
- تەيەممۇمنىڭ پەرز، سۈننەتلىرى ۋە قىلىنىشى
- تەيەممۇم قانداق قىلىنىدۇ؟
- مۇھىتنىڭ پاكىزلىقى (ئوقۇشلۇق)

## پاكىزلىق ۋە ئىسلامنىڭ پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىشى

ئىسلام پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، مۇسۇلمان دېگەنلىك پاكىز ئىنسان دېگەنلىكتۇر. پاكىز بولغانلارنى ئاللاھتائالا ھەممە ئىنسانلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلۇغ رەببىمىز قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**«ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى، (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.»**[41] (2-سۈرە بەقەرەنىڭ 222-ئايىتى)

ئاللاھنىڭ سۆيگەن كىشىلىرىدىن بولۇشىمىز ئۈچۈن، پاكىزلىققا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.» دېيىش ئارقىلىق دىنىمىزنىڭ پاكىزلىققا بەرگەن ئەھمىيىتىنى بىلدۈرگەن[42].

41. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
42. «مەشارىقۇل-ئەنۋەر»، 2-جىلد، 107-بەت.

مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا چىقىش ئۈچۈن بەدەن، كىيىم ـ كېچەك ۋە ناماز ئوقۇيدىغان يەر پاكىز بولۇشى كېرەك. دىنىمىز يەنە ئىچكى پاكىزلىققىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بىر مۇسۇلماننىڭ تېشى پاكىز بولغاندەك، قەلبى ۋە روھىنىڭمۇ پاكىز بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

### پاكىزلىق نوقتىسىدىن سۇلار

**سۇلار ئاساسەن ئىككىگە ئايرىلىدۇ:**

**1. مۇتلەق سۇلار:**

بۇلار يامغۇر، قار، كۆل، دەريا، دېڭىز، يەر ئاستى ۋە قۇدۇق سۇلىرىدىن ئىبارەت.

سۇ دېگەن ھامان ئادەمنىڭ كاللىسىغا دەرھال بۇلار كېلىدۇ. بۇ سۇلارغا باشقا بىر نەرسە ئارىلاشتۇرۇلمىغان بولۇپ تەبىئىدۇر.

**2. مۇقەييەد سۇلار:**

بۇلار گۈل سۈيى، ئۈزۈم سۈيىگە ئوخشاش باشقا بىر ماددا بىلەن ئارىلاشقان سۇلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۇلاردا، تاھارەت ئېلىشقا ھەمدە غۇسۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

پاكىزلىق نوقتىسىدىن «**مۇتلەق سۇلار**» بەشكە بۆلىنىدۇ.

1) **پاكىزلىق، شەخسىي تازىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدىغان، ھەمدە ئىشلەتسە مەكروھ بولمايدىغان سۇلار:**

ئۇلار رەڭگى، تەمى، پۇرىقى بۇزۇلمىغان، ئەسلى ئۆزگەرمىگەن ۋە ئىشلىتىشكە بولىدىغان سۇلاردۇر. بۇ سۇلار بىلەن ھەر خىل تازىلىق قىلىشقا، يەنى تاھارەت ئېلىشقا، غۇسۇل قىلىشقا، يېمەك ـ ئىچمەك تەييارلاشقا ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

2) **پاكىز بولسىمۇ شەخسى تازىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدىغان، ئىشلەتسە مەكروھ بولىدىغان سۇلار:**

بۇلار مۈشۈك، توخۇ قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن قۇشقاچ، بۈركۈتكە ئوخشاش ياۋا قۇشلارنىڭ سۈيدۈكى ئارىلىشىپ قالغان سۇلاردۇر. باشقا پاكىز سۇ بار تۇرۇپ، بۇ خىلدىكى سۇلار بىلەن تاھارەت ئېلىش، غۇسۇل قىلىش، ئىچىش ۋە تاماق ئېتىشكە ئىشلىتىش مەكروھتۇر. باشقا پاكىز سۇ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنداق سۇلارنى ئىشلەتسە مەكروھ بولمايدۇ.

3) **ئۆزى پاكىز تۇرۇپ، قايتا باشقا نەرسىلەرنى تازىلاشقا ئىشلىتىشكە بولمايدىغان سۇلار:**

ئۇلار، تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسۇل قىلىشتا ئىشلىتىلگەن سۇلار بولۇپ، ئۇنداق سۇلار بىلەن قايتا تاھارەت ئېلىشقا ۋە غۇسۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

4) **پاكىز بولمىغان سۇلار:**

بۇلار ئىچىگە مەينەت نەرسىلەر چۈشكەن تورغۇن سۇلار بولۇپ، ئىت، توڭگۇز ۋە باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكى بولغان سۇلار. ئۇلار، مەينەت بولۇپلا قالماي ھېچقانداق تازىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ.

**5) گۇمانلىق سۇلار:**

بۇلار ئېشەك ۋە قېچىرنىڭ سۈيدۈكى بولغان سۇلار بولۇپ، بۇنداق سۇلار بىلەن مەينەت نەرسىلەر پاكىزلىنىدۇ. باشقا پاكىز سۇلار بولغان ئەھۋالدا، بۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىنمايدۇ ھەم غۇسۇل قىلىنمايدۇ. باشقا سۇ بولمىسا، تاھارەت ئېلىنىپ، غۇسۇل قىلىنسا بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن تەيەممۇم قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق سۇلارنىڭ پاكىز ياكى ئەمەسلىكى ئېنىق ئەمەس.

**تاھارەتنىڭ پەزىلىتى**

تاھارەت، بەلگىلىك ئەزالارنى تەلەپ بويىچە يۇيۇش، مەسھ قىلىش ئارقىلىق تازىلاش دېگەنلىك بولۇپ، تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە مەنىۋى پايدىسى ھەققىدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«بىر مۇسۇلمان تاھارەت ئالغاندا، قوللىرىنى يۇيسا، قوللىرى بىلەن قىلغان، يۈزىنى يۇيسا، كۆزلىرى بىلەن قىلغان، بېشىغا مەسھ قىلسا، قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاپ قىلغان، پۇتلىرىنى يۇيسا، پۇتلىرى بىلەن مېڭىپ قىلغان گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ.»[43]

"سىلەردىن بىرىڭلار، تولۇق تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىلللەھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھ ۋەئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھ» دېسە، جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئۇ خالىغىنىدىن كىرسە بولىدۇ."[44]

تاھارەر ئېلىشنىڭ سالامەتلىك نوقتىسىدىنمۇ ناھايىتى كۆپ پايدىلىرى بار. تاھارەت ئالغان بىر مۇسۇلمان، ئەتراپىدىكى نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ مەينەت بولغان ئەزالىرىنى دائىم دىگۈدەك يۇيۇپ، پاكىزلاپ، بۇ مەينەتچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نۇرغۇن كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**تاھارەتنىڭ پەرزلىرى**

**تاھارەت پەرىزلىرى تۆت بولۇپ:**

1) يۈزىنى بىر قېتىم يۇيۇش.
2) قوللىرىنى، جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ، بىر قېتىم يۇيۇش.
3) بېشىنىڭ تۆتتە بىرىگە مەسھ قىلىش.
4) پۇتىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم يۇيۇش.

بۇ پەرزلەردىن بىرسى كەم بولسا، تاھارەت كامىل بولمايدۇ.

**تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى**

1) تاھارەت ئېلىشقا نىيەت قىلىش.

43. «ئەت ـ تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 1 ـ جىلد، 155 ـ بەت.
44. يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ 1 ـ جىلد 171 ـ بېتى.

2) تاھارەتنى ئەئۇزۇ ۋە بىسمىللاھ بىلەن باشلاش.
3) ئاۋۋال قوللىرىنى بىلەكلىرىگىچە يۇيۇش.
4) ئاغزىنى مىسۋاك، چىش چوتكىسى ياكى بارماقلىرى بىلەن يۇيۇش.
5) تاھارەت ئالىدىغان ئەزالارنى ئارقا-ئارقىدىن يۇيۇش، يەنى بىر ئەزا قۇرۇمايلا باشقىسىنى يۇيۇش.
6) يۇغاندا، ئەزالارنى تولۇق سىيپاش.
7) ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، ھەر قېتىمدا سۈنى تولۇق چىقىرىش.
8) روزا تۇتمىغاندا، ئاغزىغا ئالغان سۇ بىلەن ئاغزىنى تولۇق غەر-غەر قىلىپ چايقاش.
9) بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىش ۋە ھەر قېتىمدا سول قولى بىلەن مىشقىرىش. (روزا تۇتمىغاندا، سۈنى بۇرنىغا تولۇق سۈمۈرۈش)
10) تاھارەت ئالغان، ئەزالىرىنى يۇيغان ۋە مەسھ قىلغاندا، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ رەت-تەرتىپىنى ئېسىدە تۇتۇش.
11) ھەر ئەزانى ئۈچ قېتىم يۇيۇش.
12) تاھارەت ئېلىشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش.
13) تاھارەتتە قول ۋە پۇتلارنى يۇيغاندا، بارماقلىرىدىن باشلاش.
14) ساقىلى كۆپ بولغانلار، ساقىلىنى نەم قولى بىلەن تاراش.
15) بارماقلىرىدىكى ئۈزۈكنى مىدىرلىتىش.
16) قۇلاقلارغا مەسھ قىلىش.
17) بويىنىغا مەسھ قىلىش.
18) باشنىڭ ھەممە يېرىگە مەسھ قىلىش.
19) بارماقلارنىڭ ئارىسىنى يۇيۇش.

**تاھارەت ئېلىشتىكى ئەدەپ**

1) ناماز ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن، تاھارەت ئېلىپ نامازغا تەييار بولۇش.
2) تاھارەت ئالغاندا، قىبلىگە يۈزلىنىش.
3) ئېگىزرەك بىر يەردە ئولتۇرۇش.
4) تاھارەت ئالغاندا، باشقىلاردىن ياردەم سورىماسلىق.
5) تاھارەت ئېلىۋاتقاندا، مەجبۇر قالمىسا گەپ قىلماسلىق.
6) تاھارەت ئالغاندا، سۈنى ئىسراپ قىلىپ كۆپ ئىشلەتمەسلىك، سۈنى تاھارەت ئېلىنىدىغان ئەزالاردىن تامچىلىمىغىدەك دەرىجىدىمۇ ئاز ئىشلەتمەسلىك كېرەك.
7) تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىش.

## تاھارەت قانداق ئېلىنىدۇ؟

ئاۋۋال قوللارنى بېغىشىنىڭ سەل ئۈستىگىچە سىپاپ يۇيۇش. ئىلاجى بار قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇش كېرەك. «نىيەت قىلدىم، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا» دەپ نىيەت قىلىپ، ئاندىن **«ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم»** ئوقۇلىدۇ.

ئاندىن رەت-تەرتىپى بويىچە: قوللار بېغىشقىچە ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ، بارماقلاردا ئۈزۈك بولسا مىدىرلىتىلىپ، ئۈزۈكنىڭ ئاستى يۇيۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولنىڭ ئالقىنىدا ئېغىزغا ئايرىم-ئايرىم ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، ھەر قېتىمدا تولۇق چايقىلىدۇ. ئاندىن يەنە ئوڭ قول ئالقىنىدا بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىنىپ، سول قول بىلەن بۇرۇننى تۇتۇپ مىشقىرىپ، بۇرنىمىزنى پاكىزلايمىز.

ئاندىن ئۈچ قېتىم يۈز يۇيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋال ئوڭ قول جەينىكى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىلىدۇ، ئاندىن سول قول جەينىكى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قوللار نەملىنىپ، ئوڭ قولنىڭ ئالقىنى ۋە بارماقلىرى باشنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، مەسھ (سىلاش) قىلىنىدۇ. ئاندىن قولنى يەنە نەملەپ، ئوڭ قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوڭ قۇلاقنىڭ ئىچى، باش بارماق بىلەن قۇلاقنىڭ تېشى، سول قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن سول قۇلاقنىڭ ئىچى، باش بارماق بىلەن قۇلاقنىڭ تېشى مەسھ قىلىنىدۇ. ئوڭ ۋە سول قولنىڭ، قالغان ئۈچ بارمىقىنىڭ ئارقىسى بىلەن گەدەن مەسھ قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋال ئوڭ پۇت، ئاندىن سول پۇت ئوشۇقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىلىدۇ. پۇتلارنى يۇغاندا ئوڭ پۇتنىڭ نامسىز بارمىقىدىن باشلاپ نۆۋەت بويىچە باش بارمىقىغىچە، سول پۇتنىڭ باش بارمىقىدىن باشلاپ، نامسىز بارماقىچە نۆۋەتتى بىلەن يۇيىلىدۇ. يەنە بارماقلارنىڭ ئارىلىقلىرىنىمۇ پاكىز يۇيۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

تاھارەت ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىبلىگە يۈزلىنىپ، كەلىمە-شاھادەت ئوقۇلىدۇ. پەرز، سۈننەت ۋە ئەدەپلىرى تولۇق ئورۇنلانغان كەم-كۈتسىز بىر تاھارەت مۇشۇنداق ئېلىنىدۇ. تاھارەت ئالغاندا، ئوقۇلىدىغان دۇئالار بار بولۇپ[45]، ئۇلار ئوقۇلسا، ياخشى بولىدۇ. ئوقۇلمىسىمۇ تاھارەت ئېلىنغان بولىدۇ[46].

## تاھارەت ئېلىشتىكى مەكرۇھلار

**تاھارەتنىڭ مەكرۇھلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:**

1) سۇنى كېرەك بولغىنىدىن كۆپ ئىشلىتىش.
2) سۇ يېتەرلىك بار تۇرۇپ، نورمالدىن ئاز ئىشلىتىش.

45. تاھارەت دۇئالىرى كىتابنىڭ ئاخىرىدا بار.
46. رەسمىلىك تاھارەت ئېلىش ئۇسۇلى كىتابنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان بولۇپ، شۇ يەرگە قارالسۇن.

3) سۇنى، تاھارەت ئېلىنىدىغان ئەزالارغا ۋە يۈزىگە تېزلىك بىلەن سۈركەش.
4) تاھارەت ئېلىۋاتقاندا، ئورۇنسىز گەپ قىلىش.
5) پاسكىنا يەردە تاھارەت ئېلىش.
تاھارەت ئالماقچى بولغان ھەر قانداق كىشى يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلماسلىققا دىققەت قىلىشى لازىم.

**تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئىشلار**

تاھارەتنى بار ھەر قانداق كىشىدە، تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرسى كۆرۈلسە، تاھارەتنى بۇزۇلىدۇ:
1) بەدىنىنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدىن قان، يېرىڭ ياكى سۇ چىقىش.
2) ئاغزى تولغۇدەك دەرىجىدە قۇسۇش.
3) تۈكۈرگەندە، تۈكۈرۈكىنىڭ يېرىمى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قىسمىدا قان بولۇش.
4) چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش ۋە كەينىدىن يەل چىقىپ كېتىش (ئوسۇرۇش).
5) ئايلىنىپ كېتىش، مەست بولۇش.
6) نامازدا كۈلۈش (ناماز ئوقۇمىغان ۋاقىتتا كۈلسە، تاھارەت سۇنمايدۇ.)
7) ئۇخلاپ قېلىش.

**تاھارەتسىز قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار**

1) ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ.
2) قۇرئاننى قىرائەت قىلىشقا بولمايدۇ.
3) تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشقا بولمايدۇ.
4) كەبىنى تاۋاپ قىلساق بولمايدۇ. (كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش ۋاجىب.)

**مەسە (خۇروم پايپاق) ئۈستىدىن مەسھ قىلىش**

تاھارەت ئالغاندىن كېيىن پۇتىغا مەسە كەيگەن كىشى قايتا تاھارەت ئالغاندا، مەسىسىنى سالمايلا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن مەسھ قىلسا بولىدۇ. بۇ دىنىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارغا بەرگەن ئاسانلىقلىرىدىن بىرىدۇر.

سەپەرگە چىقمىغانلار 24 سائەت ئىچىدە، ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا، مەسە ئۈستىدىن مەسھ قىلسا بولىدۇ. 24 سائەتتىن كېيىن مەسھ مۇددىتى تۈگىگەچكە تاھارەت ئالغاندا، مەسىسىنى سېلىپ پۇتىنى يۇيۇشى كېرەك. مۇساپىر بولۇپ بىرەر يەرگە بارغانلار بولسا بۇ مۇددەت ئۈچ كۈن، ئۈچ كېچە، يەنى 72 سائەتكىچە بولىدۇ.

**مەسە ئۈستىدىن مۇنداق مەسھ قىلىنىدۇ:**

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، تاھارەت ئېلىپ، نۆۋەت پۇتقا كەلگەندە، ئاۋۋال ئوڭ قولنى ھۆلدەپ، ئۈچ بارمىقنى (بارماقلىرى كەڭ ئېچىلغان ھالدا) ئوڭ پۇتىمىزدىكى مەسىنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ پاچاققا تاقاشقىچە، ئوشۇقتىن سەل ئاشقان يەرگىچە سىلايمىز. ئاندىن سول قولىمىزنى ھۆل قىلىپ، سول پۇتتىكى مەسە ئۈستىدىنمۇ ئوخشاش مەسھ قىلىمىز. مەسىنىڭ ئاستى مەسھ قىلىنمايدۇ.

**مەسھنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى**

مەسە ئۈستىدىن مەسھ قىلىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەر تەييارلىنىشى كېرەك:

1) مەسە، تاھارەت ئېلىپ بولغاندا (يەنى پۇتلار يۇيۇلۇپ بولغاندا) كېيىلىشى كېرەك.

2) مەسە ئوشۇقتىن ئاشقان بولۇشى كېرەك بولۇپ، ئوشۇقتىن قىسقا بولسا، مەسھ قىلىشقا بولمايدۇ.

3) مەسە ناھايىتى چىدامىلىق بولۇشى كېرەك.

4) مەسىدە پۇتنىڭ چىمچىلاقتىن ئۈچ بارماقچە بولغان تۆشۈك، يېرتىق ۋە سۆكۈلۈپ كەتكەن يەر بولماسلىقى كېرەك.

5) مەسە قېلىنراق بولۇشى كېرەك.

6) مەسە سۇ ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك.

7) مەسە كىيگەن كىشىنىڭ، مەسىسىنىڭ ئۇچىدا ئۈچ بارماقچىلىك يەر بوش بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىر پۇتىدىكى مەسىدە ئۇ بوشلۇق بولمىسىمۇ، ئۇ چاغدا مەسھ قىلماي پۇتنى يۇيۇشى كېرەك.

**مەسھنى سۇندۇرىدىغان ئىشلار:**

1) تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئىشلاردىن بىرى يۈز بەرسە، يېڭىدىن تاھارەت ئالغاندا، يېڭىدىن مەسھ قىلىش كېرەك.

2) مەسىنى سېلىش. ئەگەر بۇ ئەھۋالدا بولغان كىشى، تاھارەتلىك بولسا، پۇتىنىلا يۇيسا بولىدۇ. مەسىسىدىن بىرىنى سالغان تەقدىردىمۇ، ھەر ئىككى پۇتنى يۇيۇشى كېرەك. ئەگەر تاھارەتلىك بولمىسا، يېڭىدىن تاھارەت ئېلىپ، پۇتنى يۇيۇشى كېرەك.

3) مەسھ مۇددىتى توشۇش. مەسھ مۇددىتى توشقاندا، ئەگەر تاھارەت سۇنمىغان بولسا، مەسىنى سېلىپلا پۇتنى يۇيسا بولىدۇ. ئەگەر تاھارەت بولمىسا، قايتا تاھارەت ئېلىپ، پۇتنى يۇيۇش كېرەك.

**تېڭىق ئۈستىدىن مەسھ قىلىش**

بەدىنىمىزنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە زىدە ياكى يارا سەۋەبىدىن تېڭىق بولسا، تاھارەت ۋە غۇسۇل قىلغاندا، تېڭىقنى يېشىپ يۇيۇش كېرەك، ئەگەر تېڭىقنى يېشىش زىيانلىق بولسا، تېڭىقنى يەشمىسەكمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋالدا قولىمىزنى نەم قىلىپ،

تېگىق ئۇستىدىن بىرلا قېتىم مەسھە قىلساق بولىدۇ.

يارا ئۇستىگە دورا سۈركەلگەن بولسا، تېگىق بولمىسا، ئۇنى يۇيۇش زىيانلىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، سۇ بىلەن يۇيۇش؛ ئەگەر سۇ زىيانلىق بولسا، قولىمىزنى نەملەپ، يارا ئۇستىدىن مەسھە قىلساق بولىدۇ. ئەگەر نەملەشمۇ زىيانلىق بولسا قىلمىساقمۇ بولىدۇ.

## غۇسۇل قىلىش

پۈتكۈل بەدەنىنىڭ ھېچ بىر يېرىنى چالا قويماي يۇيۇش، غۇسۇل قىلىش دېيىلىدۇ.

## غۇسۇل قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار:

**1.** جۇنۇپ بولغاندىكى ئامىللار:

1) ئەر-خوتۇنىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى.

2) ئۇخلىغان ياكى ئويغاق چاغدا، بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل-قىزنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن مەنى چىقىش.

**2.** ھەر ئاينىڭ بەلگىلىك ۋاقتىدا، خانىم-قىزلارنىڭ ئادەت كۆرگەن كۈنى ئاخىرلىشىش.

**3.** تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ تۇغۇت كۈنى ئاخىرلىشىشى.

يۇقىرىقى ئەھۋالدىكىلەرنىڭ غۇسۇل قىلىشى پەرز. ئۇلار غۇسۇلسىز:

1) ناماز ئوقۇسا بولمايدۇ.

2) قۇرئان ئوقۇسا بولمايدۇ.

3) قۇرئاننى تۇتۇپ ۋاراقلىسا بولمايدۇ.

4) كەبىنى تاۋاپ قىلالمايدۇ.

5) مەجبۇر قالمىسا، مەسجىدكە كىرسە بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەت كۆرگەن كۈنلىرى ۋە تۇغۇتلۇقتا ياتقان ۋاقتلىرىدا، روزا تۇتسا بولمايدۇ.

غۇسۇل ئېلىش كېرەك بولمىغان ۋاقتلاردىمۇ، جۈمە ۋە ھېيت-بايرام كۈنلىرى ئۈچۈن غۇسۇل قىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر.

## غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى

غۇسۇل قىلىشنىڭ پەرزلىرى ئۈچ بولۇپ، بۇلار:

1) ئېغىزىغا سۇ ئېلىپ بوغۇزىغىچە غەر-غەر قىلىپ چايقاش.

2) بۇرنىغا سۇ ئېلىپ مىشقىرىش.

3) پۈتكۈل بەدەننى (يىڭنىچىلىك بوش يەر قالدۇرماي) يۇيۇش.

## غۇسۇلنىڭ سۈننەتلىرى

غۇسۇل قىلىشنىڭ ئاساسلىق سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1) غۇسۇلنى بىسمىللاھ (ئاللاھنىڭ نامى) بىلەن باشلاش.
2) غۇسۇلغا نىيەت قىلىش.
3) بەدەننىڭ قايسى يېرىدە كىر بولسا، ئاۋۋال شۇ يەرنى يۇيۇپ تازىلاش.
4) ئەۋرەت يەرلىرىنى يۇيۇش.
5) غۇسۇل قىلىشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش.
6) تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال باشنى ئۈچ قېتىم، ئاندىن ئوڭ مۈرىنى ئۈچ قېتىم، سول مۈرىنىمۇ ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇپ يۇيۇش، ھەر قېتىم سۇ قۇيغاندا، ئۇ سۇ بىلەن بەدەننىڭ ھەر يەرلىرىنى سىلاپ يۇيۇش.
7) سۇ قۇيۇلغاندا بەدەننى ئۇۋۇلاپ يۇيۇش.
8) ئاياغ تەرەپكە سۇ تېگىپ تۇرغان بولسا، تاھارەت ئالغاندا، پۇتنى يۇيماي، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن يۇيۇشقا قالدۇرۇش.

### غۇسۇل قانداق قىلىنىدۇ؟

غۇسۇل قىلماقچى بولغان بىر كىشى ئاۋۋال «بىسمىللاھ»نى ئوقۇپ، ئاندىن يۇيۇنۇشقا نىيەت قىلىدۇ. قوللىرىنى بېغىشغىچە يۇيۇپ ئاندىن ئەۋرەت يەرلىرىنى يۇيۇپ پاكىزلايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قول ئالقىنى بىلەن ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، ھەر قېتىم بوغىزىغىچە غار-غار قىلىپ چايقايدۇ. روزا تۇتقان بولسا، گېلىدىن سۇ ئۆتۈپ كېتىشكە دىققەت قىلىدۇ، ئاندىن ئوڭ قول ئالقىنىدا، ئۈچ قېتىم بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، ھەر قېتىم سول قولى بىلەن مىشقىرىپ بۇرنىنى تازىلايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، تاھارەت ئالىدۇ. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۈچ قېتىم ئوڭ مۈرىسىگە، ئاندىن ئۈچ قېتىم سول مۈرىسىگە سۇ قۇيۇپ يۇيىدۇ. ھەر قېتىم سۇ چۈشكەندە، سۇنى قولى يەتكەن يەرگىچە سىلاپ، يىڭنىچىلىك يەرنىمۇ چالا قويماي، پۈتكۈل بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ.

### يۇيۇنغاندا:

كىندىك، قۇلاقلارنىڭ ئىچى، ھالقا تۆشۈكلىرى، چىش ئارىلىرى، بۇرۇتلار، چاچ-ساقال قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ ئاستىنىغىمۇ نەملىششىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

غۇسۇل قىلغاندا، دۇئا قىلىنمايدۇ، ئۈستىدە بىر يېپىنچا بولمىغان ئەھۋالدا، قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىشكە بولمايدۇ ۋە قالايمىقان گەپ-سۆز قىلىشقا بولمايدۇ. مانا بۇ پەرز ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلىنغان غۇسۇلدۇر.

غۇسۇل قىلىشى كېرەك بولغان كىشى، ئېغىز-بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، پاكىزلىغاندىن كېيىن، ئاقار سۇ، دېڭىز ياكى كىچىك بىر كۆلگە چۈشۈپ، بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى نەمدىسىمۇ، غۇسۇل قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆزۈرلۈك بولغانلارنىڭ ئەھۋالى:**

تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن بىرىنىڭ، بىر ناماز سائىتى توشمىغان ۋاقىتقىچە داۋاملىششى ئۆزۈر دەپ ئاتىلىدۇ؛ بۇنداق بىر ئەھۋالدا قالغان كىشى «ئۆزۈر ئىگىسى» دېيىلىدۇ.

بىر كېسەللىك سەۋەبىدىن بەدىنىنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدىن قان ۋە باشقا سۇيۇقلۇق (سۈيدۈك تامچىسى، يىرىڭ قاتارلىقلارغا ئوخشاش) كەلگەن كىشى، ناماز سائىتى ئىچىدە، سۇيۇقلۇق توختىسىلا تاھارەت ئېلىپ نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ سۇيۇقلۇق، پۈتكۈل ناماز سائىتىدە داۋاملىشىپ، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغۇچە توختىمىسا، ئۇ كىشى «ئۆزۈر ئىگىسى» ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەھۋالدا بولغان ھەر قانداق كىشى، ناماز ۋاقتى كەلگەندە، ئۇ سۇيۇقلۇق كېلىۋاتقان تەقدىردىمۇ، تاھارىتىنى ئېلىپ، نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ. داۋاملىق ئېقىۋاتقان سۇيۇقلۇقنىڭ سىرتىدا، تاھارەتنى بۇزىدىغان باشقا بىر ئەھۋال يۈز بەرمىسە، ئۇ تاھارەت بىلەن ناماز سائىتى ئىچىدە خالىغانچە ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. (قازا نامىزى ۋە نەپلە نامازلىرىغا ئوخشاش)

ئۆزۈر ئىگىسىنىڭ تاھارىتى شۇ ناماز سائىتىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن تۈگەيدۇ. ئۆزۈر داۋاملاشقان ئەھۋال ئاستىدا، ھەر ناماز ئۈچۈن ناماز ۋاقتى كېلىشى بىلەنلا قايتا تاھارەت ئېلىشى كېرەك.

بۇ دىنىمىزنىڭ ئۆزۈر ئىگىسىگە يارىتىپ بەرگەن بىر ئاسانلىقىدىن ئىبارەت.

**خانىم ـ قىزلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللىرى**

خانىم ـ قىزلارغا خاس ئۈچ ئەھۋال بولۇپ:

**1. ئادەت كۆرگەندىكى ئەھۋال:**

قىزلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلاردا ئالاھىدە بىر ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ئۇ «ئادەت كۆرۈش ئەھۋالى» دېيىلىدۇ. ئادەت كۆرۈش ئەھۋالى ھەر ئاينىڭ بەلگىلىك كۈنلىرىدە يۈز بېرىپ، نورمالدا 55 ياشقا بارغىچە داۋاملىشىدۇ. بەزى ئاياللاردا بۇ ياشتىن بۇرۇنلا توختاپ قالىدۇ.

ئادەت كۆرۈش ئەھۋالى ئاياللارغا قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ، ئەڭ ئاز بولسا ئۈچ كۈن، ئەڭ كۆپ بولسا ئون كۈن بولىدۇ. ئۇ كۈنلەر ئىچىدە، قاننىڭ داۋاملىق كېلىشى شەرت ئەمەس. قان ئارىلاپ كەلسىمۇ، بۇ مەزگىل يەنىلا ئادەت كۆرۈش ئەھۋالى ھېسابلىنىدۇ. ئادەت كۆرۈش ئەھۋالى داۋاملاشقان كۈنلەردە، بەزى ئىشلارنى قىلىش ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر خانىم ـ قىز ئۆزىنىڭ ئادەت كۆرۈش كۈنىنى ياخشى بىلىشى ۋە دىققەت قىلىشى كېرەك.

خانىم ـ قىزلاردا ئادەت كۆرۈش ئەھۋالى داۋاملاشقان كۈنلىرى:

1) ناماز ئوقۇسا بولمايدۇ.

2) روزا تۇتسا بولمايدۇ.

3) قۇرئان ئوقۇسا بولمايدۇ.

4) قۇرئانغا قول تەككۈزسە بولمايدۇ.

5) كەبىنى تاۋاپ قىلسا بولمايدۇ.
6) مەسجىدكە كىرسە بولمايدۇ.
7) يولدىشى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلسا بولمايدۇ.

ئادەت كۆرۈش ئاخىرلاشقاندا، غۇسۇل قىلىش پەرزدۇر. خانىم-قىزلار، ئادەت كۆرگەن كۈنلىرىدە ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدۇ، بۇلارنى ئاللاھتائالا كەچۈرۈم قىلىدۇ. لېكىن رامىزان ئېيىدىكى روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتىشى كېرەك.

**2. تۇغۇتلۇق ۋاقتىدىكى ئەھۋالى:**

بالا تۇغقان خانىم-قىزلاردا يۈز-بەرگەن ئالاھىدە بىر ئەھۋال «تۇغۇتلۇقتىكى ئەھۋال» دېيىلىدۇ.

تۇغۇتلۇق چاغدىكى ئەھۋال بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ، ئەڭ كۆپ بولسا، 40 كۈن داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭ چەكلىمىسى يوق بولۇپ، 40 كۈندىن بۇرۇن ئاخىرلاشسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايال غۇسۇل قىلىپ ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. 40 كۈننى تولدۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر تۇغۇتلۇق كۈنلىرىدە، قان ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ داۋاملاشسا، ئۇ كۈنلەرمۇ تۇغۇتلۇق مەزگىلىدىكى ئەھۋالى ھېسابلىنىدۇ.

ئادەت كۆرگەندە قىلىنىشى چەكلەنگەن (ھارام قىلىنغان) ئىشلار، تۇغۇتلۇق مەزگىلىدىمۇ ھارام بولىدۇ.

تۇغۇت مەزگىلىدىكى ھالى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، غۇسۇل قىلىش پەرزدۇر. تۇغۇتلۇق مەزگىلىدە ئوقۇيالمىغان نامازلار قازا بولمايدۇ، ئەمما رامىزاندا تۇتۇلمىغان روزىلار قازا بولۇپ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا تولۇقلاپ تۇتۇۋالسا بولىدۇ.

**3. ئىستىھازە**

ئادەت كۆرۈش ھالى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتىلا توگىسە، بۇ ئادەت كۆرۈش ھالىتى ئەمەس، ئاياللار ئۈچۈن بىر ئۆزۈر ھېسابلىنىدۇ. ئون كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلغان ئادەت كۆرۈش ھالىتى بىلەن قىرىق كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلغان تۇغۇتلۇق ھالىتى ۋە ھامىلە بولغان چاغدا ئاققان سۇيۇقلۇقلارمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئۆزۈر بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللار «ئىستىھازە» دېيىلىدۇ.

خانىم-قىزلار ئۇ ئەھۋالدا نامىزىنى ئوقۇسا، روزىلىرىنى تۇتسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەت كۆرۈش ۋە تۇغۇتلۇق مەزگىلىدىكى ھالى ئەمەس، بەلكى بۇرنى قانىغاندەكلا بىر ئۆزۈر ھالىتى ھېسابلىنىدۇ.

**تەيەممۇم**

نىيەت قىلىپ، پاكىز توپا ياكى توپراق جىنسىدىن بولغان بىر نەرسىگە، قولىمىزنى ئۇرۇپ ياكى سۈركەپ، يۈز ۋە قوللارغا مەسھ قىلىش تەيەممۇم دېيىلىدۇ. تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسۇل قىلىشقا سۇ تاپالمىغاندا تەيەممۇم قىلىش تاھارەت ئالغان ۋە غۇسۇل قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ.

**تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى**

تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى ئىككى بولۇپ:

1) نىيەت قىلىش.

2) قوللىرىنى پاكىز بىر توپىغا ياكى توپىدىن بولغان ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئىككى قېتىم سۈركەپ، بىرىنچى قېتىمقىدا يۈزنى، ئىككىنچى قېتىمدا قوللارنى مەسھ قىلىش.

**تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى**

1) ئاۋۋال «بىسمىللاھ» دېيىش.

2) رەت-تەرتىپى ئېسىدە بولۇش.

3) توختاپ قالماي، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى قىلىش.

4) توپىغا ئالقاننى قويغاندا، ئاۋۋال ئالدىغا ئىتتىرىپ سۈركەش.

5) ئاندىن ئارقىغا سۈركەپ تارتىش.

6) بارماقلار بىر-بىردىن ئايرىلىپ تۇرۇش.

7) قوللارنى يەردىن ئايرىغاندىن كېيىن، ئەگەر بەكلا توپا-چاڭ بولسا، بىر-بىرىگە ئۇرۇپ قېقىۋېتىش كېرەك.

**تەيەممۇم قانداق قىلىنىدۇ؟**

يەڭ جەينەكنىڭ ئۈستىگىرەك تۈرۈلۈپ، قايسى ئىبادەت ئۈچۈن تەيەممۇم قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا نىيەت قىلىنىدۇ. بارماقلار ئېچىلىپ، قولنىڭ ئالقىنىنى تۇپىغا ياكى توپىدىن بولغان بىر نەرسىگە بىر قېتىم تەككۈزۈلىدۇ، ئەگەر بەكلا كۆپ توپا-چاڭ چاپلىشىۋالسا، قولنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ قېقىۋېتىش كېرەك. ئاندىن كېيىن ئالقان بىلەن بىر قېتىم يۈز مەسھ قىلىنىدۇ

قوللارنى قايتا يەنە تۇپىغا تەككۈزۈپ، سول قولنىڭ ئالقىنى بىلەن ئوڭ قولنىڭ جەينىكىدىن سەللا ئاشقان يەرگىچە مەسھ قىلىنىدۇ، ئاندىن ئوڭ قولنىڭ ئالقىنى بىلەن سول قولنىڭ جەينىكىدىن سەللا ئاشقان يەرگىچە مەسھ قىلىنىدۇ.

**تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئىشلار**

1) تاھارەتنى سۇندۇرغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى تەيەممۇمنىمۇ بۇزىدۇ.

2) تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن سۇ بار تۇرۇپ، ئۇ سۇنى ئىشلەتكىلى بولسا تەيەممۇم بۇزۇلىدۇ.

3) بىر يارا ياكى ئۆزۈر سەۋەبىدىن بەدىنىگە سۇ تەككۈزۈشكە بولماي، تەيەممۇم قىلىشقا مەجبۇر بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزرى تۈگىشى بىلەنلا تەيەممۇمۇ بۇزۇلىدۇ.

**تەيەممۇم قانداق ئەھۋالدا قىلىنىدۇ؟**

1) تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن پاكىز سۇ تاپالمىغان چاغدا.

2) سۇ تېپىلىپ، ئۇنى ئىشلىتىش مۇمكىن بولمىغاندا ۋاقتىتا.
3) بەدەننىڭ ھەممە يېرى ياكى كۆپ قىسمى يارىلىنىپ، سۇ ئىشلىتىش زىيانلىق بولغان ئەھۋالدا.
تەيەممۇم، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە بىز مۇسۇلمانلارغا ئىبادەتلىرىمىزنى قىينالماي قىلىشىمىز ئۈچۈن ئاللاھتائالا ئاتا قىلغان بىر ئاسانلىقتۇر.

**ئوقۇشلۇق:**

**مۇھىت پاكىزلىقى**

پاكىزلىق دېگەندە پەقەت بەدەن، كىيىم-كېچەك ۋە ئۆي ئىچى پاكىزلىقىنى كۆرستىپلا قالمايدۇ. دىنىمىزدا پاكىزلىقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. شۇڭا مۇھىت يەنى ئەتراپىمىزنىڭ پاكىزلىقى ھەققىدىمۇ ئايرىم توختىلىپ ئۆتۈش كېرەك. چۈنكى ئەتراپىمىزنىڭ پاكىزلىقى، پەقەت ئۆزىمىزنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم مەسىلىدۇر. ئەتراپنى پاسكىنا قىلىش، باشقىلارنى بىئارام قىلىش بىلەن بىللە ئۇلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش دېگەنلىك بولىدۇ. مۇسۇلمان باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان ۋە ھېچ قانداق بىر جانلىققا ئازار بەرمەيدىغان ئىنساندۇر.

پەيغەمبىرىمىز: «مەھەللە-كوچىلىرىڭلارنى تازىلاڭلار!»[47] دېيىش ئارقىلىق ئۆينىڭ ئەتراپىنىمۇ تازىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېيتقان.

پاكىز بولغان مۇھىتنى مەينەت قىلىش، ئىنتايىن ناچار بىر ئادەت بولۇپ، ئۇ ھېچ بىر مۇسۇلمانغا ياراشمايدىغان ئەدەپسىزلىكتۇر.

پەيغەمبىرىمىز: «لەنەتكە ئۇچرىغانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار!» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

بۇ ھەقتە ساھابىلەر:

- ئۇلار كىم؟ ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز:

- كىشىلەرنىڭ دائىم ماڭىدىغان يوللىرى ۋە سايىدايدىغان يەرلىرىنى پاسكىنا قىلىۋەتكەنلەر. - دېدى[48].

ئىنسانلارنىڭ بېرىپ-كېلىدىغان يوللىرى، ئولتۇرۇپ-قوپىدىغان ۋە دەم ئالىدىغان يەرلىرىنى مەينەت قىلىپ، باشقىلارنى بىئارام قىلىش، ئىسلام ئەخلاقىغا پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدۇ.

مۇسۇلمان باشقىلارنى بىئارام قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلمايدۇ. ئۇ ھەر كۈنى بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان يوللارنى پاكىز تۇتۇپ ۋە رىمۇنىت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئومۇمنىڭ مۈلكى بولغان باغچا، گۈللۈك ۋە ساياھەت يەرلىرىنىڭ تازىلىقىغا ئاكتىپلىق بىلەن رىئايە قىلىدۇ.

47. تىرمىزى، «ئەدەپ».
48. «رىيازۇس-سالىھىن»، 3-جىلد، 282-بەت.

پەيغەمبىرىمىز تۇرغۇن سۇلارغا تەرەت قىلىشنى چەكلىگەن، ئۇنىڭ بىر مەسجىد تېمىدىكى تۆكۈرۈكنى قولدىكى تاش پارچىسى بىلەن قىرىپ ئېلىۋېتىشى، مۇھىت تازىلىقىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز يەرگە قالايمىقان تۆكۈرۈشكىمۇ رۇخسەت قىلمىغان يەردە، بىر مۇسۇلمان قانداقلارچە ئەتراپىنى مەينەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلسۇن!؟

پەيغەمبىرىمىز: «پىياز ياكى سامساق يېگەن كىشى، بىزدىن ۋە مەسجىدىمىزدىن يىراق تۇرسۇن.»[49] دېگەن. ئەسلىدە، پىياز ۋە سامساق پايدىلىق كۆكتاتلاردۇر. لېكىن ئۇنى يېگەن كىشىنىڭ ئاغزى پۇراپ، باشقىلارنى بىئارام قىلىدۇ. شۇڭا مەسجىدكە پىياز ياكى سامساق يەپ كىرمەسلىك، يېگەندە ئۇنىڭ پۇرىقىنى ئېغىزدىن يوقاتمىغۇچە باشقىلارغا يېقىنلاشماسلىق، ھېچكىمنى بىئارام قىلماسلىق كېرەك.

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە تازىلىققا رىئايە قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنداق بولسا بىز ئۆزىمىز ۋە مۇھىتىمىزنى پاكىز تۇتۇپ، ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرىدىن بولۇشقا تىرىشايلى. پاكىز بولغانلارنى باشقا كىشىلەرمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئەتراپنى مەينەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە قالغاندىن تازىلىققا رىئايە قىلىپ، باشقىلارنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشايلى.

**سوئاللار:**

1) ئىسلامنىڭ پاكىزلىققا بەرگەن ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
2) پاكىزلىق جەھەتتىن سۇلار قانچىگە ئايرىلىدۇ؟
3) تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
4) تاھارەت ئېلىشنىڭ پەرز، سۈننەت ۋە ئەدەپلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
5) تاھارەتنى قانداق ئالىمىز؟
6) تاھارەت ئېلىشنىڭ مەكرۇھلىرى ۋە ئۇنى بۇزغان ئامىللار قايسىلار؟
7) تاھارەتتە يوق كىشى نېمىلەرنى قىلسا بولمايدۇ؟
8) مەسىنىڭ ئۈستىدىن قانداق مەسھ قىلىنىدۇ؟
9) تېڭىق ئۈستىدىن قانداق مەسھ قىلىنىدۇ؟
10) غۇسۇل قىلىش دېگەن نېمە؟ غۇسۇل قىلىش كېرەك بولغان ئامىللار قايسىلار؟
11) جۇنۇپ بولغاندا قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار قايسىلار؟
12) غۇسۇلنىڭ پەرز ۋە ئاساسلىق سۈننەتلىرى قايسىلار؟
13) غۇسۇل قانداق قىلىنىدۇ؟
14) ئۆزرۇر ئىگىسى قانداق قىلىشى كېرەك؟
15) خانىم-قىزلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللىرى قايسىلار؟

49. بۇخارىي، «بابۇ بەدىل-ئەزان»

16) تەيەممۇم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرى قايسىلار؟
17) تەيەممۇم قانداق قىلىنىدۇ؟
18) تەيەممۇم قانداق ئەھۋال ئاستىدا قىلىنىدۇ؟

# ناماز ئوقۇش (1)

تۆتىنچى باب

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- نامازنىڭ مۇھىملىقى
- ناماز كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟
- نامازنىڭ ۋاقتى ۋە ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغان ۋاقىتلار
- نامازنىڭ تۈرلىرى
- نامازنىڭ پەرز، ۋاجىب، سۈننەتلىرى
- نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار
- نامازدىكى مەكرۇھلار
- بەش ۋاقىت نامازنىڭ ئوقۇلۇشى
- بامدات نامىزى
- پېشىن نامىزى
- ئەسىر نامىزى (نامازدىگەر)
- شام نامىزى (ناماز شام)
- خۇپتەن نامىزى
- ۋىتىر نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى
- نامازدىن كېيىن نېمىلەر ئوقۇلىدۇ؟

**نامازنىڭ مۇھىملىقى**

**ئىسلامنىڭ بەش شەرتىدىن ئىككىنچىسى ناماز ئوقۇش.** ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ۋەزىپىسى، ئاللاھنىڭ مەۋجۇت ۋە بىر ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش. ئىماندىن كېيىنلا پەرزلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغىنى نامازدۇر. بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش، ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن مىراج كېچىسى پەرز قىلىنغان.

ناماز روھىيەتنى پاكلايدىغان، قەلبنى يورۇتىدىغان، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا، ئىنساننىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدىغان بىر ئىبادەتتۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى»[50] دېيىش ئارقىلىق، نامازنىڭ دىنىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ناماز بىزگە جىسمانىي ۋە مەنىۋىي پاكىزلىق ئاتا قىلىدىغان بىر نۇردۇر. مۇسۇلمانلار ناماز ئارقىلىق گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ، جەننەتكە كىرىشكە لايىق بىر بەندە بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

50. «كەشفۇل ھافا»، 2 ـ جىلد، 31 ـ بەت.

«سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر دەريا بولسا، ئۇ ھەر كۈنى دەريادا بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭدا كىر قالامدۇ؟»
ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار:
«ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھېچ قانداق كىر قالمايدۇ!» دەپ جاۋاب بەردى.
پەيغەمبىرىمىز:
«بەش ۋاقىت نامازمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ، ناماز بىلەن گۇناھلارنى يۇيىۋېتىدۇ»[51] دەپ تەلىم بەردى.
ناماز چىن كۆڭلى بىلەن ئاللاھتىن قورققان كىشىلەرنى گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلايدۇ. بۇ ھەقىقەت، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:
**«(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيي قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش، ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر.»**[52] (29-سۈرە ئەنكەبۇتنىڭ 45-ئايىتى)
نامىزنى توغرا-دۇرۇس ئوقۇغان بىر كىشى، گۇناھ قىلىشتىن قۇتۇلۇپ، ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ، ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىپ، جەننەتنىڭ يورۇق، داغدام يولى ئۇ كىشى ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ناماز ئوقۇش مەجبۇرىيىتى بولغىنىدەك، بالىلىرىغىمۇ ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىش مەجبۇرىيىتى بار. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا تولغان ھامان، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار.»[53]
ئاتا-ئانا يەتتە ياشقا يەتكەن بالىسىغا، ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتسە، ئۇ بالا بالاغەتكە يەتكۈچە، نامازنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆنىدۇ.

## ناماز

بامدات، پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن، بەش ۋاقىت،
ئۇقۇساڭ، ئېچىتكى كىر-قاتنى يوقىتار ھەر ۋاقىت.

ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ، قەلبىگە نۇرلار تولار،
ئوقۇمىغاننىڭ يۈزلىرى، كۆرۈمسىز سۇلغۇن بولار.

ناماز دېمەك ئۇ، ئاللاھ بىلەن كۆرۈشۈش دېمەك،
كۆرۈشۈش دېمەك، ئېرىشمەكتۇر نۇرىغا دېمەك.

51. «بۇخارى»، 2-جىلد، 475-بەت.
52. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
53. «كەشفۇل ھافا»، 2-جىلد، 203-بەت.

تاھارەت ئېلىپ تازىلىنىپ، پاكىز بولغىن بالدۇرلا،
پاكىز-رەتلىك بولۇشقا، كۆنمەك كېرەك كىچىكلا.

- م. شەرافەتتىن يالتقايا

### ناماز كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟

بىر كىشىگە نامازنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتنى تەييارلىشى كېرەك:

1. مۇسۇلمان بولۇش.
2. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.
3. ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولۇش.

### نامازنىڭ ۋاقىتلىرى

كۈندە بەش ۋاقىت ناماز بار بولۇپ، ئۇلار بامدات، پېشىن، ئەسىر (ناماز دىگەر)، شام، خۇپتەندىن ئىبارەت. بۇ نامازلارنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت-سائىتى بار بولۇپ، ئۇلارنى ۋاقتىدا ئوقۇش شەرت. ۋاقتىدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇش توغرا بولمىغاندەك، ئۆزرۈرسىز ھالدا نامازنىڭ ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشمۇ گۇناھ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن ھالدا پەرز قىلىندى.»**[54]
(4-سۈرە نىسانىڭ 103-ئايىتى)

**بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى:** ئەتىگەنگە يېقىن، گۇگۇم يورۇپ، قۇياشنىڭ چىقىشىغىچە بولغان ۋاقىت.

**پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى:** قۇياش دەل ئۈستىمىزدە تىكلىشىپ، سايە ئالدىغا ئۇزىرىشقا باشلىغان چاغدىن، ھەممە نەرسە ئۆز سايىسىدىن بىر ياكى ئىككى ھەسسە ئۇزارغىچە بولغان ۋاقىت.

**دىگەر نامىزىنىڭ ۋاقتى:** پېشىن نامىزى تۈگەپ، قۇياش ئولتۇرغىچە بولغان ۋاقىت.

**شام نامىزىنىڭ ۋاقتى:** قۇياش ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرىدىكى قىزغۇچ شەپەق نۇرى يوقالغىچە بولغان ۋاقىت.

**خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى:** شام نامىزىنىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشىپ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى كەلگىچە بولغان ۋاقىت.

**ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتى:** ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتى، خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى بىلەن ئوخشاش. چۈنكى، ۋىتىر نامىزى نورمالدا خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

**جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى:** پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى بىلەن ئوخشاش.

**تەراۋىھ نامىزىنىڭ ۋاقتى:** خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى بىلەن ئوخشاش.

54. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

**ھېيت ـ بايرام نامازلىرىنىڭ ۋاقتى:** ھېيت كۈنلىرى ئەتىگەن قۇياش چىقىپ، 50 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، قۇياشنىڭ تىكلەشكەن ۋاقتىغىچە بولغان ۋاقىت.

**ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغان ۋاقىتلار**

كۈندۈزنىڭ بەزى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. بۇلار:

1) قۇياش چىقىۋاتقان ۋاقىت.

2) قۇياش تىكلىشىپ، غەرپكە قاراپ ماڭمىغان ۋاقىت.

3) قۇياش ئولتۇرىۋاتقان ۋاقىت.

پەقەت ئۇ كۈندىكى دىگەر نامىزىنىڭ پەرزى ئوقۇلمىغان بولسا، قۇياش ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئوقۇلسا بولىدۇ.

**نامازنىڭ تۈرلىرى**

نامازنىڭ ئاساسەن ئۈچ خىل تۈرى بولۇپ:

1) پەرز نامازلار.

2) ۋاجىب نامازلار.

3) نەپلە نامازلار.

**1. پەرز نامازلار:**

ئۇلار بەش ۋاقىت ناماز، جۈمە نامىزى ۋە مېيىت نامىزىدۇر.

**بەش ۋاقىت ناماز:**

1) **بامدات نامىزى:** 4 رەكئەت بولۇپ، 2 رەكئەت سۈننەت، 2 رەكئەت پەرز.

2) **پېشىن نامىزى:** 10 رەكئەت بولۇپ، 4 رەكئەت دەسلەپكى سۈننەت، 4 رەكئەت پەرز، 2 رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت.

3) **ئەسىر نامىزى:** 8 رەكئەت بولۇپ، 4 رەكئەت سۈننەت، 4 رەكئەت پەرز.

4) **شام نامىزى:** 5 رەكئەت بولۇپ، 3 رەكئەت پەرز، 2 رەكئەت سۈننەت.

5) **خۇپتەن نامىزى:** 10 رەكئەت بولۇپ، 4 رەكئەت دەسلەپكى سۈننەت، 4 رەكئەت پەرز، 2 رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت.

**بەش ۋاقىت نامازدىن باشقا، پەرز بولغان نامازلار:**

1) **جۈمە نامىزى:** 10 رەكئەت بولۇپ، 4 رەكئەت دەسلەپكى سۈننەت، 2 رەكئەت پەرز، 4 رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت.

2) **مېيىت (مېييت) نامىزى:** پەرزى كۇفايە يەنى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئورۇنلىشى بىلەن باشقا مۇسۇلمانلار مەسئۇلىيەتتىن ساقىت بولىدۇ. مەسىلەن، مېيىت نامىزى ئوقۇشقا ئوخشاش.

**2. ۋاجىب نامازلار:**

1) **ۋىتىر نامىزى:** 3 رەكئەت.

2) **روزى ھېيت نامىزى:** 2 رەكئەت.

3) **قۇربان ھېيت نامىزى:** 2 رەكئەت.

**2. نەپلە نامازلار:**

پەرز ۋە ۋاجىب نامازلىرىدىن باشقا نامازلار «نەپلە نامازلار» دېيىلىدۇ.

**نەپلە نامازلار ئىككىگە بۆلىنىدۇ، بۇلار:**

1) پەرز نامازلىرىغا باغلىنىپ ئوقۇلىدىغان نەپلە نامازلار:

ئۇلار پەرزلەردىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئوقۇلىدىغان، سۈننەت نامازلىرى بىلەن رامىزان كېچىلىرى ئوقۇلىدىغان تەراۋىھ نامازلىرى.

2) پەرز نامازلىرىغا باغلانمايدىغان ئوقۇلىدىغان نەپلە نامازلار:

ئۇلار مۇستەھەب ياكى مەندۇب نامازلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بەزىدە ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ.

**ئۇلاردىن بەزىلىرى:**

1) **چاشگاھ نامىزى:** قۇياش چىقىپ، مەكرۇھ بولغان ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاز 2 رەكئەت، ئەڭ كۆپ بولغاندا 12 رەكئەت ئوقۇلىدىغان ناماز.

2) **تەھەججۇد نامىزى:** يېرىم كېچىدىن كېيىن ئەڭ ئاز 2 رەكئەت، ئەڭ كۆپ 8 رەكئەت ئوقۇلىدىغان ناماز.

**نامازنىڭ پەرزلىرى:**

نامازنىڭ پەرزلىرى 12 بولۇپ، ئۇلاردىن ئالتىسى نامازنىڭ سىرتىدا. بۇلار «نامازنىڭ شەرتلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. قالغان ئالتىسى نامازنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇلار «نامازنىڭ رۇكۇنلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

نامازنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، 12 پەرز كەمچىلىكسىز ئورۇنلىنىشى كېرەك.

**نامازنىڭ شەرتلىرى:**

1) **ھادەستىن تاھارەت:** ھادەس دەپ ئاتالغان، مەنىۋى كىرلارنى تازىلاش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش، زۆرۈر بولغاندا غۇسۇل قىلىش.

2) **نىجاسەتتىن تاھارەت:** ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى بەدەن، كىيىم-كېچەك ۋە ناماز ئوقۇلىدىغان يەرلەردە مەينەت نەرسە بولسا، ئۇلارنى تازىلاش.

3) **سەترەئى ئەۋرەت:** ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ بەدىنىدىكى يېپىش زۆرۈر بولغان يەرلىرىنى يەنى ئەۋرەتلىرىنى يېپىش.

**ئەرلەر:** كىندىكىدىن تىزىغىچە (تىزىنى قوشۇپ) بولغان يەرلىرىنى يېپىشى كېرەك.

**ئاياللار:** يۈز، قول ۋە پۇتلىرىدىن باشقا پۈتكۈل بەدىنىنى يېپىشى كېرەك.

4) **ئىستىقبالى قىبلە:** ناماز قىبلىگە قاراپ ئوقۇلىدۇ. قىبلە مەككە شەھرىگە جايلاشقان. كەبە دۇنيادا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان تۇنجى مۇقەددەس قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان.

5) **ۋاقىت:** نامازلارنى ئۆز ۋاقتى ـ سائىتىدە ئوقۇش. ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ ناماز ئوقۇش توغرا ئەمەس.

6) **نىيەت:** قايسى نامازنى ئوقۇماقچى بولغانلىقنى بىلىش ۋە ئىچىدە ئۆزىگە ئەسلىتىش. نىيەتنىڭ تىلدا ئىپادىلىنىشى سۈننەتتۇر.

**نامازنىڭ رۇكۇنلىرى:**

1) **ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى:** نامازنى باشلىغان ھامان تەكبىر ئېيتىش يەنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش.

2) **قىيام:** نامازدا ئۆرە تۇرۇش.

3) **قىرائەت:** نامازدا ئۆرە تۇرغاندا، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇش.

4) **رۇكۇ:** نامازدا قوللىرى بىلەن تىزنى تۇتۇپ ئىگىلىش.

5) **سۇجۇد:** رۇكۇدىن كېيىن پۇتى، تىزى، قولى ۋە پېشانىسىنى تەڭلا يەرگە تەككۈزۈش.

6) **قەئدەئى ئاخىرە:** نامازنىڭ ئاخىرىدا «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇپ بولغىچە ئولتۇرۇش.

**نامازنىڭ ۋاجىبلىرى:**

**1)** نامازنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» بىلەن باشلاش.

**2)** پەرز نامازلىرىنىڭ ئالدىنقى 2 رەكئىتىدە، نەپلە نامازنىڭ ھەممە رەكئەتلىرىدە پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش.

**3)** پەرز نامازلىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتى، ۋىتىر ۋە نەپلە نامازلىرىنىڭ ھەر رەكئىتىدە پاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن بىر سۈرە ياكى ئايەتلەر ئوقۇش.

**4)** پاتىھە سۈرىسىنى باشقا سۈرە، ئايەتلەردىن بۇرۇن ئوقۇش.

**5)** سەجدىدە، پېشانە بىلەن بۇرۇننىڭ ئۈچىنى يەرگە تەككۈزۈش.

**6)** ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئولتۇرۇش (بۇ قەئدەئى يەنى بىرىنچى ئولتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ)

**7)** نامازنىڭ بىرىنچى ئولتۇرۇش بىلەن ئىككىنچى ئولتۇرۇشىدا، «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇش.

**8)** جامائەت بىلەن ئوقۇلغاندا بامدات نامىزى، جۈمە نامىزى، ھېيت ـ بايرام نامىزى، تەراۋىھ ۋە ۋىتىر نامىزىنىڭ ھەر رەكئىتىدە، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىككى رەكئىتىدە، ئىمامنىڭ پاتىھە سۈرىسى ۋە باشقا سۈرە ـ ئايەتلەرنى ئاۋازلىق ئوقۇشى، پېشىن ۋە دىگەر نامازلىرىدا بولسا ئىچىدە ئوقۇشى.

**9)** ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان جامائەتنىڭ ئاۋازلىق ئوقۇلغان پاتىھە سۈرىسى ۋە باشقا سۈرە ئايەتلەرنى ئوقۇماي، ئىمامغا قۇلاق سېلىپ جىم ئاڭلاپ تۇرۇشى.

**10)** ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت تەكبىرى ئېيتىش ۋە قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇش.

**11)** ھېيت-بايرام نامازلىرىدا قوشۇمچە تەكبىرلەرنى كەلتۈرۈش.

**12)** تەئدىل ئەركان، يەنى ئۆرە تۇرغاندا تىك تۇرۇش، رۇكۇدا تۇرغاندا دۈمبە تۈزلىنىش، رۇكۇدىن تۇرغاندا، تۈپ-تۈز تۇرۇش، ئىككى سەجدە ئارىسىدا تولۇق ئولتۇرۇش.

**13)** نامازنىڭ ئاخىرىدا، ئوڭ ۋە سولغا سالام بېرىش.

**14)** نامازدا خاتالىق بولسا، سەھۋى سەجدىسى قىلىش. (نامازدا پەرز، ۋاجىب بولغان ئىشلاردىن بىرىنى كېچىكتۈرۈپ قىلسا ياكى ۋاجىبلاردىن بىرى ئۇنتۇلۇپ قالسا، سەھۋى سەجدىسى قىلىش كېرەك. ۋاجىب بىلىپ-تۇرۇپ قىلىنمىسا، نامازنى قايتىدىن ئوقۇش كېرەك.)

**نامازنىڭ سۈننەتلىرى:**

1) ھەر بىر نامازنىڭ باشلىنىش تەكبىرى، ۋىتىر نامىزىنىڭ قۇنۇت تەكبىرى ياكى ھېيت-بايرام نامازلىرىنىڭ قوشۇمچە تەكبىرلىرىدە قولنى كۆتۈرۈش. (ئەرلەر قولىنىڭ باش بارمىقى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا تەككۈدەك شەكىلدە، ئاياللار بولسا قولىنىڭ ئۇچى مۈرە سىزىقلىرىغا كەلگۈدەك ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈش.)

2) بەش ۋاقىت ناماز ۋە جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش، تەكبىر ئېيتىش. (ئاياللار ئۈچۈن ئەزان ۋە تەكبىر سۈننەت ئەمەس.)

ئەزاننى ئاڭلاش مۇستەھەب بولۇپ، ئەزاننى ئاڭلىغان كىشى، مۇئەززىننىڭ ئوقۇغان جۈملىلىرىنى ئەگىشىپ ئوقۇيدۇ، «ھەييە ئەلەس-سالاھ» ۋە «ھەييە ئەلەل فەلاھ» دېيىلگەندە «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىييىل ئەزىم» دەيدۇ.

ئەزان تۈگىگەندە پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت ۋە سالام بەرگەندىن كېيىن بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ:

اَللّٰهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَ الصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ اٰتِ مُحَمَّدًا اَلْوَسِيلَةَوَ الْفَضِيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا اَلَّذِي وَعَدْتَهُ

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە رەببە ھازىھى دەۋەتى تاممەتى ۋەس-سالاتىل قائىمەتى ئاتى مۇھەممەدەنىل-ۋەسىلەتە ۋەلفەزىلەتە ۋەب ئاسھۇ مەقامەن ماھمۇدە نىللەزى ۋەئەدتەھ.»

مەنىسى: «ئەي كەمچىلىكسىز دەۋەتنىڭ ۋە ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھىم! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى پەزىلەتنى ئاتا قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان ئەڭ يۇقىرى شاپائەت مەرتىۋىسىنى بەرگىن.»

پەيغەمبىرىمىز: «ئەزاندىن كېيىن كىم بۇ دۇئانى ئوقۇسا، قىيامەت كۈنى، ئۇ كىشىمۇ شاپائەتكە ئېرىشىدۇ.»[55] دېگەن.

### ئەزان

ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر
ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر
ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ
ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ
ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ
ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ
ھەييە ئەلەس ـ سالاھ، ھەييە ئەلەس ـ سالاھ
ھەييە ئەلەل ـ فەلاھ، ھەييە ئەلەل ـ فەلاھ
ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋم[56]
ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋم
ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر
لا ئىلاھە ئىللەللاھ

### تەكبىر

ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر
ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر
ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ
ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ
ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ
ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ
ھەييە ئەلەس ـ سالاھ، ھەييە ئەلەس ـ سالاھ
ھەييە ئەلەل ـ فەلاھ، ھەييە ئەلەل ـ فەلاھ
قەد قامەتىس ـ سالاھ
قەد قامەتىس ـ سالاھ
ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر
لا ئىلاھە ئىللەللاھ

3) سۈبھانەكە ئوقۇش.

4) تۈنجى رەكئەتتە سۈبھانەكە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەئۇزۇ ـ بىسمىللا دەپ، ئۇنىڭدىن باشقا رەكئەتلەردە پاتىھە سۈرىسىدىن بۇرۇن بىسمىللاھ ئوقۇش.

55. «رىيازۇس ـ سالىھىن»، 2 ـ جىلد، 371 ـ بەت.
56. بۇ قىسمى پەقەتلا بامدات نامىزىدا ئوقۇلىدۇ.

5) سۇبھانەكە، ئەئۇزۇ، بىسمىللاھنى مەخپىي (ئىچىدە ئاۋاز چىقارماي) ئوقۇش.
6) پاتىھە سۈرىسى ئوقۇلۇپ بولۇشىغا ئىمام ۋە جامائەت (ئىچىدە) ئامىن دېيىش.
7) باشلاش تەكبىرىدىن باشقا، نامازدىكى بارلىق تەكبىرلەرنى كەلتۈرۈش.
8) رۇكۇدىن تۇرغاندا: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپلا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىش.
9) رۇكۇدا ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» ۋە سەجدىگە ھەر قېتىم بارغاندا ئۈچ قېتىم، «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىش.
10) قىيامدا تۇرغاندا، ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدا، تۆت بارماقچىلىق ئارىلىق بولۇش.
11) رۇكۇغا بارغاندا، تىزنى تۇتۇش، تۇتقاندا قوللىرىنىڭ بارماقلىرى ئايرىلىپ تۇرۇش. (ئاياللارنىڭ بارماقلىرى جۈپلىشىپ تۇرىدۇ ۋە تىزنى تۇتمايدۇ، پەقەت قوللىرىنى تىزىنىڭ ئۈستىگىلا قويىدۇ.)
12) رۇكۇغا بارغاندا تىزنى تۈز تۇتۇش، ئارقا تەرەپ ئېگىلىپ قالماي تۇرۇش. (ئاياللار تىزلىرىنى سەل پۈكۈپ، ئارقا تەرىپىنى يۇقىرىغا مايىل كۆتۈرىدۇ.)
13) سەجدىگە بارغاندا ئاۋۋال تىزى، ئاندىن قولى، ئاندىن يۈز قىسمى يەرگە تېگىش؛ سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە، ئاۋۋال يۈز قىسمى، ئاندىن قولى يەردىن ئايرىلىپ ئولتۇرۇش.
14) ئولتۇرغاندا، قولى تىزى ئۈستىدە تۇرۇش.
15) ئولتۇرغاندا، سول پۇتىنى يەردە تۈزلەپ، ئۈستىدە ئولتۇرۇش، ئوڭ پۇتىنى تىرەپ، پۇت بارماقلىرىنى قىبلىگە ئۇدۇللاش. (ئاياللار پۇتلىرىنى سول تەرەپكە ياتقۇزۇپ، يانپاشلاپ ئولتۇرۇش.)
16) ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا «ئەتتەھىيياتۇ»دىن كېيىن، «ئاللاھۇممە سەللى ۋە ئاللاھۇممە بارىك» بىلەن «رەببەنا» دۇئالىرىنى ئوقۇش.
17) سالام بەرگەندە ئاۋۋال بېشىنى ئوڭغا، ئاندىن سولغا بۇراش.
18) سالامدا «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دېيىش.

**نامازنىڭ ئەدەبلىرى:**

1) نامازدا، ئۆرە تۇرغاندا سەجدە قىلىدىغان يەرگە،
2) رۇكۇغا بارغاندا پۇتىنىڭ ئۈستىگە،
3) ئولتۇرغاندا قۇچىقىغا،
4) سەجدە قىلغاندا، بۇرۇنىنىڭ ئىككى يېنىغا،
5) سالام بەرگەندە مۈرىسىگە قاراش.

**نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار**

1) نامازدا گەپ قىلىش.
2) بىر نەرسە يەپ-ئىچىش.

3) ئۆزى ئاڭلىغىدەك دەرىجىدە كۈلۈش (يېنىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە كۈلسە، تاھارىتى سۇنىدۇ.)

4) بىرسىگە سالام بېرىش ۋە سالامنى ئىلىك ئېلىش.

5) مەيدىسىنى قىبلىدىن ئۆرۈش.

6) دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش ياكى بىر ئازاپ سەۋەبىدىن يىغلاپ «ئاھ-ئۇھ» دېيىش. (ئاللاھقا بولغان سۆيگۈدىن يىغلىسا، ناماز بۇزۇلمايدۇ)

7) ھۆتەل يوق تۇرۇپ ھۆتىلىش. (ئۆزىنى كونترول قىلالماي تەبىئىي ھۆتەلسە، ناماز بۇزۇلمايدۇ.)

8) نامازدا بىر ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنۇش.

9) بىر نەرسىنى پۈۋلەش.

10) قۇرئاننى مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكىدەك ھالدا خاتا ئوقۇش.

11) سۈرە-ئايەتلەرنى قۇرئان كەرىمگە قاراپ تۇرۇپ ئوقۇش.

12) ناماز ئوقۇۋاتقاندا، تاھارىتى سۇنۇپ كېتىش.

13) تەيەممۇم قىلغان كىشىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندا سۇنى كۆرۈپ قىلىشى، مەسھ مۇددىتىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئاخىرلىششى.

14) بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا كۈننىڭ چىقىشى.

15) ئەر-ئاياللار ئارىلىقىدا پەردە يوق ھالدا بىر سەپتە تۇرۇپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش.

16) نامازدا يېپىلىشى كېرەك بولغان ئەۋرەت يەرلەرنىڭ ئۇچۇق قىلىشى ۋە بۇ ئوچۇقلۇق ئەھۋالنىڭ بىر قېتىم رۇكۇغا بېرىشقىچە بولغان ۋاقىت داۋاملىششى.

**نامازدىكى مەكرۇھلار:**

1) ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بەدەن ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى ئويناش، بارماقلىرىنى قاسىلدىتىش، بارماقلىرىنى قايچىلاشتۇرۇش، قولىنى يان تەرەپكە تاشلاپ تۇرۇش.

2) ئەسنەپ كېرىلىش.

3) كۆزلىرىنى يۇمۇش، ئوڭ-سول، يۇقىرى-تۆۋەنگە قاراش. (قارىغاندا مەيدىسىنى قىبلىدىن ئۆرۈسە ناماز بۇزۇلىدۇ.)

4) يەڭلىرى تۈرۈلگەن ھالدا نامازغا تۇرۇش. (ئاياللار يېڭى تۈرۈلگەن ھالدا ناماز ئوقۇسا ناماز بۇزۇلىدۇ.)

5) نامازدا ئۆزۈرسىز ھالدا بەدەخشان قۇرۇپ ئولتۇرۇش، زوڭزىيىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇش.

6) يۇزگە، يېنىۋاتقان ئوتقا قاراپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش. (ياغ لامپا، شام ۋە چىراققا قاراپ ناماز ئوقۇسا مەكرۇھ بولمايدۇ.)

7) يۈزىدىكى تەر تامچىسى ۋە چاڭ-توزاڭلارنى سۈرتۈش، ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى قاشلاش، سەجدە قىلىدىغان يەردىكى تاشلارنى ئۇڭشاش. (بىئارام قىلغانلىقتىن قىلسا، مەكرۇھ بولمايدۇ.)

8) رۇكۇدىن تۇرغان ياكى سەجدىگە بارغاندا، تەسبىھ ئېيتماسلىق ياكى ئۈچتىن ئاز ئوقۇش.

9) ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئالدىدا، ئۈستىدە، ئوڭ-سولدا جانلىقلارنىڭ رەسىمى بولۇش ياكى جانلىقلارنىڭ رەسىمى بار بولغان نەرسىنىڭ ئۈستىدە سەجدە قىلىش (مەنزىرە ۋە دەل-دەرەخكە ئوخشاش جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىمى بولسا بولىدۇ.)

10) ناماز ئوقۇغاندا بىر نەرسىگە تايىنىۋېلىش.

11) سەجدىگە بارغاندا، پىشانىسىنىلا يەرگە تەككۈزۈپ، بۇرنىنى تەككۈزمەسلىك.

12) سەجدىگە بارغاندا، قولىنى تىزىدىن بۇرۇن يەرگە تەككۈزۈش، سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە تىزىنى قولىدىن بۇرۇن يەردىن ئايرىش. (كېسەللىك سەۋەبىدىن بولسا، مەكرۇھ بولمايدۇ.)

13) يول ئۈستىدە، پاسكىنا يەرلەردە، مازارلىقتا، مەينەتكە يېقىن يەرلەردە ئىگىسىدىن رۇخسەتسىز بىرسىنىڭ يېرىدە ناماز ئوقۇش.

14) ئىككىنچى رەكئەتتە بىرىنچى رەكئەتتە ئوقۇغان سۈرە ياكى ئايەتتىنمۇ ئۇزۇن بولغان سۈرە-ئايەتلەرنى ئوقۇش.

15) يادقا بىلگەن باشقا سۈرە-ئايەتلەر تۇرۇپ، ئىككى رەكئەتتە، ئوخشاش سۈرە ياكى ئايەتلەرنى ئوقۇش.

16) ئىككىنچى رەكئەتتە بىرىنچى رەكئەتتە ئوقۇغان سۈرە ياكى ئايەتنىڭ ئالدىدىكى سۈرە ياكى ئايەتنى ئوقۇش.

مەسىلەن، ئايەت ئوقۇۋاتقاندا باشتىن ئاخىرغىچە ئايەت ئوقۇلىدۇ. بىرىنچى رەكئەتتە پاتىھەدىن كېيىن «ئەلەمتەرە»نى، ئىككىنچى رەكئەتتە «لىئىلافي»نى ئوقۇسا توغرا بولىدۇ. ئەمما بىرىنچى رەكئەتتە «لىئىلافي»نى، ئىككىنچى رەكئەتتە، «ئەلەمتەرە»نى ئوقۇسا، بۇنداق ئوقۇش مەكرۇھ بولىدۇ. چۈنكى "ئەلەم تەرە" 105-سۈرە، "لىئىيلافى" 106-سۈرىدۇر. سۈرىنى رەت-تەرتىۋى بويىچە ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

17) بىرىنچى رەكئەتتە بىر سۈرە ئوقۇپ، ئىككىنچى رەكئەتتە، ئارىدىن بىر سۈرە ئاتلاپ يەنە بىر سۈرىنى ئوقۇش.

مەسىلەن، بىرىنچى رەكئەتتە «ئەلەمتەرە»نى ئوقۇپ، ئىككىنچى رەكئەتتە «لىئىلافى»نى ئوقۇشى كېرەك تۇرۇپ ئۇنى ئوقۇماي ئاتلاپ، «ئەرەئەيتەللەزى»نى ئوقۇش مەكرۇھ بولىدۇ. ئەمما ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك سۈرە ئاتلىسا مەكرۇھ بولمايدۇ.

18) ناماز ئوقۇۋاتقاندا، پەلتۇ ياكى چاپىنىنى كەيمەي، يېپىنچاقلىۋېلىش.

19) نامازدا كۆزنى يۇمۇۋېلىش.

20) مەسجىدتە ئالدى سەپتە بوش يەر تۇرسا، ئۇنى تولدۇرماي، ئارقا سەپتە ناماز ئوقۇش.

**بەش ۋاقىت نامازنىڭ ئوقۇلۇشى**

نامازنىڭ تولۇق ۋە دىنىي ھۆكۈملەرگە ئۇيغۇن بولۇشى ئۈچۈن پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەتلەرنى تولۇق ئورۇنلاش، نامازنى بۇزىدىغان، مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

**بامدات نامىزى**

2 رەكئەت سۈننەت، 2 رەكئەت پەرز، جەمئى 4 رەكئەت بولۇپ، ئاۋۋال سۈننىتى، ئاندىن پەرزى ئوقۇلىدۇ.

**بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

**بىرىنچى رەكئەت:**

1) پۇتلىرى ئارىسىدا، تۆت بارماقچىلىك بوشلۇق بولغان، پۇت بارماقلىرى قىبلىگە توغرۇلانغان ھالدا، ئۆرە تۇرۇپ قىبلىگە يۈزلىنىلىدۇ.

**نىيەت:**

2) «نىيەت قىلدىم، ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى» دەپ، نىيەت قىلىنىدۇ.

**ئىفتىتاھ تەكبىرى:**

3) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىفتىتاھ تەكبىرى ئېيتىلىدۇ.

**ئەرلەر تەكبىر ئېيتقاندا:** قول ئالقانلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ، بارماقلىرىنى نورمال ئېچىپ، باش بارمىقى، قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا تەككۈزۈپ قولىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق قاقىدۇ.

**ئاياللار تەكبىر ئېيتقاندا:** قول ئالقانلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ، بارماقلىرىنى نورمال ئېچىپ، بارماق ئۇچلىرى مۈرە سىزىقىغا كەلگىدەك دەرىجىدە كۆتۈرىدۇ.

**قىيام**

4) تەكبىردىن كېيىن قوللار بىر-بىرىگە باغلىنىپ ئۆرە تۇرۇپ، كۆزلەر سەجدە قىلىنىدىغان يەرگە تىكىلىدۇ.

**ئەرلەر:** ئوڭ قول، سول قولنىڭ ئۈستىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولنىڭ باش ۋە چىمچىلاق بارماقلىرى، سول قولنىڭ بىلىكىنى قامالاپ، كىندىكنىڭ ئاستىدا بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئاياللار:** ئوڭ قول، سول قولنىڭ ئۈستىگە باغلىنىپ كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ئەرلەردەك ئوڭ قولنىڭ بارماقلىرى سول قولنىڭ بىلىكىنى قامالىمايدۇ.

**قىرائەت:**

5) ئۆرە تۇرغاندا رەت بويىچە: 1. سۇبھانەكە، 2. ئەئۇزۇ-بىسمىللاھ، 3. پاتىھە سۈرىسى، 4. قۇرئاندىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ[57].

57. نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ۋە بەزى سۈرىلەر كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتىگە قويۇلدى.

**رۇكۇغا بېرىش:**

6) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ. رۇكۇغا بارغاندا كۆز پۇتنىڭ ئۇچىغا تىكىلىدۇ.

**ئەرلەر:** رۇكۇغا بارغاندا بارماقلىرى نورمال ئېچىلىپ، قولى بىلەن تىزىنى تۇتۇپ، دۈمبىسى تەرەپ تۈپ ـ تۈز بولىدۇ. تىزى تۈپ ـ تۈز تۇرىدۇ.

**ئاياللار:** رۇكۇغا بارغاندا دۈمبىسى بىر ئاز ئەركىن ھالدا، ئەرلەردىن ئازراق تۆۋەنگە ئېگىلىدۇ. قولى بارماقلىرى ئېچىلمىغان ھالدا، تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، تىزىنى ئازراق پۈكىدۇ، يەنى ئېگىدۇ.)

**رۇكۇدىن تۇرۇش:**

7) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ ئۆرە تۇرغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

**سەجدە:**

8) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بارغاندا، ئاۋۋال تىز، ئاندىن قول، ئەڭ ئاخىرىدا پېشانە بىلەن بۇرۇن يەرگە تېگىدۇ. سەجدىگە باش قويغاندا باش ئىككى قولنىڭ ئارىسىدا بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولىدۇ، پۇتلار يەردىن ئايرىلمايدۇ، كۆز بۇرۇننىڭ ئىككى يېنىغا تىكىلىدۇ ھەمدە ئۈچ قېتىم: «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

**ئەرلەر:** سەجدىگە باش ئۇرغاندا، جەينەكنى يېنىدىن سەل يىراق تۇتۇپ، بىلىكى يەرگە تەگمەي تۇرىدۇ. پۇت بارماقلىرى بىلەن تىك قىلىنىپ، بارماقلىرى قىبلىگە توغۇرلانغىدەك ئېگىلىدۇ.

**ئاياللار:** سەجدىگە باش ئۇرغاندا قولى بېقىنىغا تېگىپراق تۇرىدۇ. پۇت بارماقلىرى بىلەن تىك قىلىنىپ، بارماقلىرى قىبلىگە توغۇرلانغىدەك ئېگىلىدۇ.

**ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئولتۇرۇش:**

9) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ. ئولتۇرغاندا، بارماق ئۇچى تىزغا كەلگۈدەك دەرىجىدە، يوتىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە كۆز قۇچاققا تىكىلىدۇ. ئاندىن «سۇبھانەللاھ» دېگۈدەك بىر قىسقا ۋاقىت ئولتۇرۇلىدۇ.

**ئەرلەر:** سول پۇتنى يەرگە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، ئوڭ پۇت بارماقلىرى قىبلىگە توغۇرلانغىدەك ئېگىلىپ تىكلىنىدۇ.

**ئاياللار:** پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ، يانپاشلاپ ئولتۇرىدۇ.

10) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

11) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىدىن دەس تۇرۇپ، ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

سەجدىدىن تۇرغاندا ئاۋۋال باش، ئاندىن قول، ئەڭ ئاخىرىدا قول تىزنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ھالدا تىز يەردىن ئايرىلىدۇ.

ئىفتىتاھ تەكبىرىدىن بۇ يەرگىچە ئوقۇلغان ناماز «بىر رەكئەت» بولىدۇ.

**ئىككىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە:1. بىسمىللاھ، 2.پاتىھە سۈرىسى، 3. قۇرئان كەرىمدىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) بىرىنچى رەكئەتكە ئوخشاش: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم، «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ. ئاندىن «سۇبھانەللاھ» دېگۈدەك بىر قىسقا ۋاقىت ئولتۇرۇلىدۇ.

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

**قەئدەئى ئاخىرە** (ناماز تاماملاش ئولتۇرۇشى):

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ. ئولتۇرغاندا قولنىڭ بارماق ئۇچى تىزغا كەلگۈدەك دەرىجىدە، يوتىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە كۆز قۇچاققا تىكىلىدۇ.

**ئەرلەر:** سول پۇتنى يەرگە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، ئوڭ پۇت بارماقلىرى قىبلىگە توغۇرلانغىدەك ئېگىلىپ تىكلىنىدۇ.

**ئاياللار:** پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ، يانپاشلاپ ئولتۇرىدۇ.

8) سەجدىدە ئولتۇرغاندا، تەرتىپ بويىچە: 1. ئەتتەھىييياتۇ، 2. ئاللاھۇممە سەللى، 3. ئاللاھۇممە بارىك، 4. رەببەنا ئاتىنا...دۇئالىرى ئوقۇلىدۇ.

**ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىش:**

9) ئاۋۋال باشنى ئوڭ تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دېيىلىدۇ. سالام بەرگەندە كۆز مۈرىگە تىكىلىدۇ.

**سول تەرەپكە سالام بېرىش:**

10) ئاندىن باشنى سول تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دېيىلىدۇ. سالام بەرگەندە كۆز مۈرىگە تىكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇلغان بولىدۇ.

**بامداتنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

بامدات نامىزىنىڭ پەرزىمۇ بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. پەقەت سۈننەتتىن پەرقى پەرزگە نىيەت قىلىنىدۇ ۋە ئەرلەر تەكبىر ئېيتىدۇ.

**بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە مۇنداق نىيەت قىلىنىدۇ:**

«نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى.»[58]

### پېشىن نامىزى

پېشىن نامىزى 4 رەكئەت دەسلەپكى سۈننەت، 4 رەكئەت پەرز ۋە 2 رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت بولۇپ، جەمئىي 10 رەكئەت.

**پېشىننىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

**بىرىنچى رەكئەت:**

1) «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىفتىتاھ تەكبىرى ئېيتىلىپ، قوللار بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ.

3) ئۆرە تۇرغاندا رەت بويىچە:1. سۇبھانەكە، 2. ئەئۈزۈ ـ بىسمىللاھ، 3. پاتىھە سۈرىسى، 4. قۇرئاندىن بىر سۈرە ياكى ئايەتلەر ئوقۇلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

5) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا، «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

6) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم، «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

8) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

9) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن تۇرۇپ، ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئىككىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە: بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، قۇرئاندىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

58. بامدات نامىزى پەرزىنىڭ رەسىملىك ئوقۇلىشى ئۈچۈن كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى بەتكە قاراڭ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرۇپ، «ئەتتەھىيياتۇ» ئوقۇلىدۇ. (بۇ بىرىنچى ئولتۇرۇش دېيىلىدۇ.)

8) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن تۇرۇپ، ئۈچىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئۈچىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە: بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا، «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم، «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆتىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىدۇ.

**تۆتىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە: بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا، «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرۇلىدۇ.

8) ئولتۇرغاندا، تەرتىپ بويىچە: ئەتتەھىييياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك، رەببەنا ئاتىنا...دۇئالىرى ئوقۇلىدۇ.

9) ئاۋۋال باشنى ئوڭ تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ، ئاندىن باشنى سول تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىلىدۇ.

**پېشىنىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

**بىرىنچى رەكئەت:**

1) تەكبىر ئېيتىش. (پەقەت ئەرلەر)

2) «نىيەت قىلدىم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

3) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىفتىتاھ تەكبىرى ئوقۇلۇپ، قوللار بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ.

4) رەت بويىچە: سۇبھانەكە، ئەئۇزۇ ـ بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، قۇرئاندىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

6) «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم: «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

8) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

9) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

10) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن تۇرۇپ، ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئىككىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە: بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، قۇرئاندىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.
6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.
7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرۇلىدۇ.
8) ئولتۇرغاندا «ئەتتەھىيياتۇ» ئوقۇلىدۇ.
9) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن تۇرۇپ، ئۈچىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئۈچىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە: بىسمىللاھ بىلەن پاتىھە سۈرىسى ئوقۇلىدۇ.
2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.
3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.
4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.
5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.
6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.
7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆتىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىدۇ.

**تۆتىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، بىسمىللاھ بىلەن پاتىھە سۈرىسى ئوقۇلىدۇ.
2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.
3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.
4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.
5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.
6) ئاندىن، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.
7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرۇلىدۇ.
8) ئولتۇرغاندا، تەرتىپ بويىچە: ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك، رەببەنا ئاتىنا...دۇئالىرى ئوقۇلىدۇ.

9) ئاۋۋال باشنى ئوڭ تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ، ئاندىن باشنى سول تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پېشىن نامىزىنىڭ پەرزى ئاخىرلىشىدۇ.

ئاندىن كېيىن: «ئاللاھۇممە ئەنتەسسالامۇ ۋە مىنكەسسالام تەبارەكتە يازەل جەلالى ۋەل ئىكرام» دېيىلىپ، ئاخىرقى ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

**پېشىننىڭ ئاخىرقى سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى**

«نىيەت قىلدىم، ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

نىيەتتىن كېيىن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە ئوپمۇ-ئوخشاش ئوقۇلىدۇ.

**دىگەر (ئەسىر) نامىزى**

نامازدىگەر 4 رەكئەت سۈننەت، 4 رەكئەت پەرز بولۇپ، جەمئى 8 رەكئەتتۇر.

**دىگەر نامىزى سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

**بىرىنچى رەكئەت:**

1) «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى ئەسىر نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىفتىتاھ تەكبىرى ئوقۇلۇپ، قوللار بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ.

3) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە :1. سۇبھانەكە، 2. ئەئۇزۇ-بىسمىللاھ، 3. پاتىھە سۈرىسى، قۇرئاندىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

5) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

6) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇلىدۇ.

8) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

9) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىدىن دەس تۇرۇپ ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئىككىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە: بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، قۇرئان كەرىمدىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرۇپ، ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك ئوقۇلىدۇ.

8) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن تۇرۇپ، ئۈچىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئۈچىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە: سۇبھانەكە، ئەئۇزۇ بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغاندا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆتىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىدۇ.

**تۆتىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا رەت بويىچە بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرۇلىدۇ.

8) ئولتۇرغاندا، تەرتىپ بويىچە: ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك، رەببەنا ئاتىنا...دۇئالىرى ئوقۇلىدۇ.

9) ئاۋۋال باشنى ئوڭ تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ، ئاندىن باشنى سول تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىلىدۇ.

پېشىن نامىزىنىڭ 4 رەكئەت دەسلەپكى سۈننىتى بىلەن ناماز دىگەرنىڭ 4 رەكئەت سۈننىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا: پېشىن نامىزىنىڭ دەسلەپكى سۈننىتى «سۈننەتى مۇئەككەدە» بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتىكى ئولتۇرۇشتا پەقەت ئەتتەھىيياتۇ ئوقۇلىدۇ. ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا، بىسمىللاھ بىلەن پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

ناماز دىگەرنىڭ سۈننىتى «سۈننەتى غەيرى مۇئەككەدە» بولۇپ، ئىككىنچى رەكئەتتىكى ئولتۇرۇشتا، ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى ۋە ئاللاھۇممە بارىك ئوقۇلىدۇ. ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا ئاۋۋال سۇبھانەكە ئوقۇلىدۇ، ئاندىن ئەئۇزۇ بىسمىللاھ بىلەن پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

**دىگەر نامىزى (ئەسىر) پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

1) تەكبىر ئېيتىش. (پەقەت ئەرلەر)

2) «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى ئەسىر نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت پەرزىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

دىگەر نامىزىنىڭ پەرزى پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت پەرزى بىلەن ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا پەقەت نىيەت قىلىشتىكى پەرقلا بار.

**شام نامىزى (نامازشام)**

ناماز شام 3 رەكئەت پەرز، 2 رەكئەت سۈننەت، جەمئى 5 رەكئەت بولۇپ، ئاۋۋال پەرزى ئوقۇلىدۇ.

**ناماز شامنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

**بىرىنچى رەكئەت:**

1) تەكبىر ئېيتىش. (پەقەت ئەرلەر)

2) «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى نامازشامنىڭ ئۈچ رەكئەت پەرزىنى»

3) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، باشلاش تەكبىرى ئوقۇلۇپ، قوللار باغلىنىدۇ.

4) ئۆرە تۇرغاندا، رەت بويىچە: سۇبھانەكە، ئەئۇزۇ-بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، قۇرئان كەرىمدىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

6) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا، «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

8) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

9) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

10) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن دەس تۇرۇپ، ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئىككىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا رەت بويىچە: بىسمىللاھ بىلەن پاتىھە سۈرىسى ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئولتۇرۇلىدۇ.

8) ئولتۇرغاندا «ئەتتەھىييياتۇ» ئوقۇلىدۇ.

9) «ئالLاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈچىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىدۇ.

**ئۈچىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا، بىسمىللاھ بىلەن پاتىھە سۈرىسى ئوقۇلىدۇ.

2) «ئالLاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇئغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئالLاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئالLاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

6) ئاندىن «ئالLاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئالLاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرۇلىدۇ.

8) ئولتۇرغاندا، تەرتىپ بويىچە: ئەتتەھىييياتۇ، ئالLاھۇممە سەللى، ئالLاھۇممە بارىك، رەببەنا ئاتىنا...دۇئالىرى ئوقۇلىدۇ.

9) ئاۋۋال باشنى ئوڭ تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ، ئاندىن باشنى سول تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىلىدۇ.

**شامنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى**

«نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئالLاھ رىزاسى ئۈچۈن ناماز شامنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ. شامنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشايدۇ.

**خۇپتەن نامىزى**

خۇپتەن نامىزى 4 رەكئەت دەسلەپكى سۈننەت، 4 رەكئەت پەرز ۋە 2 رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت بولۇپ، جەمئى 10 رەكئەت.

**خۇپتەننىڭ دەسلەپكى سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى**

«نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئالLاھ رىزاسى ئۈچۈن خۇپتەن نامىزىنىڭ 4 رەكئەت سۈننىتىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

نىيەتتىن كېيىن نامازدىكى رەنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. بۇ ئىككى ناماز سۈننىتى غەيرى مۇئەككەدە بولۇپ، پەقەت نىيەتتىلا پەرق بار.

**خۇپتەننىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

1) تەكبىر ئېيتىش. (پەقەت ئەرلەر)

2) «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن خۇپتەن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت پەرزىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ. نىيەتتىن كېيىنكىسى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ.

**خۇپتەننىڭ ئاخىرقى سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

«نىيەت قىلدىم، ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن خۇپتەن نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

نىيەتتىن كېيىنكىلەر بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ.

**ۋىتىر نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى**

خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئۈچ رەكئەتلىك ۋىتىر نامىزىدا، باشقا نامازلارغا قارىغاندا، بىرلا پەرق بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچىنچى رەكئەتتە پاتىھە سۈرىسى بىلەن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلغاندىن كېيىن، دەرھال رۇكۇغا بېرىلمايدۇ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قۇلاق قېقىپ، قول قايتا باغلىنىپ، قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇلۇپ، ئاندىن رۇكۇغا بېرىلىدۇ.

**بىرىنچى رەكئەت:**

1) «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى ۋىتىر نامىزىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى كەلتۈرۈلۈپ، قوللار بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ.

3) ئۆرە تۇرغاندا رەت بويىچە: سۇبھانەكە، ئەئۇزۇ-بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، قۇرئان كەرىمدىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

5) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا، «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

6) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

8) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

9) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن تۇرۇپ، ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئىككىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا رەت بويىچە: بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، قۇرئان كەرىمدىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇئغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

3) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە بولغاندا، «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرۇپ، «ئەتتەھىييات» ئوقۇلىدۇ.

8) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن تۇرۇپ، ئۈچىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئۈچىنچى رەكئەت:**

1) ئۆرە تۇرغاندا رەت بويىچە: بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قۇلاق قېقىپ، قوللار قايتا باغلىنىدۇ.

3) قۇنۇت دۇئالىرى ئوقۇلىدۇ. (قۇنۇت دۇئالىرىنى بىلمىگەنلەر، ئۇنىڭ ئورنىغا: «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋە فىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار»نى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، رۇكۇئغا بارىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

5) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغاندا: «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.

6) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

8) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.

9) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇلىدۇ.

10) ئولتۇرغاندا رەت بويىچە ئەتتەھىييات، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك ۋە رەببەنا ئاتىنا... دۇئالىرى ئوقۇلىدۇ.

11) ئاۋۋال باشنى ئوڭ تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ، ئاندىن باشنى سول تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىلىدۇ.

### ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نىمىلەر ئوقۇلىدۇ؟

پەرز نامازلاردا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن:

اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلاَمُ وَ مِنْكَ السَّلاَمُ تَبَارَكْتَ يَاذَا الْجِلاَلِ وَ الْاِكْرَام

«ئاللاھۇممە ئەنتەسسالامۇ ۋە مىنكەسسالام تەبارەكتە يازەل جەلالى ۋەلئىكرام» دېيىلىدۇ. پەرزدىن كېيىن سۈننەت نامىزى بولمىسا (بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدەك)

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ وَ عَلَى اٰلِ سَيِّدِنَا مُحَمَّد

«ئاللاھۇممە سەللى ئەلا سەييىدىنا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالى سەييىدىنا مۇھەممەد» دەپ، دۇرۇت ئېيتىلىدۇ. پەرزدىن كېيىن سۈننەت نامىزى بولسا،(پېشىن، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدەك) دۇرۇت ۋە سالام سۈننەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كەلتۈرىلىدۇ. دۇرۇت ۋە سالامدىن كېيىن:

سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَ لآ اِلٰهَ اِلاَّ اللهُ وَ اللهُ اَكْبَرُ وَ لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِاللهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ

«سۇبھانەللاھى ۋەلھەمدۇ لىللاھى ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر ۋەلا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىييىل ئەزىم» دېيىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن، ئەئۇزۇ-بىسمىللاھ بىلەن «ئايەتۇل كۇرسى» ئوقۇلىدۇ.

اَللّٰهُ لَآ اِلٰهَ اِلَّا هُوَۚ اَلْحَيُّ الْقَيُّومُۚ لَا تَاْخُذُهُ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌۜ لَهُ مَا فِي السَّمٰوَاتِ وَمَا فِي الْاَرْضِۜ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُٓ اِلَّا بِاِذْنِهٖۜ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ اَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْۚ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِنْ عِلْمِهٖٓ اِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ

«ئاللاھۇ لائىلاھە ئىللا ھۇۋەل ھەييۇل قەييۇم. لاتەئخۇزۇھۇ سىنەتۇن ۋەلا نەۋم. لەھۇ ما فىس-سەماۋاتى ۋەما فىلئەرزى. مەن زەللەزى يەشفەئۇ ئىندەھۇ ئىللا بىئىزنىھ. يەئلە مۇ مابەينە ئەيدىھىم ۋەماخەلفەھۇم. ۋەلا يۇھىتۇنە بىشەي-ئىن مىن ئىلمىھى ئىللا بىما شائە. ۋەسىئا كۇرسىييۇھۇس-سەماۋاتى ۋەل-ئەرزى. ۋەلا يەئۇدۇھۇ ھىفزۇھۇما ۋە ھۇۋەل-ئەلىييئۇل ئەزىم.»

مەنىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى)دۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛

ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.» (2ـ سۈرە بەقەرەنىڭ 255 ـ ئايىتى)

ئاندىن رەت ـ تەرتىۋى بويىچە:

«سۇبھانەللاھ» ، سُبْحَانَ اللّٰهِ 33 قېتىم.

«ئەلھەمدۇلىللاھ» ، اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ 33 قېتىم.

«ئاللاھۇ ئەكبەر» ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ 33 قېتىم

تەسبىھ بولسا تەسبىھ، بولمىسا بارماقتا سيرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىلا:

لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَ لَهُ الْحَمْدُ وَ هُوَ عَلَى كُلِّ شَيْئٍ قَدِيرٍ

«لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكەلەھ، لەھۇل مۇلكۇ ۋەلەھۇل ھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلە كۇللى شەيئىن قەدىر» دېيىلىپ، قوللار مەيدە ئېگىزلىكىدە كۆتۈرۈلۈپ دۇئا قىلىنىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز تەۋسىيە قىلغان ۋە مەنىسى تۆۋەندىكىدەك بولغان بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ:

«ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە، ساھابىلىرىگە دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن.

ئاللاھىم! بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئېغىرچىلىقتىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىمىزدا قىيىنچىلىق تارتىشتىن، كۆڭۈللەرنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن، دۈشمەنلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان تەقدىر ـ پىشانىدىن ساقلىشىڭ ئۈچۈن پەقەت سەندىنلا پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھىم! گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغىن ۋە بىزنى قوغدىغىن، بىزدىن رازى بولغىن، ئىبادەتلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن، بىزنى جەننەتلىك قىلغىن، جەھەننەمنىڭ يالقۇنلىرىدىن ساقلا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك پۈتكۈل ئىشلىرىمىزنى ياخشىلا، سېنى سېغىنىش، ساڭا شۈكرى قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىزگە ياردەمچى بولغىن.

ئاللاھىم! پۈتكۈل ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىنى ياخشى قىلغىن ۋە بىزنى دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن، ئاخىرەتنىڭ جازالىرىدىن ساقلىغىن.

ئاللاھىم! مەرھەمىتىڭگە ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغان، كەچۈرۈمگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى، ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىنى قولغا كەلتۈرۈشنى، جەننەتلىك بولۇشنى، گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇپ، جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشنى سەندىن ئارزۇ قىلىمىز.

ئاللاھىم! ھېچبىر گۇناھىمىزنى قالدۇرماي ھەممىسىنى كەچۈرگىن، بىزنى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە قويۇپ قويما، بىزنى سۆيۈندۈر، بىزگە پۈتكۈل قەرزلىرىمىزنى تۆلىيەلەيدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە ئائىت سەن رازى بولىدىغان ھەممە

ئېھتىياجلىرىمىزنى ھەل قىلغىن. ئەي مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھىم!

ئاللاھىم! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلغىن. بىزنى مەرھەمىتىڭ بىلەن ئەپۇ قىلغىن، جەھەننەم ئازابىدىن ساقلىغىن. ئەي مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى بولغان ئاللاھىم!

ئەي رەببىمىز! مېنى، ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر ۋە پۈتكۈل مۆمىنلەرنى ھېسابقا تارتىلىدىغان كۈنى مەرھەمىتىڭ بىلەن كەچۈرگىن. ئەي مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى بولغان ئاللاھىم!

پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى ئۇلۇغ ئاللاھتۇر! دەپ، دۇئانى:

«سۇبھانە رەببىكە رەببىل ئىززەتى ئەمما يەسىفۇن. ۋە سەلامۇن ئەلەلمۇرسەلىن. ۋەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىن» ئايىتى بىلەن قولىنى يۈزىمىزگە سۈركەپ ئاخىرلاشتۇرىمىز.

**سوئاللار:**

1) ناماز ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
2) ناماز ئوقۇش كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟
3) نامازنىڭ ۋاقتى ۋە ناماز ئوقۇلمايدىغان ۋاقىتلارنى ئېيتىپ بېرىڭ.
4) نامازنىڭ تۈرى قانچە خىل؟
5) نامازنىڭ پەرزلىرى قانچە؟ ناماز سىرتىدىكى پەرزلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ.
6) ناماز ئىچىدىكى پەرزلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ.
7) نامازنىڭ ۋاجىب ۋە سۈننەتلىرى قايسىلار؟
8) نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسىلار؟
9) نامازدا مەكرۇھ بولىدىغان ئامىللار قايسىلار؟
10) تۆت رەكئەت پەرز نامىزى بىلەن تۆت رەكئەت سۈننەت نامىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە؟
11) مۇئەككەد سۈننەت بىلەن غەيرى مۇئەككەد سۈننەتنىڭ ئوقۇلۇشىدا قانداق پەرق بار؟
12) ۋىتىر نامىزىدا باشقا نامازلاردىن پەرقلىق بولغان نېمە ئوقۇلىدۇ؟
13) ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نېمىلەر ئوقۇلىدۇ؟

بەشنچى
باب

# ناماز ئوقۇش (2)

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- سەھۋى سەجدىسى
- جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى
- مەسجىد ۋە جامائەت ئەدەپ-ئەخلاقى، نامازنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇلۇشى
- جۈمە كۈنى ۋە جۈمە نامىزى، جۈمە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى
- ھېيت-بايرام نامازلىرى
- تەشرىق تەكبىرلىرى
- تەراۋىھ نامىزى
- ئولتۇرۇپ ۋە ئىما-ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش
- سەپەردىكىلەرنىڭ نامىزى
- ۋاقتى ئۆتكەن نامازلارنىڭ قازاسى
- تىلاۋەت سەجدىسى
- مېيىت نامىزى

---

**سەھۋى سەجدىسى**

ناماز ئوقۇۋاتقاندا:

1) پەرزلەردىن بىرىنى ئۇنتۇپ كېچىكتۈرۈش.

2) ۋاجىپلاردىن بىرىنى ئۇنتۇپ كېچىكتۈرۈش ياكى ئۇنتۇپ ئوقۇش.

بۇ نوقسانلىنى يوقىتىش ئۈچۈن نامازنىڭ ئاخىرىدا سەھۋى سەجدىسى قىلىش ۋاجىبتۇر. پەرزلەردىن بىرسى ئۇنتۇلۇپ ياكى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن سادىر بولسا، ناماز بۇزۇلىدىغان بولغاچقا، سەھۋى سەجدىسى بىلەن تاماملانسا بولمايدۇ، نامازنى قايتىدىن ئوقۇش كېرەك. ۋاجىبلاردىن ھەر قانداق بىرىنى بىلىپ قەستەن قىلمىغان ئەھۋالدا، سەھۋى سەجدىسى قىلىنمايدۇ، نامازنى قايتا ئوقۇش كېرەك.

**سەھۋى سەجدىسى قاچان ۋە قانداق قىلىنىدۇ؟**

ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرز ياكى ۋاجىبلەردىن بىرسى ئۇنتۇلۇپ ياكى ۋاجىبتىن بىرسى تاشلىنىپ قالسا، نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا، پەقەت ئەتتەھىيياتۇنىلا ئوقۇپ، ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە باش قويۇپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەپ، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، يەنە، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككىنچى قېتىم،قايتا سەجدىگە باش قويۇپ،

ئۈچ قېتىم، «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېگەندىن كېيىن، يەنە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئولتۇرۇلىدۇ. ئولتۇرغاندا «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك ۋە رەببەنا ئاتىنا..» دۇئالىرى ئوقۇلۇپ، ئاۋۋال ئوڭغا، ئاندىن سولغا سالام بېرىلىدۇ. مانا بۇ سەھۋى سەجدىسى بولىدۇ.

## جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

دىنىمىز جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان مۇسۇلمانلار بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇپ، دىنىي بىلىملەرنى بىلمىگەنلەر بىلگەنلەردىن ئۆگىنىپ، ياخشى خۇي-مىجەز يېتىشتۈرىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ يامان ئادەتلىرىنى تاشلايدىغان بولىدۇ.

جامائەت بىلەن بىللە بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆيگۈ-مۇھەببەت پەيدا بولۇپ، قېرىنداشلىق ۋە ئۆزئارا ياردەمدە بولۇش ھېس-تۇيغۇلىرى كۈچىيىدۇ. پەرىشتىلەردەك ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا سەپ تۈزۈپ ناماز ئوقۇغان مۆمىنلەر يالغۇز ناماز ئوقۇغانلاردىن تېخىمۇ كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

بۇ ھەقتە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق خوشخەۋەر بېرىدۇ:

«جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 20 ھەسسە كۆپ.»

«خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان كىشى يېرىم كېچىگىچە ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان كىشى پۈتكۈل كېچە ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.»

«بىر كىشى ئۆيىدە چىرايلىق پاكىزلىنىپ، ئاللاھنىڭ پەرزلىرىدىن بىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مەسجىدلەردىن بىرىگە بارسا، تاشلىغان ھەر بىر قەدىمى گۇناھلىرىنى يوق قىلىپ، قالغانلىرى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.»[59]

پەرز نامازلىرى يالغۇزمۇ ئوقۇلىدۇ، ئەمما جامائەت بىلەن ئوقۇلۇشى سۈننەتى-مۇئەككەدە بولىدۇ. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ مەنىۋىي پايدىسى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رولى بار.

سۈننەت ۋە نەپلە نامازلار جامائەت بىلەن ئوقۇلمايدۇ. پەقەت تەراۋىھ نامىزى سۈننەت بولۇشىغا قارىماستىن، ھەم يالغۇز ھەم جامائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ. ۋاجىب بولغان ۋىتىر نامىزى پەقەت رامىزان ئېيىدا جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدۇ. جۈمە ۋە ھېيت-بايرام نامازلىرى پەقەت جامائەت بىلەن ئوقۇلۇپ، يالغۇز ئوقۇلمايدۇ.

## مەسجىد ۋە جامائەت ئەدەپ-ئەخلاقى

مەسجىد مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان يېرى بولۇپ، يەر-يۈزىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ يەر بولغان مەسجىدلەر «ئاللاھنىڭ ئۆيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسجىدكە ئىبادەت

59. «ئەت-تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 1-جىلد، 260-بەت.

قىلىش ئۈچۈن بارغان مۆمىن ئاللاھنىڭ زىيارەتچىسى ۋە مېھمىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئۆيىگە كەلگەن مېھمانىنى ناز-نېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالغاندەك، مەسجىدكە بارغان مۆمىنلەرگە ئاللاھتائالا چوڭ مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆيىدە كامىل تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە بارغان كىشى ئاللاھنىڭ مېھمىنى بولۇپ، بۇ مېھمانىنى ئاللاھ ياخشى كۈتۈۋالىدۇ.»[60]

مەسجىدلەرنى ھۆرمەتلەش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ، ئۇلار:

1) مەسجىدكە تاھارەت ئېلىپ چىرايلىق، رەتلىك كىيىنىپ كىرىشى كېرەك.

2) مەسجىدكە ئاۋۋال ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىپ، پەيغەمبىرىمىزگە سالام بېرىشى كېرەك.

3) مەسجىدتىن چىققاندا، ئاۋۋال سول پۇتى بىلەن چىقىشى كېرەك.

4) ئاياق ۋە پايپاقلىرى پاسكىنا ھالدا مەسجىدنىڭ گىلەملىرىگە دەسسىمەسلىكى كېرەك.

5) سەۋەپسىز ھالدا مەسجىدتە پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرۇش، ۋاقىراپ-جارقىراش، گۇلدۇر-گۇپپاڭ قىلىش ۋە دۇنياغا ئائىت ئىشلارنى سۆزلىشىش قاتارلىق ئەدەپسىز ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

6) پىياز، سامساق يەپ، ئاغزى پۇراپ قالغان ھالدا مەسجىدكە بېرىپ، جامائەتنى بىئارام قىلىش، كېكىرىش ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى سەسكەندۈرىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردە بولۇش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىشى كېرەك.

مەسجىدتە قۇرئان ئوقۇلۇۋاتقان، تەبلىغ قىلىنىۋاتقان بولسا، دىققەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ئاڭلاش، مەسجىدكە كېچىكىپ كەلگەنلەر بىكار يەرلەردە ئولتۇرۇشى، ئالدىدىكى سەپكە ئۆتىمەن دەپ جامائەتنى بىئارام قىلماسلىقى لازىم.

**مەسجىد بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:**

مەسجىدلەر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبى قىسمى، ئىسلامنىڭ سىمۋولىدۇر. تۈركىي مىللەتلەر تارىختىن بۇيان مەسجىد سېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. كۈنىمىزدىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېنژېنېرلارنى يېتىشتۈرۈپ، ھەيۋەتلىك مەسجىدلەرنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ.

**مەسجىد (جامە):** مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئىبادەت قىلىدىغان يەردۇر. كىچىك مەسجىدلەردە ئادەتتە كۈنلۈك نامازلار ئوقۇلىدۇ، جۈمە ۋە ھېيت-بايرام نامازلىرى ئوقۇلمايدۇ.

**مەسجىدنىڭ تەركىبى قىسىملىرى:**

**مېھراب:** مەسجىدلەردە قىبلىگە توغرىلانغان ۋە ئىمامنىڭ نامازغا باشلامچىلىق قىلغاندا تۇرىدىغان يېرى.

60. يۇقىرىقى ئەسەر، 1-جىلد، 214-بەت.

**مۇنبەر :** مەسجىدتە ئىمامنىڭ جۈمە ۋە ھېيت ـ بايرام نامازلىرىدا خۇتبە ئوقۇغاندا تۇرىدىغان يېرى.

**كۈرسى:** مەسجىدتە تەبلىغ قىلغاندا ئولتۇرىدىغان ئېگىزرەك بىر يەر.

**شەرەفە:** مۇناردىكى ئەزان ئوقۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان يەر. ئۇ يەرگە مۇنار ئىچىدىكى يۆگىمەچ پەشتاق بىلەن چىقىشقا بولىدۇ.

**ئالەم:** مۇنارنىڭ چوققىسىدىكى ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇز شەكلىدىكى سىمۋول بەلگە.

**نامازنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇلۇشى**

**نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە ئىمامغا ئەگەشكەنلەرنىڭ (ئىقتىدا قىلغانلارنىڭ) ئەھۋالى:**

ئىمامنىڭ ئارقىسىدا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان كىشى ئوقۇلىدىغان نامازغا ھەمدە ئىمامغا ئەگىشىشنى نىيەت قىلىدۇ. مەسىلەن، پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشىغا قاراپ چىقايلى:

1) «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا».

جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ھەممە نامازدا ئىمامغا ئەگەشكەن كىشى، نىيەتنىڭ ئاخىرىغا ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا (ئىمامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇشقا) دېگەن جۈملىنى دېيىشى كېرەك.

2) ئىمام تەكبىر ئېيتقاندا، جامائەتمۇ دەرھال تەكبىر ئېيتىپ قوللىرىنى باغلايدۇ ۋە ئىچىدە «سۇبھانەكە»نى ئوقۇپ جىم تۇرىدۇ. جامائەت ئۈنىڭدىن باشقا رەكئەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، ئۆرە تۇرغاندا ھېچنەرسە ئوقۇمايدۇ. پەقەتلا ئىمام پاتىھە سۈرىسىنى تۈگەتكەندە ئىچىدە «ئامىن»لا دەيدۇ.

3) رۇكۇغا بارغاندا، جامائەت ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دەيدۇ. ئىمام «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ ئۆرە تۇرغاندا، جامائەتمۇ ئۆرە تۇرۇپ «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ»، سەجدىگە باش قويغاندا، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيدۇ.

4) سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ ئولتۇرغاندا، ئىمام بىلەن ئوخشاش ھالدا «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك، رەببەنا ئاتىنا ۋە رەببەناغفىرلى» دۇئالىرىنى ئوقۇيدۇ ۋە ئىمام بىلەن بىللە سالام بېرىدۇ.

ئىمامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇغان كىشى تەكبىر ئېيتقاندا، رۇكۇغا بارغان، رۇكۇدىن كېيىن ئۆرە تۇرغان، سەجدىگە باش قويغان، سەجدىدىن باش كۆتۈرگەن ۋە سالام بەرگەندە، ئىمامغا ئەگىشىدۇ، ئۈنىڭدىن بۇرۇن قىلمايدۇ.

بىر رەكئەتنىڭ رۇكۇسىدا، يەنى ئىمام رۇكۇدىن ئۆرە تۇرغىچە دەرھال نىيەت قىلىپ، تەكبىر ئېيتقان ۋە رۇكۇدا ئىمامغا ئەگەشكەن كىشى شۇ رەكئەت نامازغا ئۈلگۈرگەن بولىدۇ.

**ئىككىنچى رەكئەتتە ئىمامغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەھۋالى:**

بىرىنچى رەكئەتنىڭ رۇكۇسىغا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى، ئۈلگۈرگەن يەردىن نىيەت قىلىپ، تەكبىر ئېيتىپ، ئىمامغا ئەگىشىدۇ، ئىمام بىلەن بىللە نامازنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇپ ئىمامنىڭ سالام بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، ئىمام ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىشى بىلەن تەڭلا، ئۈلگۈرەلمىگەن رەكئەتنى يالغۇز ئوقۇش ئۈچۈن سالام بەرمەيلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇپ، سۇبھانەكە، ئەئۇزۇ بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن رۇكۇغا بېرىپ، سەجدە قىلىپ ئولتۇرغاندا «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، بارىك بىلەن رەببەنا ئاتىنا..» دۇئالىرىنى ئوقۇيدۇ. ئاۋۋال ئوڭغا، ئاندىن سولغا سالام بېرىپ نامىزىنى تاماملايدۇ.

**ئۈچىنچى رەكئەتتە ئىمامغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەھۋالى:**

تۆت رەكئەتلىك بىر نامازنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە ئىمامغا ئەگەشكەن كىشى ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇپ، ئىمامنىڭ سالام بېرىشىنى كۈتۈپ، ئىمام ئوڭ تەرەپكە سالام بەرگەندە، سالام بەرمەيلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇپ، ئۈلگۈرەلمەي قالغان ئىككى رەكئەتنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

«سۇبھانەكە، ئەئۇزۇ بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى»گە ئايەتلەر ياكى بىر باشقا سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرىدۇ. «بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى» ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇپ، يەنە رۇكۇغا بېرىپ ۋە سەجدىسىنى قىلغاندىن كېيىن ئولتۇرىدۇ. «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك ۋە رەببەنا ئاتىنا..» دۇئاسىنى ئوقۇپ، ئوڭ ـ سولغا سالام بېرىپ نامىزىنى تاماملايدۇ.

ئۈچ رەكئەتلىك نامازشام ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە ئىمامغا ئەگەشكەن كىشى ئىمام بىلەن شۇ رەكئەتنى ئوقۇپ، ئىمامنىڭ سالام بېرىشىنى كۈتۈپ، ئىمام ئوڭ تەرەپكە سالام بەرگەندە، ئۆزى سالام بەرمەيلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇپ «سۇبھانەكە، ئەئۇزۇ بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى»گە ئايەتلەر ياكى بىر باشقا سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇپ، مەلۇم بولغاندەك رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرىدۇ. «بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى»، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇپ، يەنە رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى قىلغاندىن كېيىن ئولتۇرىدۇ. پەقەت «ئەتتەھىيياتۇ» دۇئاسىنى ئوقۇپلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇپ، بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى قىلغاندىن كېيىن ئولتۇرىدۇ. «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك ۋە رەببەنا ئاتىنا..» دۇئالىرىنى ئوقۇپ، ئوڭ ـ سولغا سالام بېرىپ، نامىزىنى تاماملايدۇ.

**تۆت رەكئەتلىك بىر نامازنىڭ تۆتىنچى رەكئىتىدە ئىمامغا ئەگەشكەن كىشى:**

يەنە ئىمام بىلەن شۇ رەكئەتنى ئوقۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇپ، ئىمامنىڭ سالام بېرىشىنى كۈتىدۇ، ئىمام ئوڭ تەرەپكە سالام بەرگەندە، ئۆزى

سالام بەرمەيلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇپ «سۇبھانەكە، ئەئۇزۇ بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى»گە ئايەتلەر ياكى بىر باشقا سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇپ، مەلۇم بولغاندەك رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرۇپ، پەقەت «ئەتتەھىيياتۇ» دۇئاسىنى ئوقۇپلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇپ، بىسمىللاھ، پاتىھە سۈرىسى ۋە ئايەتلەر ياكى بىر سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى قىلغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇپ، پەقەت بىسمىللاھ بىلەن پاتىھە سۈرىسىنىلا ئوقۇپ، رۇكۇ، سەجدىسىنى قىلغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ، «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك ۋە رەببەنا ئاتىنا..» دۇئالىرىنى ئوقۇپ، ئوڭ-سولغا سالام بېرىپ، نامىزىنى تاماملايدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى رەكئەتنىڭ رۇكۇسىدىن تۈزلىنىپ ئۆرە تۇرغاندا، ئىمامغا ئەگەشكەن كىشى ئىمام ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىشىگىلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزى باشتىن-ئاخىرى پۈتكۈل رەكئەتلەرنى تولۇق ئوقۇپ، نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

### جۈمە كۈنى ۋە جۈمە نامىزى

جۈمە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ بىر كۈنى. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار ئۇ كۈننى خۇددى بىر ھېيت-بايرامدەك سۆيگۈ بىلەن قارشى ئېلىپ، يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، پاكىز كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ مەسجىدكە بېرىشى كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى كامىل تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، جۈمەگە بېرىپ جىم ئولتۇرۇپ خۇتبىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن قوشۇلۇپ، بۇ جۈمەدىن كېلەر جۈمەگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ.»[61]

جۈمە نامىزى 4 رەكئەت دەسلەپكى سۈننەت، 2 رەكئەت پەرز ۋە 4 رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت بولۇپ، جەمئىي 10 رەكئەتتۇر. جۈمە كۈنلىرى چۈشتە شۇ كۈندىكى پېشىن نامىزىنىڭ ئورنىدا ئوقۇلىدۇ. جۈمە نامىزىنىڭ پەرزى جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان بولۇپ يالغۇز ئوقۇلمايدۇ.

### جۈمە نامىزى كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟

جۈمە نامىزىنىڭ بىر كىشىگە پەرز بولۇشى ئۈچۈن مۇسۇلمان، ئەقلى-ھۇشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن بولۇشتىن باشقا يەنە 6 شەرتى بار.

**جۈمە نامىزىنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى:**

1) ئەر بولۇش (ئاياللار ئۈچۈن پەرز ئەمەس)
2) ئەركىن ۋە ئازاد بولۇش.
3) مۇقىم بولۇش (سەپەردە بولماسلىق)
4) سالامەت بولۇش.
5) ئەما بولماسلىق.
6) پۇتلىرى ساق بولۇش.

61. «رىيازۇس-سالىھىن»، 2-جىلد، 440-بەت.

يۇقىرىقى شەرتلەردىن بىرى ئۆزىدە يوق بولغان كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز ئەمەس. ئەمما ئۇ ئەھۋالدىكى بىر كىشى مەسجىدكە بېرىپ، جۈمە نامىزىنى ئوقۇسا ئۇ كۈنىنىڭ پىشىن نامىزىنى ئوقۇغان بولىدۇ.

**جۈمە نامىزى دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى:**

1) جۈمە نامىزىنى چۈشتە ئوقۇش.
2) نامازدىن ئاۋۋال خۇتبە ئوقۇش.
3) جۈمە ئوقۇلىدىغان يەر ھەممە كىشىگە ئوچۇق بولۇش.
4) ئىمامدىن باشقا ئەڭ ئازبولغاندا ئۈچ ئەر كىشى جامائەت بولۇش.
5) جۈمە قىلىنىغان يەر شەھەر ياكى شەھەر ھۆكۈمىتى تەۋەلىكىدە بولۇش.

**جۈمە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى**

جۈمە كۈنى چۈشتە نامازغا ئەزان چىققاندىن كېيىن ئاۋۋال: «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن جۈمە نامىزىنىڭ 4 رەكئەت دەسلەپكى سۈننىتىنى» دەپ نىيەت قىلىنىپ، تۆت رەكئەت دەسلەپكى سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

جۈمەنىڭ دەسلەپكى سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى پىشىن نامىزىنىڭ 4 رەكئەت سۈننىتىگە ئوخشايدۇ. سۈننەتتىن كېيىن مەسجىد ئىچىدە يەنە بىر قېتىم ئەزان ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئىمام مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ. خۇتبىدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ، جۈمە نامىزىنىڭ 2 رەكئەت پەرزى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدۇ. ئىمامنىڭ ئارقىسىدىكى جامائەت «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن جۈمە نامىزىنىڭ 2 رەكئەت پەرزىنى، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا» دەپ نىيەت قىلىدۇ.

جۈمە نامىزىنىڭ پەرزى شۇنىڭ بىلەن تاماملىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن 4 رەكئەت «زۇھرى ئاخىر يەنى ئاخىرقى پىشىن نامىزى» بىلەن ئىككى رەكئەت ۋاقىت نامىزىنىڭ سۈننىتى ئوقۇلىدۇ.

ئاخىرقى پىشىن نامىزىغا «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ ئوقۇيالمىغان ئاخىرقى پىشىن نامىزىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ. بۇ ئاخىرقى پىشىن نامىزىنى، پىشىن نامىزىنىڭ 4 رەكئەت پەرز نامىزىغا ئوخشاش ئوقۇش بىلەن بىللە، سۈننەتلەردە ئوقۇغاندەك 4 رەكئەتنىڭ ھەممىسىدە پاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەتلىك ۋاقىت سۈننىتىگە «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، ۋاقىت نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇشقا» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ. بۇ نامازنىڭ سۈننىتى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ.

**ھېيت ـ بايرام نامازلىرى**

ھېيت ـ بايرام سۆيگۈ ـ مۇھەببەت كۈنى بولۇپ، توپلىشىپ ئوقۇلغان ھېيت نامىزى، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنىڭ ئەڭ گۈزەل بىر كارتىنىسى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. ھېيت ـ بايرام مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان، تارقاقلىقنى يوقۇتۇپ، قېرىنداشلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم كۈنلەردىن بىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان زىياپەت كۈنىدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدا ئىككى دىنىي بايرىمى بار:

1) روزا ھېيت

2) قۇربان ھېيت

جۈمە نامىزى پەرز بولغان كىشىنىڭ ھېيت نامىزىنى ئوقۇشى ۋاجىبتۇر.

ھېيت نامىزى 2 رەكئەت بولۇپ، جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭدا ئەزان ئوقۇش، تەكبىر ئېيتىش يوق. ھېيت خۇتبىسى ئوقۇش سۈننەت بولۇپ، نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

باشقا نامازلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى ھېيت نامازلىرىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى رەكئىتىدە ئۈچ قېتىمدىن 6 تەكبىر ئېيتىلىدۇ. بۇلار «زەۋائىد تەكبىرلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ھېيت ـ بايرام نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى**

**روزا ھېيت نامىزى:**

**بىرىنچى رەكئەت:**

1) جامائەت تەكشى سەپ تۈزۈپ، ئىمامنىڭ ئارقىسدا تۇرۇپ «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن روزا ھېيت نامىزىنى، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا» دەپ نىيەت قىلىدۇ.

2) ئىمام «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ قولىنى يۇقىرىغا كۆتۈرگەندە، جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپلا «ئاللاھ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن قول باغلاپ تۇرىدۇ.

3) ئىمام ھەم جامائەت ئىچىدە «سۇبھانەكە»نى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ. ئۇ تەكبىر تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

**بىرىنچى تەكبىر:** ئىمام ئاۋازىنى چىقىرىپ، جامائەت بولسا ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر (ئىفتىتاھ تەكبىرىدەك) ئېيتىپ، ئاندىن قولىنى ئىككى يېنىغا چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ.

**ئىككىنچى تەكبىر:** ئىككىنچى قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قولىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىپ، ئاندىن ئىككى تەرەپكە سېلىپ تۇرىدۇ.

**ئۈچىنچى تەكبىر:** ئاندىن يەنە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىپ بولۇپ، قولىنى يانغا سېلىپ تۇرماي، باغلاپ تۇرىدۇ.

4) ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمام ئىچىدە «ئەئۇزۇ بىسمىللاھ» ئوقۇپ، ئاۋازىنى چىقىرىپ پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى يەنە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇيدۇ. (جامائەت ھېچ نەرسە ئوقۇماي ئىمامغا قولاق سېلىپ جىم تۇرىدۇ.)

5) رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىپ، ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، قول باغلاپ تۇرىدۇ.

**ئىككىنچى رەكئەت:**

6) ئىمام ئىچىدە بىسمىللاھ، ئاۋازىنى چىقىرىپ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئىمام يۇقىرى ئاۋازدا، جامائەت ئىچىدە بىرىنچى رەكئەتتىكە ئوخشاش، يەنە ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ، ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن قوللار باغلانمايلا، تۆتىنچى تەكبىردە بىۋاستە رۇكۇغا بارىدۇ، ئاندىن سەجدىلەر قىلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ.

7) ئولتۇرغاندا ئىمام ۋە جامائەت «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك ۋە رەببەنا ئاتىنا...» دۇئالىرىنى ئوقۇپ، ئاۋۋال ئوڭغا، ئاندىن سولغا سالام بېرىپ نامازنى تۈگىتىدۇ. نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇلىدۇ.

**قۇربان ھېيت نامىزى:**

1) «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، قۇربان ھېيت نامىزىنى، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

2) ئىمام «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىفتىتاھ تەكبىرىنى ئېيتىقاندا، جامائەتمۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ قولنى باغلاپ تۇرىدۇ.

نىيەتتىن كېيىنكىسى روزا ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇلىدۇ.

**تەشرىق تەكبىرلىرى**

قۇربان ھېيتتىن بىر كۈن بۇرۇنقى «ئەرەفە» (ھارپا) كۈنىنىڭ بامدات نامىزىدىن باشلاپ، ھېيتنىڭ 4-كۈنى نامازدىگەرگىچە بولغان 23 ۋاقىت پەرز نامازلىرىدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قېتىم:

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل-ھەمدۇ» دەپ تەكبىر ئېيتىش ۋاجىبتۇر. بۇ «تەشرىق تەكبىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ تەكبىر جامائەت ياكى يالغۇز كىشىگە، يولۇچى ياكى يولۇچى بولمىغان ئەر-ئاياللارغا ۋاجىبتۇر.

تەشرىق تەكبىرى ئوقۇلغان كۈنلىرى قازا بولغان نامازلارنىڭ قازاسى، تەشرىق تەكبىرى كۈنلىرى ئوقۇلسا، تەشرىق تەكبىرى ئېيتىش كېرەك، ئەگەر تەشرىق تەكبىر كۈنى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا تەشرىق تەكبىرى ئېيتىلمايدۇ.

**ھېيت-بايرامدىكى ۋەزىپىلىرىمىز:**

ھېيت-بايرام كۈنلىرى ئەتىگەن ئورۇندىن تۇرۇش، يۇيۇنۇش، چىشلىرىنى پاكىز چوتكىلاپ يۇيۇش، ئەڭ ياخشى كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىش ۋە خۇش-پۇراقلىق ئەتىرلەرنى چېچىپ مەسجىدكە بېرىش، ئۇچرىغان كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ مۇئامىلە قىلىش، پېقىر-

پۇقرالارغا يار-يۆلەكتە بولۇش، دىنىي قېرىنداشلىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەش، چوڭلارنى يوقلاش، ۋاپات بولغانلار ئۈچۈن سەدىقە بېرىش، قەبرىلەرنى يوقلاپ دۇئا قىلىش، ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىش، يامانلىغانلارنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويۇش، باللارغا ھەدىيە بېرىپ ئۇلارنى خوش قىلىش قاتارلىقلار بىزنىڭ ھېيت-بايرامدا قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىمىزدۇر.

## تەراۋىھ نامىزى

تەراۋىھ نامىزى 20 رەكئەت بولۇپ، ئەر-ئاياللار ئۈچۈن سۈننەتى-مۇئەككەدە ۋە ھەر رامىزان ئېيىدا ئوقۇلىدۇ. كېسەل ياكى سەپەر سەۋەبىدىن روزا تۇتمىغان كىشىلەرنىڭمۇ تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇشى ۋە مەسجىدتە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلۇشى سۈننەت بولۇپ، ساۋابى كۆپتۇر. ئۆيدە يالغۇز ياكى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇسا بولىدۇ. ئەمما مەسجىدتە ئوقۇش تېخىمۇ ساۋابلىق. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«پەزىلىتىگە ئىشىنىپ ۋە مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن رامىزان كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن (تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇغان) كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.»[62]

### تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى:

تەراۋىھ نامىزى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. بالدۇر ئوقۇشقا بولمايدۇ. ۋىتىر نامىزىنى رامىزان ئېيىدا، تەراۋىھدىن كېيىن ۋە بۇرۇن ئوقۇشقا بولىدۇ.

20 رەكئەت بولغان تەراۋىھ نامىزىنى ھەر ئىككى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا سالام بېرىپ، ياكى ھەر تۆت رەكئەتتە بىر سالام بېرىپمۇ ئوقۇشقا بولىدۇ.

### ئىككى رەكئەتتە بىر قېتىم سالام بېرىپ، تەراۋىھنى جامائەت بىلەن ئوقۇش:

خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزى ۋە ئاخىرقى سۈننىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن تەراۋىھ نامىزى باشلىنىدۇ.

نامازنى ئوقۇتقان ئىمام «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزىنى، ماڭا ئىقتىدا قىلغانلارغا ئىمام بولۇپ» دەپ نىيەت قىلىپ، ئىفتىتاھ تەكبىرىنى ئېيتىپ قولىنى باغلاپ تۇرىدۇ.

ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغان جامائەت «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزىنى، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا» دەپ نىيەت قىلىپ، ئىمامنىڭ تەكبىرىگە ئۇلاپلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە قولىنى باغلاپ تۇرىدۇ.

ئاندىن ئىمام ۋە جامائەت ئىچىدە «سۇبھانەكە»نى ئوقۇيدۇ. ئاندىن (جامائەت ئۆرە تۇرغاندا ھېچنەرسە ئوقۇمايدۇ) ئىمام ئىچىدە ئەئۇزۇ-بىسمىللاھنى ئوقۇپ، ئاۋازىنى چىقىرىپ پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇيدۇ. ئاندىن جامائەت بىلەن بىللە رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئۆرە تۇرىدۇ.

---

62. «رىيازۇس-سالىھىن»، 2-جىلد، 467-بەت.

ئۆرە تۇرغاندا ئىمام يەنە ئىچىدە بىسمىللاھ، ئاۋازىنى چىقىرىپ پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇپ، جامائەت بىلەن بىللە رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

ئولتۇرغاندا ئىمام ۋە جامائەت «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك بىلەن رەببەنا ئاتىنا..» دۇئالىرىنى ئوقۇپ سالام بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى رەكئەت تاماملىنىدۇ.

ئۆرە تۇرۇپ يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇلىدۇ. ئىككى رەكئەتتىن 10 قېتىم ئوقۇغاندا، 20 رەكئەت تەراۋىھ نامىزى ئوقۇلغان بولىدۇ. ئاندىن ئۈچ رەكئەتلىك ۋىتىر نامىزىمۇ جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدۇ.

**ئىككى رەكئەتتە بىر قېتىم سالام بېرىپ تەراۋىھنى يالغۇز ئوقۇش:**

«نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزىنى» دەپ نىيەت قىلىپ، بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ.

20 رەكئەت ئوقۇلۇپ بولغىچە، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇش داۋاملاشتۇرىلىدۇ. تەراۋىھ نامىزى تۈگىگەندە ۋىتىر نامىزى ئوقۇلىدۇ.

**تۆت رەكئەتتە بىر قېتىم سالام بېرىپ تەراۋىھنى جامائەت بىلەن ئوقۇش:**

نامازنى ئوقۇتماقچى بولغان ئىمام ۋە جامائەت يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك نىيەت قىلىپ، ئىفتىتاھ تەكبىرىنى ئېيتىپ، قولنى باغلاپ، ئىمام ۋە جامائەت ئىچىدە سۇبھانەكەنى ئوقۇغاندىن كېيىن جامائەت جىم تۇرىدۇ، ئىمام ئىچىدە ئەئۇزۇ-بىسمىللاھ، ئاۋازىنى چىقىرىپ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرىنى ئوقۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئۆرە تۇرىدۇ.

ئۆرە تۇرغاندا ئىمام يەنە ئىچىدە بىسمىللاھ، ئاۋازىنى چىقىرىپ پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇپ، جامائەت بىلەن بىللە رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

ئولتۇرغاندا ئىمام ۋە جامائەت «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك بىلەن رەببەنا ئاتىنا..» دۇئالىرىنى ئوقۇپ، ئۈچىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئۆرە تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى رەكئەتتە تۇرغاندا، ئىمام ۋە جامائەت ئىچىدە سۇبھانەكەنى ئوقۇغاندىن كېيىن، جامائەت جىم تۇرىدۇ، ئىمام ئىچىدە ئەئۇزۇ-بىسمىللاھ، ئاۋازىنى چىقىرىپ، پاتىھە سۈرىسى، ئايەتلەر ياكى بىر سۈرىنى ئوقۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى قىلغاندىن كېيىن تۆتىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئۆرە تۇرىدۇ.

ئۆرە تۇرغاندا، ئىمام يەنە ئىچىدە بىسمىللاھ، ئاۋازىنى چىقىرىپ، پاتىھە سۈرىسى ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇپ، جامائەت بىلەن بىللە رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

ئولتۇرغاندا ئىمام ۋە جامائەت «ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، ئاللاھۇممە بارىك بىلەن رەببەنا ئاتىنا..» دۇئالىرىنى ئوقۇپ سالام بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەراۋىھ نامىزىنىڭ دەسلەپكى تۆت رەكئىتى تاماملانغان بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆرە تۇرۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك تۆت رەكئەتتىن، 20 رەكئەت توشقىچە ناماز ئوقۇش داۋاملاشتۇرىلىدۇ. 20 رەكئەت توشقاندىن كېيىن جامائەت بىلەن ۋىتىر نامىزى ئوقۇلىدۇ.

**تۆت رەكئەتتە بىر قېتىم سالام بېرىپ تەراۋىھنى يالغۇز ئوقۇش:**

«نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزىنى» دەپ نىيەت قىلىپ، ناماز دىگەرنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. ھەر قېتىم 4 رەكئەتتىن 5 قېتىمدا 20 رەكئەت تەراۋىھ نامىزى تاماملىنىپ، ئارقىدىنلا ۋىتىر نامىزى ئوقۇلىدۇ.

## ئولتۇرۇپ، ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش

ئىسلامدا ئىبادەتلەر ئىنسانلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە قارىتا بولۇپ، نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالمىغان كىشى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ كىشى نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغاندا، ئىجرا قىلغان مەسئۇلىيەتنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغاندىمۇ ئىجرا قىلىش كېرەك. ئېگىلىپ رۇكۇغا بېرىپ، رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈپ، ئاندىن سەجدىگە بېرىپ دېگەندەك داۋاملاشتۇرۇپ، نامىزىنى ئوقۇيدۇ.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ پېشانىسىنى يەرگە تەككۈزۈپ سەجدە قىلىشقا قۇربىتى يەتمىسە، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. بۇ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش دەپ ئاتىلىپ، رۇكۇ ۋە سەجدىگە سىمۋول بولۇشى ئۈچۈن، بېشىنى ئېگىش دېيىلىدۇ. ئۇ ئەھۋالدا بولغان كىشى رۇكۇدا بېشىنى ئازراق ئىگىپ، سەجدىگە بارغاندا، رۇكۇدىن بەكرەك ئېگىدۇ. ئەگەر بەكرەك ئېگىلمىسە، نامىزى توغرا بولغان بولمايدۇ.

كېسەلنىڭ ئولتۇرغۇدەك ھالى بولمىسا، ئۇ ئەھۋالدا خالىغان، ئۆزىگە قولاي بولغان بىر ھالەتتە يېتىپ، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ. بېشى بىلەنمۇ ئىشارەت قىلىشقا قۇربىتى يەتمىسە، نامىزىنى كېيىنگە قالدۇرسا بولىدۇ.

## سەپەردىكىلەرنىڭ نامىزى

بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈن يېزىسىدىن، مەھەللىسىدىن نورمال سۈرئەتتە 18 سائەت يەنى 90 كىلومېتىر مۇساپىنى باسقان كىشىنى يولۇچى دەيمىز.

يېزىسى ياكى مەھەللىسىدىن يولغا چىققان كىشى، بارىدىغان يېرىگە بارغىچە يولۇچى بولغانغا ئوخشاش، بارغان يېرىدە 15 كۈندىن ئاز قالسا يەنە يولۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر 15 كۈندىن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قېلىشقا نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ يولۇچى ھېسابلانمايدۇ.

يولۇچى، يولۇچى بولمىغان كىشىلەرگە ئىماملىق قىلىپ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇماقچى بولغان بولسا، ئىمام ئىككىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا سالام بېرىدۇ، يولۇچى بولمىغان جامائەت ئۆزلىرى نامازنى داۋاملاشتۇرۇپ تۆت رەكئەت نامازنى تۈگىتىدۇ. يولۇچى سەپەردە ئۆتكۈزۈۋەتكەن تۆت رەكئەتلىك نامىزىنى سەپەردىن كېيىنمۇ ئىككى رەكئەت ئوقۇپ تاماملايدۇ. يولۇچى تاھارەت بار ۋاقىتتا كەيگەن مەسسىنى ئۈچ كۈن، ئۈچ كېچە مەسھ قىلالايدۇ.

يولۇچى رامىزاندا خالىسا روزا تۇتۇپ، خالىمىسا يۇرتىغا قايتقاندا تۇتسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر روزا تۇتۇش ئۈچۈن قولايلىق بولسا تۇتسا ياخشى بولىدۇ. يولۇچى سەپەردە جۈمە ۋە ھېيت بايرام نامازلىرىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئوقۇسا ناماز ئوقۇغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۈمە نامىزىنى ئوقۇيالمىسا، ئورنىغا پېشىن نامىزىنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

مانا بۇلار يولۇچىنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، دىنىمىزنىڭ سەپەر ئۈستىدىكىلەرگە يارىتىپ بەرگەن قولايلىقىدۇر.

### ۋاقتى ئۆتكەن نامازلارنىڭ قازاسى

بىر نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش «ئادا»، ۋاقتى-سائىتى ئۆتكەندە ئوقۇش بولسا «قازا» دەپ ئاتىلىدۇ. نامازنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈرسىزلا ۋاقتى-سائىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش چوڭ گۇناھتۇر. ناماز قازاسى ئوقۇلغاندا، ئاندىن تولۇقلىنىدۇ. ئەمما ۋاقىت-سائىتىدىن كېيىنگە قالدۇرغانلىقتىن ئاللاھتىن ئەپۇ سوراش كېرەك.

بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرزلىرى بىلەن ۋىتىر نامىزىنىڭ قازاسى ئوقۇلىدۇ. لېكىن بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇمىغان كىشى، شۇ كۈنى چۈش ۋاقتىغىچە پەرز بىلەن بىللە سۈننەتنىڭ قازاسىنىمۇ ئوقۇشى كېرەك. قازا نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن بەلگىلىك بىر ۋاقىت يوق. كۈندۈز ۋە كېچە ھەر قانداق ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىدۇ. پەقەت ئۈچ مەكرۇھ ۋاقىتتا، يەنى قۇياش چىقىۋاتقاندا، قۇياش تىكلەشكەندە ۋە قۇياش پېتىۋاتقاندا ئوقۇشقا بولمايدۇ.

ۋاقتى ئۆتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى ئوقۇغاندا، قايسى كۈننىڭ، قايسى ۋاقىتتىكى نامىزى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، مۇنداق نىيەت قىلسا بولىدۇ: «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قازا بولغان تۇنجى بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنى»، باشقا نامازلار ئۈچۈنمۇ، قازا بولغان تۇنجى پېشىن، تۇنجى نامازدىگەر، تۇنجى نامازشام، تۇنجى خۇپتەن ۋە تۇنجى ۋىتىر نامىزىنى دەپ ياكى ئاخىرقى بامدات، ئاخىرقى پېشىن، ئاخىرقى نامازدىگەر، ئاخىرقى نامازشام، ئاخىرقى خۇپتەن ۋە ئاخىرقى ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇشقا دەپ نىيەت قىلسا بولىدۇ.

### تىلاۋەت سەجدىسى

تىلاۋەت سەجدىسى ئاللاھقا بولغان ھۆرمەت بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ 14 سۈرىسىدە سەجدە ئايىتى بار. بۇلارنىڭ بىرىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغانغا سەجدە قىلىش ۋاجىبتۇر.

سەجدە ئايىتى نامازدا ئوقۇلسا، تىلاۋەت سەجدە نامازدا قىلىنىشى كېرەك. ئۇ دېگەنلىك، سەجدە ئايىتىدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولسا، سەجدە ئايىتى ئوقۇلۇشى بىلەنلا، دەرھال تىلاۋەت سەجدىسى قىلىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەگەر سەجدە ئايىتىدىن كېيىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىسا، ئۇلاپ بىر، ئىككى ياكى ئۈچ ئايەت ئوقۇپلا دەرھال سەجدىگە بارىدۇ. ئايرىم تىلاۋەت سەجدىسى قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

نامازدا ئوقۇلغان سەجدە ئايىتىنى، نامازدا بولمىغان بىرسى ئاڭلىسا، دەرھال سەجدە قىلىشى كېرەك. ناماز ئوقۇۋاتقان بىر كىشى، ناماز ئوقۇمىغان بىر كىشىنىڭ ئوقۇۋاتقان سەجدە ئايىتىنى ئاڭلاپ قالسا، نامازدىن كېيىن تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشى كېرەك.

نامازدا سەجدە ئايىتى ئوقۇغان كىشى، نامازدا تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشى كېرەك. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن قىلىشقا بولمايدۇ. ئىمام نامازدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇسا، ھەم ئۆزى ھەم ئۇنىڭغا ئەگەشكەن جامائەت بىللە سەجدە قىلىشى كېرەك. تىلاۋەت سەجدىسى ناماز ئوقۇش بىلەن مۇكەللەپ بولغانلارغا ۋاجىب. ئادەت كۆرگەن ۋە تۇغۇت ھالىتىدىكى ئاياللارغا ۋاجىب ئەمەس.

**نامازنىڭ سىرتىدا تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ قىلىنىشى:**

تاھارىتى بولغان ھالدا قىبلىگە يۈزلىنىپ، تىلاۋەت سەجدىسى نىيىتى بىلەن قول كۆتۈرۈلمەيلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپلا سەجدىگە بارىدۇ. سەجدىدە ئۈچ قېتىم، «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا»دىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرىدۇ. ئۆرە تۇرغاندا «غۇفرانەكە رەببەنا ۋەئىلەيكەل مەسىر» دېيىلىشى مۇستەھەب. سەجدە بىر قېتىملا قىلىنىدۇ، سالام بېرىلمەيدۇ.

**قۇرئان كەرىمدە سەجدە ئايىتى بولغان 14 سۈرە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:**

1. 7 ـ سۈرە ئەئرافنىڭ 206 ـ ئايىتى
2. 13 ـ سۈرە رەئدنىڭ 15 ـ ئايىتى
3. 16 ـ سۈرە نەھلنىڭ 48 ـ ئايىتى
4. 17 ـ سۈرە بەنى ئىسرائىلنىڭ 107 ـ ئايىتى
5. 19 ـ سۈرە مەريەمنىڭ 58 ـ ئايىتى
6. 22 ـ سۈرە ھەجنىڭ 18 ـ ئايىتى
7. 25 ـ سۈرە فۇرقاننىڭ 60 ـ ئايىتى
8. 27 ـ سۈرە نەملنىڭ 25 ـ ئايىتى
9. 32 ـ سۈرە سەجدىنىڭ 15 ـ ئايىتى
10. 38 ـ سۈرە سادنىڭ 24 ـ ئايىتى
11. 41 ـ سۈرە فۇسسىلەتنىڭ 37 ـ ئايىتى
12. 53 ـ سۈرە نەجمنىڭ 62 ـ ئايىتى
13. 84 ـ سۈرە ئىنشىقاقنىڭ 21 ـ ئايىتى
14. 96 ـ سۈرە ئەلەقنىڭ 19 ـ ئايىتى

### مېيىت نامىزى

مېيىت نامىزى پەرزى كۇفايە بولۇپ، مېيىت ئۈچۈن دۇئادۇر. ئاللاھتىن دىنىي قېرىندىشىنىڭ گۇناھى ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىشنى تىلەش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش دېمەكتۇر.

**كىملەرنىڭ جىنازى نامىزى ئوقۇلىدۇ:**

بىر مېيىت نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى ئۈچۈن ئالتە شەرت بولۇشى كېرەك. بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) مېيىت مۇسۇلمان بولۇش.

2) پاك ـ پاكىز بولۇش.

3) جامائەتنىڭ ئالدىدا بولۇش.

4) مېيىتنىڭ پۈتكۈل بەدىنى ياكى بەدىنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يەنى بېشى بىلەن بىللە بولغان يېرىمى بولۇش.

5) مېيىت نامىزىنى ئوقۇيدىغان كىشى ئۆزۈرلۈك بولمىسا، ئۆرە تۇرۇپ نامىزىنى چۈشۈرۈش.

6) مېيىت يەردە بولۇش، مۇردە ياكى ئۇلاغ ئۈستىدە بولماسلىق.

مېيىت نامىزى پەرزى كۇفايە بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى مۇسۇلمانلار بۇ نامازنى ئوقۇسا، بەزىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا كېرەك قالمايدۇ. مېيىت نامىزىدا جامائەت بولۇپ ئوقۇش شەرت ئەمەس. پەقەت بىر ئەر ۋە ئايال مېيىت نامىزىنى ئوقۇسا، پەرز ئورۇنلانغان بولىدۇ. باشقا نامازلارنى بۇزغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر، مېيىت نامىزىنىمۇ بۇزىدۇ. ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغان ئۈچ ۋاقىتنىڭ سىرتىدا، قاچانلا بولسا مېيىت نامىزى ئوقۇشقا بولىدۇ.

مېيىت نامىزىنىڭ جەريانى تۆت تەكبىر ئېيتىش بىلەن قىيامدا تۇرۇش. سالام بېرىش ۋاجىب. مېيىت نامىزىدا رۇكۇ ۋە سەجدە يوق.

**مېيىت نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى:**

1) نامازنى چۈشۈرىدىغان ئىمام مېيىت كۆكسى بىلەن بىر سىزىقتا تۇرۇش.

2) بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن «سۇبھانەكە» ئوقۇش.

3) ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن «ئاللاھۇممە سەللى ۋە ئاللاھۇممە بارىك» ئوقۇش.

4) ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن دۇئا ئوقۇش.

**مېيىت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

مېيىت پاكىز يۇيۇلغان ۋە كېپەنلىككە ئورىلىپ، ناماز ئوقۇلىدىغان يەردە مېيىت تاختىسىغا قويۇلىدۇ. مېيىت جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. مېيىت نامىزىنى چۈشۈرىدىغان ئىمام مېيىتنىڭ كۆكسى بىلەن بىر سىزىقتا تۇرىدۇ. جامائەت ئۆرە ۋە قىبلىگە يۈزلىنىپ، ئىمامنىڭ ئارقىسا سەپ تۈزۈپ تۇرىدۇ. جامائەتنىڭ ئۈچ سەپ بولۇپ تۇرىشى مۇستەھەب.

نىيەت قىلغاندا، مېيىتنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكى، ئوغۇل ياكى قىز بالا ئىكەنلىكى بىلدۈرىلىدۇ.

ئىمام «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ھازىر بولغان مېيىت نامىزىنى، (مېيىت ئەر بولسا) ئۇ ئەر ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا» دەپ نىيەت قىلىدۇ.

مېيىت ئايال بولسا، «ئۇ ئايال ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا»

مېيىت ئوغۇل بالا بولسا، «ئۇ ئوغۇل بالا ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا»

مېيىت قىز بالا بولسا، «ئۇ قىز بالا ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا»

ئىمامنىڭ ئارقىسىدىكى جامائەت «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ھازىر بولغان مېيىت نامىزىنى، (مېيىت ئەر بولسا) ئۇ ئەر ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا» دەپ نىيەت قىلىدۇ.

مېيىت ئايال بولسا «ئۇ ئايال ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا»

مېيىت ئوغۇل بالا بولسا «بۇ ئوغۇل بالا ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا»

مېيىت قىز بالا بولسا «بۇ قىز بالا ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا» دېيىلىدۇ.

جامائەتنىڭ بىرى ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، مۇنداق نىيەت قىلىدۇ:

«نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىمامنىڭ ئۆتەيدىغان شۇ مېيىت نامىزىنى، مېيىت ئۈچۈن دۇئاغا، ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا»

نىيەت قىلغاندىن كېيىن ئىمام يۇقىرى ئاۋازدا، جامائەت بولسا ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بىرىنچى تەكبىرنى ئېيتىدۇ، باشقا نامازلارغا ئوخشاش قوللىرىنى قولىقىغا تەككۈزۈپ ئاندىن بەل باغلاپ تۇرىدۇ.

ئىمام ۋە جامائەت ئىچىدە سۇبھانەكە ئوقۇيدۇ. سۇبھانەكەدە باشقا نامازلاردا ئوقۇلمىغان «ۋەجەللە سەنائۇك» جۈملىسىمۇ ئوقۇلىدۇ.

سۇبھانەكە ئوقۇلغاندىن كېيىن قول سېلىنماي، ئىمام ئاۋازىنى چىقىرىپ، جامائەت بولسا ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككىنچى تەكبىر ئېيتىلىدۇ. ئىمام ھەم جامائەت ئىچىدە «ئاللاھۇممە سەللى ۋە ئاللاھۇممە بارىك» ئوقۇيدۇ.

ئاندىن كېيىن قوللار يانغا سېلىنمايلا يەنە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىلىپ ئۈچىنچى تەكبىر ئېيتىلىدۇ ۋە مېيىت دۇئاسى ئوقۇلىدۇ. مېيىت دۇئاسىنى بىلمىگەنلەر، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇنۇت دۇئالىرىنى ئوقۇسا بولىدۇ. قۇنۇت دۇئالىرىنىمۇ بىلمىگەنلەر «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار» ئايىتىنى ئوقۇسا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قوللار سېلىنمايلا يەنە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تۆتىنچى تەكبىرنى ئېيتىدۇ ۋە بىر نەرسە ئوقۇلماي، باش ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ»، ئاندىن سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېيىت نامىزى تاماملىنىدۇ.

**مېيىت نامىزىدا ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار:**

ھەر بىر جىنازى نامىزىدا تۆۋەندىكى دۇئالار ئوقۇلىدۇ:

ئوقۇلۇشى «ئاللاھۇممەغفىر لىھەييىنا ۋەمەييىتىنا ۋەشاھىدىنا ۋەغائىبىنا ۋەزەكەرىنا ۋەئۇنسانا ۋەسەغىرىنا ۋەكەبىرىنا. ئاللاھۇممە مەن ئەھيەيتەھۇ مىننا فەئەھيىھى ئەلەل ئىسلامى ۋەمەن تەۋەففەيتەھۇ مىننا فەتەۋەففەنا ئەلەل ئىمان.

مەنىسى: ئەي رەببىم! مېيىتىمىزنى بۇ يەردە بولغانلىرىمىزنى، بولمىغانلىرىمىزنى، ئەرلىرىمىزنى، ئاياللىرىمىزنى، كىچىكىمىزنى ۋە چوڭىمىزنى كەچۈرگىن.

ئەي رەببىم! بىزدىن پەيدا بولىدىغان يېڭى ئەۋلادلارنى، ئىسلام ئۈستىگە ياراتقىن! بىزدىن ئەجىلى كېلىپ دۇنيادىن كېتىدىغانلارنىمۇ ئىمان ئىچىدە روھىنى ئال.

بۇ دۇئادىن كېيىن مېيىتنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا تۆۋەندىكى دۇئالاردىن بىرى ئوقۇلىدۇ.

1) **ئەگەر مېيىت ئەر بولسا، بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ:**

ئوقۇلۇشى: ۋەخۇسسە ھەزەلمەييىتە بىررەۋھى ۋەررەھەتى ۋەلمەغفىرەتى ۋەررىزۋانى. ئاللاھۇممە ئىنكانە مۇھسىنەن فەزىد فى ئىھسانىھى ۋە ئىنكانە مۇسىئەن فەتەجاۋەز ئەنھۇ ۋە لەققىھىلئەمنە ۋەلبۇشرا ۋەلكەرامەتە ۋەززۇلفا بىرەھمەتىكە يا ئەرھەمەرراھىمىن.

**مەنىسى:** رەببىم! بۇ مېيىتقا پاكىز بىر ھاۋا ئىچىدە مەڭگۈلۈك راھەت، ئەبەدىي مەرھەمەت، گۇناھلاردىن مەغپىرەت، جەننەت ئىچىدە بىر ھايات بەرگىن.

ئاللاھىم! بۇ مېيىت ياخشىلىق قىلغان بىر كىشى بولسا، سەن ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ مۇكاپاتىنى بەرگىن، ئەگەر بۇ مېيىت يامانلىق قىلغان بولسا، جازالىمىغىن! گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغىن.

بۇ مېيىتنى قورققانلىرىدىن خاتىرجەم قىلغىن، مېھرىبانلىقىڭ بىلەن خوشخەۋەر بەرگىن، ئۇنى ئاخىرەتنىڭ شەرىپىگە ۋە يۇقىرى مەرتىۋىسىگە ئىگە قىلغىن.

ئەي مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى بولغان ئاللاھىم!

**2) ئەگەر مېيىت ئايال بولسا، بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ:**

ئوقۇلۇشى: ۋەخۇسسە ھەزەلمەييىتەتە بىررەۋھى ۋەرراھەتى ۋەلمەغفىرەتى ۋەررىزۋانى. ئاللاھۇممە ئىنكانەت مۇھسىنەتەن فەزىد فى ئىھسانىھا ۋە ئىنكانەت مۇسىئەتەن فەتەجاۋەز ئەنھا ۋە لەققىھەلئەمنە ۋەلبۇشرا ۋەلكەرامەتە ۋەززۇلفا بىرەھمەتىكە يا ئەرھەمەرراھىمىن.

مەنىسى: رەببىم! بۇ مېيىتقا پاكىز بىر ھاۋا ئىچىدە مەڭگۈلۈك راھەت، ئەبەدىي مەرھەمەت، گۇناھلاردىن مەغپىرەت، جەننەت ئىچىدە بىر ھايات بەرگىن.

ئاللاھىم! بۇ مېيىت ياخشىلىق قىلغان بىر كىشى بولسا، سەن ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ مۇكاپاتىنى بەرگىن، ئەگەر بۇ مېيىت يامانلىق قىلغان بولسا، جازالىمىغىن! گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغىن.

بۇ مېيىتنى قورققانلىرىدىن خاتىرجەم قىلغىن، مېھرىبانلىقىڭ بىلەن خوشخەۋەر بەرگىن، ئۇنى ئاخىرەتنىڭ شەرىپىگە ۋە يۇقىرى مەرتىۋىسىگە ئىگە قىلغىن.

ئەي مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى بولغان ئاللاھىم!

**3) مېيىت ئوغۇل بالا بولسا، بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ:**

ئوقۇلۇشى: ئاللاھۇممەجئەلھۇ لەنە فەراتەن ۋەجئەلھۇ لەنا ئەجرەن ۋە زۇھرەن ۋەجئەلھۇ لەنە شافىئەن ۋە مۇشەففەئەن.

مەنىسى: ئاللاھىم! بۇ بالىنى جەننەتتە بىزنى قارشى ئالىدىغان ئاخىرەتنىڭ ھەدىيەسى قىلغىن.

ئاللاھىم! بۇ بالىنى بىز ئۈچۈن شاپائەتچى قىلغىن ۋە شاپائىتىنى قوبۇل قىلغىن.

**4) مېيىت قىز بالا بولسا، بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ:**

ئوقۇلۇشى: ئاللاھۇممەج ئەلھا لەنە فەراتەن ۋەجئالھا لەنە ئەجرەن ۋە زۇھرەن ۋەجئەلھا لەنە شافىئەتەن ۋە مۇشەففەئەتەن.

مەنىسى: ئاللاھىم! بۇ بالىنى جەننەتتە بىزنى قارشى ئالىدىغان ئاخىرەتنىڭ ھەدىيەسى قىلغىن.

ئاللاھىم! بۇ بالىنى بىز ئۈچۈن شاپائەتچى قىلغىن ۋە شاپائىتىنى قوبۇل قىلغىن.

**مېيىت دۇئالىرىنى بىلمىگەنلەر بۇ ئايەتنى دۇئا نىيىتى بىلەن ئوقۇسا بولىدۇ:**

ئوقۇلۇشى: رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋە فىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار.

رَبَّنَآ اٰتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّار

مەنىسى: ئەي رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق، گۈزەللىك، ئاخىرەتتە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلغىن. بىزنى جەھەننەم ئازابىدىن ساقلىغىن...

**سوئاللار:**

1) سەھۋى سەجدىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئەھۋاللاردا قىلىنىدۇ؟
2) جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
3) مەسجىدتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟
4) مەسجىدلەرنىڭ بۆلۈملىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
5) ئىمامغا ئەگەشكەن بىر كىشى جامائەت بىلەن نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟
6) جۈمە نامىزى كىملەرگە پەرز؟
7) جۈمە نامىزى قانچە رەكئەت؟
8) ھېيت-بايرام نامىزى كىملەرگە ۋاجىب؟
9) ھېيت-بايرام نامىزىنىڭ باشقا نامازلاردىن پەرقى نېمە؟
10) تەشرىق تەكبىرلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
11) ھېيت-بايرامدىكى ۋەزىپىلىرىمىز قايسى؟ سۆزلەپ بېرىڭ.
12) تەراۋىھ نامىزىنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
13) تەراۋىھ نامىزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟
14) ئولتۇرۇپ ۋە ئىما-ئىشارەت بىلەن ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ؟
15) يولۇچى (مۇساپىر) دەپ كىمنى دەيمىز؟ ئۇلار نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟
16) «ئادا» ۋە «قازا» دېگەن نىمە؟ ئۆتۈپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسى قانداق ئوقۇلىدۇ؟
17) تىلاۋەت سەجدىسى دېگەن نېمە؟ قانداق ئوقۇلىدۇ؟
18) كىملەرنىڭ مېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ؟
19) مېيت نامىزىغا قانداق نىيەت قىلىنىدۇ؟ مېيت نامىزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

ئالتنچى
باب

# روزا تۇتۇش

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- روزا تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە پايدىسى
- رامىزاندا روزا تۇتۇش كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟
- زولۇق ۋە ئىفتارنىڭ پەزىلىتى
- روزىغا قاچان ۋە قانداق نىيەت قىلىنىدۇ؟
- روزىنىڭ تۈرلىرى
- رامىزان روزىسىنى باشقا ۋاقىتتا تۇتۇشقا يول قويىغان ئۆزرىلەر ۋە فىدىيە
- رامىزاندا سەۋەبسىز ھالدا روزا تۇتماسلىقنىڭ ھۆكمى
- روزىنى بۇزۇپ ھەم قازا قىلغان، ھەمدە كەففارىتىنى لازىم قىلغان ئىشلار
- روزىنى بۇزۇپ پەقەت قازالا قىلغان ئىشلار
- روزىنى بۇزمىغان ئىشلار
- روزىدارغا مەكرۇھ بولغان ئىشلار
- روزىدارغا مەكرۇھ بولمىغان ئىشلار

---

**روزا تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى**

ئىسلامنىڭ بەش شەرتىدىن ئۈچىنچىسى، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش بولۇپ، ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى پەرز قىلىندى.

روزىغا نىيەت قىلىپ، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، ئاخشام قوياش ئولتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا، يېمەك-ئىچمەك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يىراق تۇرۇش.

رامىزان ئېيى بەزىدە 29 كۈن، بەزىدە 30 كۈن بولىدۇ. رامىزان ئېيى 29 كۈن بولسىمۇ، روزا تولۇق تۇتۇلغان بولىدۇ. چۈنكى پەرز بولغان ئاينىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتقان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ 9 ئاي روزا تۇتقان بولۇپ، ئۇ ئايلارنىڭ تۆتى 29 كۈن، بەشى 30 كۈن.

رامىزان ئېيى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇبارەك بىر ئاي بولۇپ، ئىسلامنىڭ قۇياشى بۇ ئايدا تۇغقان، دۇنيانى يورۇتقان مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىممۇ بۇ ئايدا نازىل بولۇشقا باشلىغان. مىڭ ئايدىن تېخىمۇ پەزىلەتلىك بولغان قەدىر كېچىسىمۇ رامىزان ئېيىنىڭ ئىچىدە. كۆڭۈلمىزنى يامان غەرەزلەردىن، سىرتىمىزنى يامان ئىش-ھەرىكەتلەردىن تازىلايدىغان روزىمۇ بۇ ئايدا تۇتۇلىدۇ.

ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن)ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز**

**قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى)پەرز قىلىندى.»**[63] (2-سۈرە بەقەرەنىڭ 183-ئايىتى)

روزا بىزنى دۇنيانىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ، ئاخىرەتتە جەھەننەمدىن قوغدايدىغان ۋە گۇناھلىرىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان مۇھىم بىر ئىبادەتتۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىشىنىپ ۋە مۇكاپاتىنى ئاللاھتىن كۈتۈپ رامىزان روزىسى تۇتسا، بۇرۇنقى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.»[64]

## روزا تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى

**1) روزا ئەخلاقىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ:**

روزا بىزگە ھەر دائىم ئاللاھنى ئەسلىتىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. قەلبىمىزدىكى يامان ھېس-تۇيغۇ ۋە ئوي-پىكىرلەرنى تازىلاپ، باشقىلارغا يامانلىق قىلىشتىن ساقلايدۇ. روزا بىزنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىرىشتۈرۈپ، گوياكى پەرىشتىدەك دەرىجىگە يەتكۈزىدۇ. روزا كۆزنى ھارامغا قاراشتىن، تىلنى يالغان-ياۋىداق سۆز قىلىشتىن، قۇلاقنى ھارام نەرسىلەرنى ئاڭلاشتىن، ئاشقازاننى ھارام نەرسە ھەزىم قىلىشتىن، قوللارنى يامان ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن ئاياقنى ناچار يەرلەرگە بېرىشتىن ساقلايدۇ.

روزىنىڭ پەرز بولۇشىدىكى ھېكمەت بولسا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بەندىلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلاپ، يامانلىقلاردىن ساقلىنىش.

**2) روزا ئىنساننىڭ مەرھەمەت ۋە يار-يۆلەكتە بولۇش ھېس-تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ:**

ھاياتىدا ئاچلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن باي بىر كىشى، يوقسۇللار تارتقان ئاچ-يالىڭاچلىق قىيىنچىلىقنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقى چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى روزا تۇتسا، ئاچلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە يوقسۇللارنىڭ قىيىنچىلىقىنى قەلبىدىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن شەپقەت ۋە مەرھەمەت تۇيغۇسى ئويغۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ.

**3) روزا ئىنسانغا نېمەتنىڭ قىممىتىنى ئۆگىتىدۇ:**

ئىنسان قولىدىكى نېمەتنىڭ قىممىتىنى، ئۇلار قولىدىن كەتكەندىن كېيىن چۈشىنىدۇ. لېكىن بولغۇلۇق بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلغاننىڭ قىلچىمۇ پايدىسى بولمايدۇ. روزا تۇتۇپ، بىر مەزگىل نېمەتتىن يىراق قالغان كىشىنىڭ نەزىرىدە، بۇ نېمەتلەرنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىلىدۇ. بۇ چۈشەنچە ئىنسانغا ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىشى كېرەكلىكىنى ۋە ئۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا تېخىمۇ كۆپ شۈكرى قىلىشنى ئۆگىتىدۇ.

63. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
64. «رىيازۇس-سالىھىن»، 2-جىلد، 489-بەت.

**4) روزا تۇتۇش ئىنساننى ساغلام قىلىدۇ:**

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتۇڭلار، ساغلام بولىسىلەر.»[65]

بىر يىلنىڭ 11 ئېيىدا ھارغان ھەزىم قىلىش ئورگانلىرى، روزىنىڭ سايىسىدا دەم ئېلىپ، رامىزاندىن كېيىن ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلايدۇ. ئالىملار روزىنىڭ سالامەتلىك نۇقتىسىدىن بەدىنىمىزگە ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. تېببىي پەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن داڭلىق فرانسوز ئالىمى ئالەكسى كارەل روزا ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «روزا ۋاقتىدا، بەدەندە ساقلانغان ئوزۇقلۇق ماددىلىرى ھەزىم بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىسى كېلىدۇ، شۇنداق قىلىپ بەدەندە بىر يېڭىلاش بولىدۇ. روزا سالامەتلىك نۇقتىسىدىن ناھايىتى پايدىلىق.»[66]

**5) روزا ئىنسانلارغا سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشنى ئۆگىتىدۇ:**

روزا تۇتۇش بىلەن ئۆزىنى مەلۇم مەزگىل ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا كۆندۈرگەن بىر ئىنسان، ھاياتىدا ئۇچرايدىغان مۇشەققەتلەرگە ئاسانلا سەۋر ـ تاقەت قىلىدۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە چىدايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن يانمايدۇ، بېشىغا كېلىدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشنى بىلىدۇ.

**رامىزاندا روزا تۇتۇش كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟**

**روزىنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:**

1) مۇسۇلمان بولۇش.

2) ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولۇش.

3) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولغان ھەر قانداق مۇسۇلمان ئەر ـ ئايالغا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر. بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ روزى تۇتىشى پەرز ئەمەس. لېكىن بالىلىرىغا زىيان يەتمىگەن ئاساستا، روزا تۇتۇشقا كۆندۈرسە بولىدۇ.

ئاياللار تۇغۇتلۇق ۋە ئادەت كۆرگەن ئەھۋاللاردا روزا تۇتمايدۇ، ناماز ئوقۇمايدۇ. ئەھۋالى نورماللاشقاندىن كېيىن تۇتالمىغان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. ئەمما ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدۇ.

**زولۇق يېيىش ۋە ئىفتار قىلىشنىڭ پەزىلىتى**

زودا تۇرۇپ تاماق يېيىش مۇستەھەب بولۇپ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «زودا تاماق يەڭلار، چۈنكى زولۇق يېمىكىدە بەرىكەت بار»[67] دېگەن. زولۇق تائام روزىغا چىداش كۈچى

65. «كەشفۇل ھافا»، 2 ـ جىلد، 33 ـ بەت.
66. «ھايات ئېنسىكلوپېدىيسى»نىڭ «روزا» ماددىسى.
67. «رىيازۇس ـ سالىھىن»، 2 ـ جىلد، 495 ـ بەت.

بېرىدۇ. دۇئالارنىڭ قوبۇل بولىدىغان ۋاقتىمۇ دەل زو ۋاقتىدۇر. زولۇققا تۇرغان بىر كىشى دۇئا قىلىشى ۋە ئاللاھتىن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىشى لازىم.

روزا تۇتۇپ، ئىفتار ۋاقتىغىچە چىدىغان كىشى بۇنىڭدىن ئىنتايىن زور بەخت-سائادەت ۋە سۆيگۈ ھېس قىلىدۇ. تۇتقان روزىنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بارغاندا ئەڭ چوڭقۇر سۆيگۈنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتقان كىشىگە ئىككى خۇشاللىق بار. بىرى ئىفتار قىلغان ۋاقتتا، يەنە بىرى ئاللاھ بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتتا.»[68] ئىفتار ۋاقتىدا قىلىنغان دۇئالارنىڭ قايتۇرۇلماي، ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئېيتقان.

**ئىفتار دۇئاسى:**

ئىفتار ۋاقتىدا بۇ دۇئانى ئوقۇش سۈننەت:

«ئاللاھۇممە لەكە سۇمتۇ، ۋەبىكە ئامەنتۇ، ۋە ئەلەيكە تەۋەككەلتۇ، ۋەئەلا رىزقىكە ئەفتەرتۇ، ۋە ساۋمەلغادى مىن شەھرى رامىزانە نەۋەيتۇ، فائىفىر لىما قەددەمتۇ ۋەما ئەھھارتۇ»

مەنىسى: «ئاللاھىم، سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، ساڭا ئېتىقاد قىلدىم، ساڭا ئىشەندىم، سەن بەرگەن رىزىق بىلەن ئىفتار قىلدىم. رامىزان ئېيىنىڭ ئەتىكى روزىسىغىمۇ نىيەت قىلدىم. مېنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن!»

**روزىغا قاچان ۋە قانداق نىيەت قىلىنىدۇ؟**

روزىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن نىيەت قىلىش شەرت.

رامىزان روزىسىغا كېچىدىن باشلاپ چاشگاھ ۋاقتىغىچە نىيەت قىلسا بولىدۇ.

نورمالدا روزىغا زولۇقنى يەپ بولۇپ نىيەت قىلىنىدۇ. ئەمما، زولۇققا قوپالماي، زولۇق يېيەلمەي بولغاندىن كېيىن، ھەتتا قۇياش چىقىپ بولغان ۋاقتتا ئورنىدىن تۇرغان كىشى، چاشگاھ ۋاقتىغىچە شۇ كۈنىنىڭ روزىسىغا نىيەت قىلسا بولىدۇ. پەقەت زولۇق ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، روزىنى بۇزىدىغان بىر ئىش قىلمىسىلا بولىدۇ.

ئەگەر زولۇققا تۇرۇشنى خالىمىغان بىر كىشى، كېچىسى ئەتىنىڭ روزىسىغا نىيەت قىلىۋېلىپ، ئەتىسى قايتا نىيەت قىلمىسىمۇ بولىدۇ. زولۇققا تۇرغان بىر كىشى، روزىغا نىيەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىمۇ چاشگاھ ۋاقتىغىچە قايتا نىيەت قىلسا بولىدۇ. كېچىكىپ نىيەت قىلىنغانلارنىڭ روزىسىدا ھېچبىر كەمتۈكلۈك بولمايدۇ. چاشگاھ ۋاقتىدىن كېيىن روزىغا نىيەت قىلىنمايدۇ. رامىزان ئېيىدا تۇتۇلمىغان روزىغا، باشقا ۋاقىتتا قازاسىنى تۇتقاندا، ئۇنىڭغا كېچىسى نىيەت قىلىش كېرەك. كەففارەت روزىسىمۇ ئوخشاش بولۇپ، زولۇق ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن نىيەت قىلىنمايدۇ.

68. «ئەت-تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 2-جىلد، 81-بەت.

نىيەت ئاساسەن چىن يۈرەكتىن بولىدۇ، كېچىسى ئەتە روزا تۇتىمەن دەپ كۆڭلىدە ئويلىغان كىشى، نىيەت قىلغان بولىدۇر. روزا تۇتۇش خىيالى بىلەن زولۇقا تۇرغان كىشىنىڭ ئۇ خىيالمۇ نىيەت بولىدۇ. روزىغا يۈرەكتىن نىيەت قىلىش يېتەرلىك. لېكىن قەلبتىن قىلىنغان ئۇ نىيەتنى تىل بىلەن ئىپادىلىسە تېخىمۇ ياخشى. بۇ سەۋەبتىن، روزا تۇتىدىغان كىشى ھەم كۆڭلىدە نىيەت قىلىش ھەم تىلى بىلەن «نىيەت قىلدىم، رامىزان شەرىفنىڭ ئەتىكى روزىسىنى تۇتۇشقا» دېيىشى كېرەك.

## روزىنىڭ تۈرلىرى

روزا 6 خىل بولۇپ:

1) **پەرز بولغان روزىلار:** رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، رامىزاندا تۇتالمىغان روزىلىرىنى باشقا كۈنلىرى قازا قىلىپ تۇتۇش، كەففارەت روزىسى پەرزدۇر.

2) **ۋاجىب بولغان روزىلار:** ئاداق روزىسى بىلەن بۇزۇلغان نەپلە روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇش ۋاجىبتۇر.

3) **سۈننەت بولغان روزىلار:** مۇھەررەم ئېيىنىڭ 9، 10، 11 ۋە 13 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇش سۈننەتتۇر.

4) **مۇستەھەب بولغان روزىلار:** قەمەر ئېيىنىڭ 13، 14 ۋە 15 ـ كۈنلىرى بىلەن ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى، رامىزاندىن كېيىن شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن روزا تۇتۇش مۇستەھەبتۇر.

5) **مەكرۇھ بولغان روزىلار:** مۇھەررەم ئېيىنىڭ پەقەت 10 ـ كۈنى بىلەن تاق جۈمە كۈنى، تاق شەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر.

6) **ھارام بولغان روزىلار:** روزا ھېيتىنىڭ 1 ـ كۈنى بىلەن قۇربان ھېيتىنىڭ ئالدىنقى 4 كۈنى روزا تۇتۇش ھارامدۇر. چۈنكى بايرام كۈنلىرى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان زىياپەت كۈنى بولۇپ، ئاللاھنىڭ زىياپىتىدىن قېچىش ياخشى ئەمەس.

## رامىزان روزىسىنى باشقا ۋاقىتتا تۇتۇشقا يول قويغان سەۋەبلەر:

سەۋەپسىز ھالەتتە رامىزان ئېيىدا روزا تۇتماسلىق ھەم گۇناھ ھەمدە جازاسى بار. لېكىن بىر كىشى تۆۋەندىكى ئەھۋالدا رامىزان روزىسىنى تۇتمىسىمۇ ياكى تۇتقان روزىسىنى بۇزسىمۇ بولىدۇ.

**1) كېسەل بولۇش:** بىر كېسەل روزا تۇتقان ھالدا، كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشى ياكى ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە روزا تۇتمىسا بولىدۇ. كېسىلى ياخشىلانغاندىن كېيىن تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتسا بولىدۇ.

**2) سەپەرگە چىقىش:** رامىزان ئېيىدا ئەڭ ئاز 90 كىلومېتىر مۇساپە سەپەرگە چىققان كىشى روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. سەپەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۇتمىغان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. ئەگەر روزا تۇتۇشقا بىر قىيىنچىلىق بولمىسا، يولۇچىنىڭ روزا تۇتىشى تېخىمۇ ياخشى.

**3) ئىغىر كېلىش:** روزىسىنى بۇزۇش ئۇچۇن ئۆلۈم ياكى بەدىنىگە زىيان-زەخمەت يېتىش بىلەن تەھدىت قىلىنغان كىشى روزىسىنى بۇزسا بولىدۇ.

**4) ھامىلە ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان بولۇش:** ھامىلە ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان بىر ئايال روزا تۇتىۋاتقان بولسا، ئۆزىگە ياكى بالىسىغا زىيان-زەخمەت كېلىشىدىن ئەندىشە قىلسا روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. ھامىلىلىك ۋە بالا ئېمىتىش ئەھۋالى تۈگىگەندە، تۇتمىغان روزىسىنى قازا قىلىپ تۇتسا بولىدۇ.

**5) قاتتىق ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق:** روزا تۇتقان بىر كىشى ئاچلىق ياكى ئۇسسۇزلۇق سەۋەبىدىن كەيپىياتى بۇزۇلۇپ ياكى بەدىنىگە ئېغىر بىر زىيان-زەخمەت كېلىشتىن ئەندىشە قىلسا روزىسىنى بۇزسا بولىدۇ. كېيىن مۇۋاپىق بىر ۋاقىتتا تۇتمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتىشى كېرەك.

**6) قېرىلىق ۋە ئاجىزلىق:** بەدىنى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاشقان ۋە روزىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە قېرىغان كىشى روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلار كېيىن روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتالمايدىغانلىقى ئۇچۇن ھەر كۈنلۈك روزا ئۇچۇن فىدىيە بېرىدۇ.

### فىدىيە

روزا تۇتۇشقا كۈچ-قۇۋۋىتى يەتمىگەن ياشانغانلار بىلەن ياخشىلىنىشقا ئۈمىد بولمىغان كېسەللەر، رامىزان ئېيىنىڭ ھەر كۈنى ئۇچۇن فىدىيە بېرىدۇ. فىدىيەنىڭ قىممىتى فىترە مىقدارى بولىدۇ. بۇ فىدىيەلەر رامىزاننىڭ بېشىدا بېرىلگىنىدەك، رامىزاننىڭ ئوتتۇرىسى ياكى ئاخىرىدا بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

فىدىيەلەرنىڭ ھەممىسىنى خالىسا بىر كەمبەغەلگە بىراقلا بەرسىمۇ ياكى ئايرىم-ئايرىم ھالدا باشقا كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بەرسىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدىكى كىشىلەرنىڭ فىدىيە بېرىشكە كۈچى يەتمىسە، ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيدۇ. روزا تۇتۇشقا ماغدۇرى يەتمىگەن ياشانغانلار بىلەن ياخشىلىنىش ئۈمىدى بولمىغان كېسەللەر، ئەگەر كېيىن روزا تۇتقىدەك ھالغا كېلىپ قالسا، تۇتمىغان روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىشى كېرەك. بۇرۇن بەرگەن فىدىيەسىنىڭ ھۆكمى قالمايدۇ، ئۇلار نەپلە ھەدىيە ھېسابلىنىدۇ.

### رامىزاندا سەۋەبسىز روزا تۇتماسلىقنىڭ ھۆكمى

رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ئاللاھنىڭ كەسكىن ئەمىر-پەرمانى بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ ئەمىر-پەرمانىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. بىر مۇسۇلمان سەۋەبسىز رامىزان ئېيىدا روزىغا نىيەت قىلماي يەپ-ئىچسە، روزا تۇتمىغان بىر كۈنگە بىر كۈن قازا روزىسى تۇتۇشى كېرەك بولۇپ، كەففارەت لازىم قىلمايدۇ. چۈنكى كەففارەت روزا تۇتمىغاننىڭ ئەمەس، تۇتقان روزىنى بۇزغانغا بېرىلىدىغان جازادۇر.

رامىزاندا سەۋەبسىز ھالدا روزا تۇتمىغان كىشى گۇناھ قىلغان ۋە ئاللاھقا قەرزدار بولغان بولىدۇ. شۇڭا تەۋبە قىلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىشى ۋە روزىنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتمەي، ۋاقتىدا قازا روزىسىنى تۇتۇشى كېرەك.

**روزىنى بۇزۇپ، قازا قىلغان ھەمدە كەففارەتنى لازىم قىلغان ئىشلار**

روزا تۇتقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ:

1) يەپ-ئىچىش (ئوزۇقلۇق ياكى دورا قاتارلىق)

2) جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش.

3) تاماكا چېكىش.

**قازا:** بۇزۇلغان روزىنىڭ ئورنىغا بىر كۈنگە بىر كۈن روزا تۇتۇش.

**كەففارەت (كاپالەت):** بۇزۇلغان بىر كۈن روزىنىڭ ئورنىغا ئىككى ئاي ياكى 60 كۈن ئارقا-ئارقىدىن روزا تۇتۇش.

رامىزان ئېيىدا نىيەت قىلىپ، روزا تۇتقان بىر كىشى سەۋەبسىز ھالدا بىلىپ تۇرۇپ، يەپ-ئىچسە ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلسا روزىسى بۇزۇلىدۇ. بۇزۇلغان بۇ روزىنىڭ بىر كۈنگە بىر كۈن قازا روزىسى تۇتۇش بىلەن بىللە، روزا سەۋەبسىز ھالدا بىلىپ تۇرۇپ بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن كەففارەت تۇتۇشى كېرەك.

باشلىغان روزىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇزغانلىقنىڭ دۇنيادىكى جازاسى كەففارەت يەنى 60 كۈن ئارقا-ئارقىدىن روزا تۇتۇش. ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن كەففارەت روزىسى ئۈزۈلۈپ ياكى كەم تۇتۇلسا، قايتا باشتىن باشلاپ 60 كۈن ئارقا-ئارقىدىن ئۈزۈپ قويماي تولۇق تۇتۇشى كېرەك. ئاياللار كەففارەت روزىسى تۇتۇۋاتقاندا ئادەت كۆرۈپ قالسا، ئۇ چاغدا تۇتماي، ساقايغاندا داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈزۈپ قويماي 60 كۈننى تولۇقلاشتۇرۇشى كېرەك.

**روزىنى بۇزۇپ پەقەت قازا قىلىدىغان ئىشلار**

1) يېيىش زۆرۈر بولمىغان ۋە دورا قىلىپ ئىشلەتمىگەن نەرسىلەرنى يۇتۇش. (توپراق، قەغەز، پاختا قاتارلىق)

2) بۇرنىغا دورا سۈمۈرۈش.

3) قۇلاق ئىچىگە ياغ تېمىتىش.

4) تاھارەت ئېلىۋاتقاندا ئېغىز-بۇرنىغا سۇ ئالغاندا، تاسادىپىي ھالدا گېلىدىن سۇ ئۆتۈپ كېتىش.

5) ئاغزىغا سالغان رەڭلىك نەرسىنىڭ رېڭى تۈكۈرۈككە ئارىلىشىپ قالغاندا يۇتۇش.

6) زورلۇق بىلەن روزىسىنى بۇزۇش.

7) ئۇخلاۋاتقاندا باشقىلار تەرىپىدىن گېلىغا سۇ قۇيۇلۇش.

8) ئاغزى تولغۇدەك دەرىجىدە قۇسۇش.

9) نامازشام ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ، نامازشام بولدى دەپ بىلىپ ئىفتار قىلىش.

10) زولۇق ۋاقتى ئۆتكەن تۇرۇپ، ئۆتمىدى دەپ ئويلاپ بىر نەرسە يېيىش.

**روزىنى بۇزىدىغان ئىشلار**

1) روزا تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ يەپ-ئىچىش. (ئۇنتۇپ قىلىپ يەپ-ئىچىۋاتقاندا، روزا تۇتقانلىقى ئېسىگە كەلسە، دەرھال ئاغزىنى يۇيۇپ روزىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن گېلىدىن بىر نەرسە ئۆتسە روزىسى بۇزۇلىدۇ)

2) قۇلىقىغا سۇ كىرىپ كېتىش.

3) كۆزىگە دورا تېمىتىش.

4) كېچىدە يۇيۇنماي ئەتىگەندە يۇيۇنۇش.

5) ئىختىيارسىز قۇسۇش.

6) ئېھتىلام بولۇش. (يەنى شەيتان ئاتلاش)

7) قان بېرىش.

8) ئىختىيارسىز گېلىغا توپا-چاڭ كىرىش.

9) ئاغزىدىكى تۈكۈرۈكنى يۇتۇش.

**روزىدارغا مەكرۇھ بولغان ئىشلار**

1) بىر نەرسىنى يۇتماي ئۇنىڭ تەمىنى تېتىش. (ئەگەر ئايالنىڭ ئېرى تاماقنىڭ تۇزى سەۋەبىدىن ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىسا، قاتتىق تەگسە، ئايال يۇتىۋەتمىگەن ھالدا تاماقنىڭ تۇزىنى تېتىپ باقسا بولىدۇ.)

2) تۈكۈرۈكنى ئاغزىدا يىغىپ يۇتۇش. (ئەگەر ئاغزىدا يىغىلغان تۈكۈرۈكنى ئاغزىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ يۇتسا روزىسى بۇزىلىدۇ.)

3) ئۆزىنى ئاجىزلاشتۇرغىدەك دەرىجىدە قان بېرىش، ئېغىر ئىشلارنى قىلىش.

**روزىدارغا مەكرۇھ بولمىغان ئىشلار**

1) گۈل ۋە ئەتىرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى پۇراش.

2) چىشنى چوتكىلاش.

3) ئاغزىغا سۇ ئېلىپ چايقاش.

4) بۇرنىغا سۇ ئېلىش.

5) يۇيۇنۇش.

**سوئاللار:**

1) روزا دېگەن نېمە؟
2) روزىنىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
3) روزا تۇتۇش كىملەرگە پەرز؟
4) ئىفتار دۇئاسىنى يادقا ئوقۇپ بېرىڭ.
5) روزىغا قاچان ۋە قانداق نىيەت قىلىنىدۇ؟
6) روزىنىڭ تۈرى قانچە؟
7) رامىزان روزىسىنى باشقا ۋاقىتلاردا تۇتۇشقا سەۋەب بولغان سەۋەبلەر قايسىلار؟
8) فىدىيە دېگەن نېمە؟ كىملەر فىدىيە بېرىشى كېرەك؟
9) قازا ۋە كەففارەت دېگەن نېمە؟
10) روزىنى بۇزۇپ، قازا ۋە كەففارەتنى كېرەك قىلغان ئىشلار قايسىلار؟
11) روزىنى بۇزۇپ، پەقەت قازانىلا كېرەك قىلغان ئىشلار قايسىلار؟
12) روزىنى بوزمىغان ئىشلار قايسىلار؟
13) روزىدارغا مەكرۇھ ۋە مەكرۇھ بولمىغان ئىشلار قايسىلار؟

يەتتىنچى باب

# زاكات بېرىش

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- زاكاتنىڭ مۇھىملىقى ۋە پايدىسى
- زاكاتنى كىملەر بېرىشى كېرەك؟
- نىساب
- زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟
- زاكات كىملەرگە بېرىلمەيدۇ؟
- زاكات بەرمىسىمۇ بولىدىغان مال-مۈلۈكلەر
- زاكات بېرىش كېرەك بولغان ماللار ۋە زاكاتنىڭ مىقدارى
- پىتىر سەدىقىسى (فىترە)

## زاكاتنىڭ مۇھىملىقى ۋە پايدىسى

**ئىسلامنىڭ بەش پەرزىنىڭ تۆتىنچىسى زاكات بېرىش.** بۇ ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئۈچىنچى شەرت بولغان روزا تۇتۇشتىن بۇرۇن پەرز قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مال بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر.

زاكات دىنىي ئۆلچەملەرگە ئاساسەن باي بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يىلدىن يەنە بىر يىلغىچە توپلىغان مال-دۇنيا ۋە پۇل-پۈچەكلىرىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى پېقىر-يوقسۇللارغا بېرىشىدۇر. زاكات قۇرئان كەرىمدە ناماز بىلەن بىللە 37 يەردە تەكىتلىنىدۇ. زاكات ھەققىدە بۇنداق كۆپ تەكىتلەش زاكاتنىڭ دىنىمىزدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

زاكات كۆڭۈلنى بېخىللىق كېسىلىدىن، مال-دۇنيانى كەمبەغەللىنىڭ ھەققى بىلەن تازىلايدىغان، بايلارنىڭ شەپقەت ۋە مەرھەمەت ھېس-تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. زاكات سايىسىدا پېقىر-يوقسۇلنىڭ قەلبىدىكى ھەسەت ۋە قىزغانچۇقلۇق يوقۇلىدۇ. ئۆزلىرىگە ياردەم قىلغان بايلارغا نىسبەتەن سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت پەيدا بولۇپ، جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىق ۋە قېرىنداشلىق كۈچىيىدۇ.

ئىسلامدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان، ئېھتىياجلارغا جاۋاب بېرىدىغان نۇرغۇن ئاساسلار بار. ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانى بولغان زاكات بىر ئىجتىمائىي ھەمكارلىق سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ مال-دۇنيانىڭ كۆپىيىشى ۋە بەرىكەتلىك بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئاللاھ زاكىتى بېرىلگەن پۇلنى يوقاپ كېتىشتىن، يامان كىشىلەرنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قوغدايدۇ. بۇ ھەقتە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «مال-دۇنيايىڭلارنى زاكات بىلەن قوغداڭلار.»[69]

69. «ئەت-تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 1-جىلد، 520-بەت.

زاكات مۇسۇلماندارچىلىقتا سەممىي بولغان ياكى بولمىغانلىقىنىڭ بىر ئۆلچىمىدۇر. زاكىتىنى بەرگەن كىشى ئاللاھقا بەندىلىكتە سەممىي بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ بايلىقنى ئۆزىگە بەرگەن رەببىگە، تەشەككۈر ئېيتىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. زاكىتىنى بەرگەن كىشى پېقىر-يوقسۇللارغا ياردەم قىلغان، كەمبەغەللىنىڭ چېھرىنى كۈلدۈرگەن ۋە مەنپەئەت يەتكۈزگەن ئىنساندۇر.

**زاكاتنى كىملەر بېرىشى كېرەك؟**

تۆۋەندىكى شەرتلەرنى تەييارلىغان كىشىلەرنىڭ زاكات بېرىش مەجبۇرىيىتى بار:

1. مۇسۇلمان بولۇش.
2. ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولۇش.
3. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.
4. ئەركىن، ئازاد بولغان بولۇش.
5. دىنغا نىسبەتەن باي بولۇش. (يەنى نورمال ئېھتىياج ۋە قەرزىدىن باشقا «نىساب» مىقدارى مال-دۇنياغا ئىگە بولغان بولۇش)
6. زاكات بېرىلىشى كېرەك بولغان مال-دۇنيا ياكى پۇل-پۇچەك:

1) نىساب مىقدارى 80.15 گىرام ئالتۇنغا يەتكەن بولۇش.
2) ئىگىسىنىڭ قولىدا تولۇق بىر يىل تۇرغان بولۇش.
3) ئەمەلىيەتتە ياكى ھۆكۈمدە ئېشىپ ماڭغان سانى بولۇش.

**نىساب**

نىساب دىنىمىز بەلگىلىگەن بايلىق ئۆلچىمى بولۇپ، قەرز ۋە نورمال ئېھتىياجىدىن ئېشىنغان بۇ مىقدار ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان مال-دۇنياسى بولغان كىشى دىنىمىزدا باي ھېسابلىنىدۇ.

فىترە بېرىش ۋە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە، نىساب مىقدارى مال-دۇنيا ياكى پۇل-پۇچەككە ئىگە بولۇش كېرەك. ئەمما ئۇ مال-دۇنيا ياكى پۇل-پۇچەكتىن بىر يىل ئۆتۈشى ۋە بەلگىلىك ئېشىپ بارغۇچى مىقدارىنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس.

**زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟**

**زاكات بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەر:**

**1) پېقىر-يوقسۇللار:** دىنىي ئۆلچەمگە نىسبەتەن باي ھېسابلانمايدىغان، نىساب مىقدارى مېلى بولمىغان كىشىلەر.

**2) كەمبەغەللەر:** ھېچ نەرسىسى بولمىغانلار.

**3) قەرزدارلار (قەرزگە بوغۇلغانلار):** قەرزىدىن ئارتۇق نىساب مىقدارىغا ئىگە بولمىغانلار.

**4) يولۇچى:** يۇرتىدا پۇلى بولغان ئەھۋالدا، يولدا پۇلى تۈگەپ قالغان قولىدا بىر نەرسىسى يوق كىشى. (ئۇلارغا يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە يەتكۇدەك زاكات بېرىلسە بولىدۇ.)

**5) ئاللاھ يولىدىكىلەر:** ئۇلار جىھاد ياكى ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ پۇلى قالمىغانلار ۋە ئىشنى تاشلاپ، ئۆزىنى ئىلىمگە ئاتىغان كىشىلەر.

**زاكات بەرگەندە بۇ تەرتىپكە دىققەت قىلىش كېرەك:**

ئاۋۋال قېرىنداشلارغا، ئۇلارنىڭ بالىلىرى، تاغا، ھاما، ئاندىن كېيىن باشقا ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلار، ئۇلاردىن كېيىن مەھەللىسى ۋە ئۆزى تۇرۇۋاتقان يۇرتتىكى پېقىر-يوقسۇللارغا بېرىش كېرەك. ئالغان زاكاتنى گۇناھ يولغا ئىشلىتىدىغان ۋە بۇزۇپ-چاچىدىغان كىشىلەرگە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان پېقىر-يوقسۇلغا بېرىش تېخىمۇ ياخشى.

**زاكات كىملەرگە بېرىلمەيدۇ؟**

**تۆۋەندىكىلەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ:**

1) ئاتا-ئانا، چوڭ دادا، چوڭ ئانىلارغا.

2) ئوغلىغا، ئوغلىنىڭ بالىلىرىغا، قىزىغا، قىزىنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇلاردىن تۇغۇلغان بالىلارغا.

3) بايلارغا.

4) مۇسۇلمان بولمىغانلارغا.

5) ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە.

**زاكات بەرمىسىمۇ بولىدىغان مال-مۈلۈكلەر**

ئۆزى ۋە بېقىش مەجبۇرىيىتى بولغان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى بولغان نەرسىلەردىن زاكات بەرمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلار «ھاۋائىجى ئەسلىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردۇر:

ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي، ئۆي جابدۇقلىرى، كېيىم-كېچەك، قاتناش قۇراللىرى، تىجارەت ئۈچۈن بولمىغان كىتاب، سەنئەتكارلارنىڭ ئىشلەتكەن ئەسۋابلىرى، يېمەك-ئىچمەك سايمانلىرى، ئالتۇن-كۈمۈشتىن باشقا ساتمايدىغان مەرۋايىت، ئالماس ۋە زۇمرەتكە ئوخشاش زىننەت بويۇملىرى.

**زاكات بېرىش كېرەك بولغان ماللار ۋە زاكاتنىڭ مىقدارى**

**زاكات بېرىلىشى كېرەك بولغان مال-دۇنيانىڭ نىسابى بىلەن ئۇلاردىن بېرىلىشى كېرەك بولغان زاكاتنىڭ مىقدارى تۆۋەندىكىدەك:**

**1) ئالتۇن:** ئەڭ ئاز بولغاندا 80.18 گىرام ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا قىرىقتىن بىرى.

2) **كۈمۈش:** ئەڭ ئاز بولغاندا 561 گىرام ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، قىرىقتىن بىرى.

3) **نەق پۇل:** ئەڭ ئاز نىساب مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولغان پۇلنىڭ قىرىقتىن بىرى. (پۇلنىڭ نىسابى ئەڭ ئاز بولغاندا 80.18 گىرام ئالتۇننىڭ مىقدارىغا تەڭ بولغان پۇلغا ئىگە بولۇش.)

4) **تىجارەت ماللىرى:** ئەڭ ئاز نىساب مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولغان، ھەر خىل تىجارەت ماللىرىدىن كىرگەن پۇلنىڭ قىرىقتىن بىرى.

5) **قوي ۋە ئۆچكە:** قىرىق تۇياق قوي ياكى ئۆچكىدىن بىر تۇياق قوي ياكى ئۆچكە.

6) **كالا، قوتاز ۋە سۇ كالىسى:** 30 كالا ياكى سۇ كالىسى ئۈچۈن بىر ياشقا تولغان كالا.

7) **تۆگە:** بەش تۆگە ئۈچۈن بىر قوي ياكى ئۆچكە.

ئۆلىمالارنىڭ سانى ئاشقانسېرى زاكات مىقدارىمۇ ئۆزگىرىدۇ. يەردىن ئېلىنغان ھوسۇللارنىڭ زاكىتىمۇ ئوخشىمايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماللارنىڭ زاكاتلىرى شۇ مالدىن بېرىلسىمۇ بولغاندەك، ئۇلاردىن باشقىلىرى پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

زاكاتنىڭ ھەقىقىي بولۇشىنىڭ شەرتى نىيەت بولۇپ، باي بىر مۇسۇلمان پېقىر-يوقسۇلغا زاكات بەرگەندە، كۆڭلىدىن نىيەت قىلىشى كېرەك، تىلىدا ئېيادىلەش شەرت ئەمەس.

### پىتىر سەدىقىسى (فىترە)

قەرز ۋە نورمال ئېھتىياجىدىن باشقا، ئەڭ ئاز نىساب مىقدارى مال-دۇنيا ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدە پۇلى بولغان مۇسۇلماننىڭ پىتىر سەدىقىسى بېرىشى ۋاجىبتۇر. ئۇ قىسقارتىلىپ «فىترە» دەپ ئاتىلىدۇ. پىتىر سەدىقىسىنىڭ ۋاجىب بولۇشى ئۈچۈن زاكاتتا بولغاندەك مال-دۇنيا ياكى پۇلدىن بىر يىلنىڭ ئۆتۈشى ۋە بەلگىلىك ئېشىپ بارغۇچى مىقدارىنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس.

فىترە رامىزان ئېيىدا پېقىرغا بېرىلىدىغان بىر سەدىقە بولۇپ، ھېيتتىن بۇرۇن بېرىلسە ياخشى. ھېيت كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىلسىمۇ بولىدۇ. دىنىي ئۆلچەمگە نىسبەتەن باي بولغان كىشىنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ ھەمدە بالاغەتكە يەتكەن بالىلىرىنىڭ فىترىلىرىنى بېرىشى ۋاجىبتۇر.

**فىترە بۇ تۆت خىل يېمەك ماددىسىدىن تۆۋەندىكىدەك مىقداردا بېرىلىدۇ:**

| ماددا تۈرى: | مىقدارى: |
|---|---|
| 1) بۇغداي | 1460 گىرام |
| 2) ئارپا | 2920 گىرام |
| 3) قۇرۇق ئۈزۈم | 2920 گىرام |
| 4) خورما | 2920 گىرام |

بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ ئۆزىنىمۇ زاكات قىلىپ بەرگىلى بولغاندەك، پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ. قايسىسى پېقىرلارغا كېرەكلىك بولسا شۇنى بېرىش تېخىمۇ ياخشى. بىر فىترە پەقەت بىرلا پېقىرغا بېرىلىدۇ، ئىككىگە بۆلۈنمەيدۇ. ئەمما بىر پېقىرگە بىردىن ئارتۇق فىترە بېرىلسە بولىدۇ. فىترە نىيەت قىلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ فىترە ئىكەنلىكىنى پېقىرگە دېيىش كېرەك ئەمەس. ئىچىدە نىيەت قىلسىلا يېتەرلىك بولىدۇ. زاكات قانداق پېقىرغا بېرىلگەن بولسا، پىترىمۇ شۇلارغا بېرىلىدۇ. بىر سەۋەب بىلەن رامىزاندا روزا تۇتمىغانلارمۇ، نىساب مىقدارىدا مال-مۈلۈك ياكى پۇلغا ئىگە بولغان بولسا، فىترە بېرىشى كېرەك.

قول ئىلكىدە بولغان مۇسۇلمانلار فىترە بېرىش ئارقىلىق پېقىرلارغا ھېيت-بايرام خۇشاللىقىنىڭ تەمىنى تېتىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەرزىنى ئادا قىلىپ، ئۆلۈمنىڭ شىددىتى ۋە قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

**سوئاللار:**

1) زاكاتنىڭ پايدىسىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭ

2) زاكات بېرىش كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟

3) زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟

4) كىملەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ؟

5) قايسى تۆردىكىماللاردىن زاكات بەرمىسىمۇ بولىدۇ؟

6) زاكات قايسى ماللاردىن، قانچىلىك مىقداردا بېرىلىدۇ؟

7) نىساب دېگەن نېمە؟

8) پىتىر سەدىقىسى دېگەن نېمە؟

سەككىزىنچى
باب

# ھەج قىلىش

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ھەج قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە پايدىلىرى
- ھەج قىلىش كىملەرگە ۋە قايسى ۋاقىتتا پەرز قىلىنغان؟
- ھەججىنىڭ پەرزلىرى
- ھەججىنىڭ تۈرلىرى
- ئېھرام، تەلبىيە، تاۋاپ، سەئيى ۋە ۋاقفە
- ھەججىنىڭ قىلىنىشى
- ئۆمرە

## ھەج قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە پايدىلىرى

**ئىسلامنىڭ بەشىنچى شەرتى ھەج قىلىش.** ھەج بەلگىلىك ۋاقىتتا، بەلگىلىك يەرلەرنى ئاللاھ بەلگىلىگەن ئۇسۇلدا زىيارەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ھەج ھىجرەتنىڭ 9-يىلى پەرز قىلىنغان بولۇپ، ھەج مال ھەم تەن بىلەن قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. بەلگىلىك شەرتلەرنى تەييارلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا بىر قېتىم ھەجگە بېرىشى پەرزدۇر. ئاللاھنىڭ ھەر بىر ئەمر-پەرمانىدا بولغاندەك، ھەججىنىڭ پەرز قىلىنىشىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ھېكمەت ۋە پايدا بار.

ھەر خىل دۆلەتلەردىن مۇقەددەس تۇپراققا كەلگەن تىلى ۋە رەڭگى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىر غايە ئۈچۈن بىر يەرگە توپلىنىشى، ھەممە بىرلىكتە ئاللاھقا يۈزلىنىشى ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىدۇ. ھەج مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇشى، بىر-بىرى بىلەن دەرتلىشىشى ۋە قىيىنچىلىقىغا چارە-تەدبىر تېپىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

باي-كەمبەغەل ھەر خىل سەۋىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھرامغا كىرىپ، ئوخشاش كىيىم-كېچەك كىيىشى باراۋەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، قىيامەتتىكى مەھشەر كۆرۈنۈشىنى ئەسلىتىدۇ. ھەج سەپىرى ئىنساننىڭ بىلىمى ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قىيىنچىلىقلارغا قارشى چىدامچانلىققا ئىگە قىلىدۇ. ئىنساندىكى مال-دۇنيا سۆيگۈسىنى ئازايتىپ، پېقىر، يوقسۇل-كەمبەغەللەرگە قارىتا مەرھەمەت ۋە يار-يۆلەك بولۇش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئىسلامنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى باشلانغان مۇقەددەس يەرلەرنى كۆرۈش روھىمىزغا مەنىۋىي ھاياجان ئاتا قىلىپ، دىنىي

ھېس-تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىدۇ. مۇقەددەس يەرلەردە ئىنسان ئۆزىنى ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىن ھېس قىلىپ، قىلغان ئىبادەتلىرىگە ھەسسىلەپ ساۋاب تاپىدۇ. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ھەج ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان ۋە ئىنسانلارغا يامانلىق قىلىشتىن يىراق تۇرغانلارنىڭ (باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىش بۇنىڭ سىرتىدا) نۇرغۇن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ھەج قىلسا، يامان گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرسا، ئانىسىدىن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك گۇناھلاردىن پاكلىنىدۇ.»[70]

**ھەج قىلىش كىملەرگە ۋە قايسى ۋاقىتتا پەرز قىلىنغان؟**

تۆۋەندىكى شەرتلەرنى تەييارلىغانلارنىڭ ھەج قىلىشى پەرزدۇر:

1) ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولۇش.

2) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

3) مۇسۇلمان بولۇش.

4) ھۆر، ئازاد بولۇش.

5) ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىش. (بۇ شەرت غەيرى مۇسلىم دۆلەتلەردە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلار ئۈچۈن بولۇپ، مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ياشاپ، ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك ئۆزرە ئەمەس.)

6) زۆرۈر ئېھتىياجىدىن باشقا، ھەجگە بېرىپ-كەلگىچە كېتىدىغان چىقىملارنى كۆتەرگۈدەك، ئۆزىنى ۋە بېقىش مەجبۇرىيىتى بولغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغىدەك ماددى كۈچكە ئىگە بولۇش.

7) ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ھالدا، بىر قاتناش قۇرالى بىلەن ھەج سەپىرىگە چىقىش ئۈچۈن لازىملىق بولغان ۋاستە ۋە يول چىقىملىرىنى تۆلىيەلىگۈدەك پۇلى بولۇش.

8) ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان ۋاقىتقا ئۈلگۈرگەن بولۇش.

يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۇ شەرتلەردىن باشقا، ھەج ۋەزىپىسىنى شەخسەن ئادا قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭمۇ تەييار بولۇشى كېرەك. ئۇلار ھەجنى ئادا قىلىش شەرتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ھەجنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتلىرى:**

1) تېنى سالامەت بولۇش. (كۆزى كور، پالەچ ۋە ھەج سەپىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە كېسەل ياكى ياشانغان بولماسلىق)

2) ھەج قىلىشىغا بىر توسقۇنلۇق بولماسلىق.

3) سەپىرى بىخەتەر بولۇش.

70. «رىيازۇس-سالىھىن»، 2-جىلد، 521-بەت.

4) ئايالنىڭ يېنىدا ئېرى ياكى توي قىلسا بولمايدىغان قان-قېرىنداشى بولۇش[71].

5) يولدىشى ۋاپات بولغان ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ئىددەت مەزگىلى ئاياغلاشقان بولۇش.

يۇقىرىدا دېيىلگەن شەرتلەرنى تەييارلىغان كىشىنىڭ ئالدىدىكى تۇنجى ھەج پەسلىدە ھەجگە بېرىشى پەرز بولىدۇ.

**ھەجنىڭ پەرزلىرى**

ھەجنىڭ پەرزلىرى بىرسى شەرت، ئىككىسى رۇكۇن بولۇپ، جەمئى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1) ئېھرامغا كىرىش. (شەرت)
2) ئەرافات تېغىدا ۋاقفىدە تۇرۇش.
3) زىيارەت تاۋاپى قىلىش.

**ھەجنىڭ تۈرلىرى**

ھەج قىلىنىش نوقتىسىدىن 3 خىل بولۇپ:

1) ئىفراد ھەججى: ئۆمرىسىز قىلىنغان ھەج دېگەنلىك بولۇپ، ھەج قىلغۇچى ئېھرامغا كىرگەندە، ھەجگە نىيەت قىلىدۇ ۋە ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. ئىفراد ھەججىنى قىلغانلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ.

2) تەمەتتۇ ھەججى: ئۆمرە ۋە ھەججى ئايرىم-ئايرىم ھالدا، ئېھرامغا كىرىپ ئادا قىلىش بولۇپ، ھەج قىلغۇچى ئاۋۋال ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرامغا كىرىپ، ئۆمرە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ ئېھرامدىن چىقىدۇ. ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە قايتا يەنە ئېھرامغا كىرىپ، ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. تەمەتتۇ ھەججىدە قۇربانلىق قىلىش ۋاجىبتۇر.

ھەجگە بېرىشنى ئويلىغان بىر كىشى، بۇ ئۈچ خىل ھەجدىن قايسىنى خالىسا شۇنى قىلسا بولىدۇ. ئۇسۇلغا ئۇيغۇن ھالدا قايسى ھەججى قىلسا، ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

**ئېھرام، تەلبىيە، تاۋاپ، سەئيى ۋە ۋاقفە**

**ئېھرام:** ھەج ۋە ئۆمرە قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ باشقا ۋاقىتلاردا ھالال بولغان بەزى ئىش-ھەرىكەتلەرنى بەلگىلىك بىر مۇددەت ئۆزىگە ھارام قىلىشىدۇر.

**تەلبىيە:** ئېھراملىق بولۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا: «لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيك، ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلك لا شەرىكە لەك» دېمەكتۇر. ئاياللار پەس ئاۋازدا تەلبىيە ئېيتىدۇ.

**تاۋاپ:** كەبىنىڭ ئەتراپىنى قائىدە-تۈزۈملىرىگە ماس ھالدا، يەتتە قېتىم ئايلىنىش.

71. شافىئى مەزھىپىگە ئاساسلانغاندا يېنىدا يولدىشى ياكى قان قېرىندىشى (مەھرىمى) يوق بولغان ئايال، ئىشەنچلىك بولغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئايال بىلەن پەرز قىلىنغان ھەججى ئادا قىلسا بولىدۇ.

**سەئيى:** كەبىنىڭ ئەتراپىدىكى سافا بىلەن مەرۋە دۆڭلىكى ئارىسىدا بېرىپ-كېلىش. بۇ بېرىپ-كېلىشلەر سافادىن مەرۋىگە تۆت، مەرۋىدىن سافاغا ئۈچ قېتىم بولۇپ، جەمئى يەتتە قېتىم.
**ۋاقفە:** ھەجدە ئەرافات ۋە مۇزدەلىفە دېيىلگەن يەرلەردە بەلگىلىك ۋاقىتلاردا بىر مەزگىل تۇرۇش بولۇپ، ئەرافات ۋاقفىسى پەرز، مۇزدەلىفە ۋاقفىسى ۋاجىبتۇر.

### ھەجنىڭ قىلىنىشى

ھەجگە بېرىشنى ئويلىغان كىشى بۇ مۇقەددەس ۋەزىپە ئۈچۈن ھالال پۇل سەرپ قىلىپ، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن قەرزلىرى بولسا قايتۇرىدۇ، ھەققى قالغانلار بىلەن ھاللىلىشىدۇ. گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ، ئاللاھتىن كەچۈرۈم سورايدۇ. قازا بولغان ئىبادەتلىرى بولسا، ئىمكان بار قازاسىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. سەپەرگە ماڭغاندا ئۆيىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئائىلە ئەزالىرى، دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن ھاللىلىشىپ، خوشلىشىپ يولغا چىقىدۇ. سەپەردە ۋە ھەج ئىبادىتى مەزگىلىدە، باشقىلارنى رەنجىتىدىغان يامان گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردە بولمايدۇ.

ئېھرامغا كىرىش يېرى «مىقات» چېگرىسىغا كەلگەندە، ئاۋۋال تىرناقلىرى ئېلىنىدۇ، زۆرۈر بولغان بەدەن تازىلىقى قىلىنىپ، مۇمكىن بولسا غۇسۇل قىلىنىدۇ، بولمىسا تاھارەت ئالىدۇ. ئەرلەر پۈتكۈل كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ «ئىزار» ۋە «رىدا» دەپ ئاتالغان ئىككى پارچە يېپىنچىغا يۆگىنىدۇ. ئېھراملىق بولغان مەزگىلدە، پۇت ۋە بېشى ئوچۇق تۇرىدۇ. ئاياللار ئېھرامغا كىرگەندە، كىيىم-كېچەكلىرىنى سالمايدۇ.

ئاندىن كېيىن «مىقات» چېگرىسىدا «ئېھرامنىڭ سۈننىتى»گە نىيەت قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ ۋە ھەجگە نىيەت قىلىپ تەلبىيە ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېھرامغا كىرىدۇ، ئېھرام داۋاملاشقان مەزگىلدە ئېھراملىق كىشى قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

مەككىگە بېرىپ غۇسۇل قىلىدۇ ياكى تاھارەت ئالىدۇ. ئاندىن ھەرەمى شەرىفكە بېرىپ، كەبىنىڭ ئەتراپىدا قۇدۇم تاۋاپى قىلىدۇ ۋە ئارقىدىنلا ئىككى رەكئەت تاۋاپ نامىزى ئوقۇغاندىن كېيىن، سافا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدا قائىدە-تۈزۈمگە رىئايە قىلغان ھالدا سەئيى قىلىدۇ. ھەج قىلغۇچى ئۈلاردىن كېيىن ئېھراملىق بولۇپ مەككىدە تۇرىدۇ. ئۇ يەردە تۇرغان مەزگىلدە، مۇمكىن بولسا نامازلىرىنى ھەرەم شەرىفتە ئوقۇپ، پۇرسەت تاپسىلا نەپلە تاۋاپ قىلسا كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

تەرۋىيە كۈنى يەنى ئەرەفەدىن بىر كۈن بۇرۇن ئەرافات تېغىغا چىقىدۇ. ئەرەفە كۈنى قۇياش ئولتۇرغىچە ئەرافات تېغىدا تۇرىدۇ. ئىبادەت ۋە دۇئا قىلىش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ يەردە پېشىن ۋە دىگەر نامازلىرى چۈشتە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدۇ. بۇ «جەمئى تەقدىم» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈشتىن كېيىن ۋاقفە قىلىنىدۇ. قۇياش ئولتۇرغاندىن كېيىن، شام نامىزى ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن «مۇزدەلىفە»گە قاراپ يولغا چىقىدۇ. مۇزدەلىفەدە

شام ۋە خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇيدۇ، كېچىنى مۇزدەلىفەدە ئۆتكۈزگەن ھەج قىلغۇچىلار، شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلارنى ئۇ يەردىن يىغىپ تەييارلايدۇ.

ھېيتنىڭ ئەتىگىنى بامدات نامىزىنى بالدۇر ئوقۇپ، «مۇزدەلىفە ۋاقفىسى» قىلىدۇ. كۈن يورۇغاندىن كېيىن مىناغا قاراپ ماڭىدۇ.

ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى مىنادا رەت ـ تەرتىپى بويىچە:

1) ئەقەبە جەمرىسىگە يەتتە تاش ئاتىدۇ.

2) چاچلار چۈشۈرۈلۈپ، ئىھرامدىن چىقىدۇ. (ئىفراد ھەججى قىلغانلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئەقەبە جەمرىسىگە تاش ئاتقاندىن كېيىن چېچىنى چۈشۈرۈپ، ئىھرامدىن چىقىدۇ. تەمەتتۇ ياكى قىران ھەججى قىلغانلار ئەقەبە جەمرىسىگە تاش ئېتىپ، قۇربانلىق قىلغاندىن كېيىن چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئىھرامدىن چىقىدۇ.)

3) ۋاقىت ۋە ئىمكانلىرى بولسا، شۇ كۈنى مەككىگە بېرىپ، پەرز بولغان زىيارەت تاۋاپىنى قىلىدۇ.

**ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى رەت ـ تەرتىپى بويىچە:** كىچىك، ئوتتۇرا ۋە ئەقەبە جەمرىلىرىگە يەتتە قېتىمدىن تاش ئېتىپ، ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى زىيارەت تاۋاپىنى قىلمىغانلار، ئىككىنچى كۈنى قىلىدۇ.

**ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى:** يەنە كىچىك، ئوتتۇرا ۋە ئەقەبە جەمرىلىرىگە يەتتە قېتىمدىن تاش ئېتىپ، شۇ كۈنى مىنادىن مەككىگە قايتىپ، ۋىدا تاۋاپى قىلىپ، ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ.

بۇ ئىفراد ھەججى بولۇپ، تەمەتتۇ ۋە قىران ھەجلىرىنىڭ قىلىنىشىدا بەزى پەرقلەر بار.

**تەمەتتۇ ھەججى:** تەمەتتۇ ھەججىنى قىلىدىغان كىشى مىقات چېگرىسىدا، ئۆمرە ئۈچۈن ئىھرامغا كىرىدۇ. مەككىگە كەلگەندە قائىدە ـ تۈزۈمگە رىئايە قىلغان ھالدا، ئۆمرىنى قىلغاندىن كېيىن، چېچىنى چۈشۈرۈپ، ئىھرامدىن چىقىدۇ. تەرۋىيە كۈنىگىچە (يەنى ئەرەفە كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن) مەككىدە ئىھرامسىز ھالدا ساقلايدۇ. تەرۋىيە كۈنى مەككىدە ھەج ئۈچۈن يېڭىدىن ئىھرامغا كىرىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ.

ئىفراد ھەججىنىڭ پەرقى:

1- ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى جەمرە ئەقەبەسىگە تاش ئاتقاندىن كېيىن، قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن چېچىنى چۈشۈرۈپ، ئىھرامدىن چىقىدۇ.

2- زىيارەت تاۋاپىدىن كېيىن ھەجنىڭ سەئيىنى قىلىدۇ.

قىران ھەججى: قىران ھەججىنى قىلماقچى بولغان كىشى مىقات چېگرىسىدا ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ھەر ئىككىسىگە بىر ـ بىردىن نىيەت قىلىپ، ھەر ئىككىسى ئۈچۈن بىراقلا ئىھرامغا كىرىدۇ.

مەككىگە بېرىپ، ئاۋۋال ئۆمرىنى قىلىدۇ، ئۆمرىدىن كېيىن ھەجنىڭ قۇدۇم تاۋاپىنى، ئارقىدىنلا ھەجنىڭ سەئيىنى قىلىدۇ. ئەمما ئېھرامدىن چىقماي ساقلاپ، تەرۋىيە كۈنى كەلگەندە، ئەرافات تېغىغا چىقىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھەج ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىدۇ. قىران ھەججىنىڭ ئىفراد ھەججىدىن پەرقى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى جەمرە ئەقەبەسىگە تاش ئېتىپ، ئاندىن قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن چاچنى چۈشۈرۈپ، ئېھرامدىن چىقىدۇ.

**ئۆمرە**

ئۆمرە بەلگىلىك بىر ۋاقىتقا باغلىق بولماي، قائىدە-نىزامىغا رىئايە قىلغان ھالدا، ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن، تاۋاپ، سەئيى قىلىش ۋە چېچىنى چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئۆمرە سۈننەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقىم بىر ۋاقىت يوق. بىر يىل ئىچىدىكى ئەرەفە ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرىدىن ئىبارەت 5 كۈننىڭ سىرتىدا، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆمرە قىلىشقا بولىدۇ.

**ئۆمرىنىڭ قىلىنىشى:**

ئۆمرە قىلماقچى بولغان كىشى «مىقات» چېگرىسىنىڭ سىرتىدا زۆرۈر بولغان تازىلىقنى قىلىپ، ئاندىن ئۆمرىگە نىيەت قىلىپ، تەلبىيە ئېيتىپ ئېھرامغا كىرىدۇ. مەككىگە بارغاندا قائىدە-تۈزۈمگە رىئايە قىلغان ھالدا، كەبىنىڭ ئەتراپىدا ئۆمرە تاۋاپى قىلىدۇ. تاۋاپ قىلىش تۈگىگەندە، ئىككى رەكئەت «تاۋاپ نامىزى» ئوقۇيدۇ. ئاندىن سافا بىلەن مەرۋە دۆڭى ئوتتۇرىسىدا ئۆمرە سەئيىنى قىلىدۇ. سەئيى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چاچنى چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمرە ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

**سوئاللار:**

1) ھەج دېگەن نېمە؟
2) ھەجنىڭ پايدىسىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭ.
3) ھەج كىملەرگە پەرز قىلىنغان؟
4) ھەج قانچە خىلغا بۆلىنىدۇ؟
5) قۇربانلىق قىلىش ھەجنىڭ قايسى خىلىدا ۋاجىب بولمايدۇ؟
6) ئېھرام، تەلبىيە، تاۋاپ، سەئيى ۋە ۋاقفە دېگەن نېمە؟
7) ئۆمرە دېگەن نېمە؟

توققۇزىنچى باب

# قۇربانلىق قىلىش

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- قۇربانلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى
- كىملەر قۇربانلىق قىلىدۇ؟
- قۇربانلىق قايسى ۋاقىتتا، قانداق قىلىنىدۇ؟
- قۇربانلىقنىڭ گۆشى ۋە تېرىسى ھەققىدە قىلىنىدىغان ئىشلار
- قوربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ھايۋانلار
- گۆشى ئىستېمال قىلىنىدىغان ھايۋانلار
- گۆشى ئىستېمال قىلىنمايدىغان ھايۋانلار
- ئاداق قۇربانلىقى
- قەسەمنىڭ تۈرلىرى ۋە ھۆكمى

## قۇربانلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى

قۇربانلىق ئىبادەت نىيىتى بىلەن بەلگىلىك ۋاقىتتا قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋاننى بوغۇزلاشتىن ئىبارەت.

قۇربانلىق قىلىش مېلى بىلەن قىلىنىدىغان ۋاجىب بىر ئىبادەت بولۇپ، ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى پەرز قىلىنغان. قۇربانلىق ئاللاھ يولىدا كۆرستىلگەن بىر پىداكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە قارىتا شۈكۈر قىلىش قەرزىنى ئادا قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بايلار قىلغان قۇربانلىق گۆشىدىن پېقىر-يوقسۇللارنىڭ پايدىلىنىشى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى سۆيگۈ ۋە قېرىنداشلىق مېھرى-مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ. قول ئىلكىدە بار كىشىلەر بىلەن بىللە كەمبەغەللەرمۇ سۆيىنىدۇ. قۇربانلىقتىن كەلگەن بۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت، جەمئىيەتنىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتى ۋە بەخت-سائادىتىنى كۈچەيتىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «كىمكى قول ئىلكىدە بار تۇرۇپ قۇربانلىق قىلمىسا، بىزنىڭ مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن.»[72] دەپ، قۇربانلىق قىلىشنىڭ بايلار ئۈچۈن مۇھىم بىر ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

## كىملەر قۇربانلىق قىلىدۇ؟

تۆۋەندىكى شەرتلەرنى تەييارلىغان كىشىلەرنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىب:

1) مۇسۇلمان بولۇش.
2) ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولۇش.

72. «ئەت-تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 2-جىلد، 155-بەت.

3) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.
4) ھۆر، ئەركىن بولۇش.
5) مۇقىم ئولتۇرۇشلۇق بولۇش (سەپەردە بولماسلىق)
6) نىساب مىقدارىچىلىك مال-مۈلۈك ياكى پۇل-پۇچەككە ئىگە بولغان بولۇش. (قۇربانلىقنىڭ نىسابىدا مال-مۈلۈك ۋە پۇل-پۇچەكنىڭ بىر يىل ساقلىنىپ تۇرىشى شەرت ئەمەس.)

## قۇربانلىق قايسى ۋاقىتتا، قانداق قىلىنىدۇ؟

قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاقتى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرى بولۇپ، ئۈچىنچى كۈنى نامازشامدىن كېيىن قۇربانلىق قىلىنمايدۇ.

قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ھايۋانغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، سىلىكىپ-سۆرەپ ماڭماسلىق، ھايۋانغا زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پىچاق ياخشى بىلەنگەن بولۇشى، ئەگەر قولىدىن كەلسە ئۆلاغنى ئىگىسى بوغۇزلىشى لازىم. قولىدىن كەلمىسە باشقا كىشىگە بوغۇزلاتسىمۇ بولىدۇ.

قۇربانلىق قىلىنىدىغان ئۆلاغ سول يېنى ئۈستىگە، قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ ياتقۇزۇلىدۇ. بوغۇزلىماقچى بولغان كىشى «بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆلاغنىڭ ئېڭىكى ئاستىدىكى يېمەك، نەپەس كانايچىسى ۋە ئانا تومۇرىنى كېسىپ بوغۇزلايدۇ. ئۆلاغنىڭ جېنى چىقماي تۇرۇپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش، تېرىسىنى سويۇشقا باشلاش، مەكرۇھتۇر. قۇربانلىق قىلغاندا، بىلىپ تۇرۇپ «بىسمىللاھ» دېمىسە، ئۇ ئۆلاغنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ.

## قۇربانلىقنىڭ گۆشى ۋە تېرىسى ھەققىدە قىلىنىدىغان ئىشلار

قۇربانلىق قىلغان كىشى قۇربانلىق گۆشىنى ئۆزى يېگەندەك، باشقىلارغىمۇ يېگۈزەلەيدۇ.

قۇربانلىق گۆشىنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر قىسمىنى قۇربانلىق قىلالمىغان پېقىر-يوقسۇللىغا تارقىتىپ بېرىشى، بىر قىسمىنى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلەرگە ھەدىيە قىلىشى، قالغان قىسمىنى ئۆزى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن ئايرىشى كېرەك. قۇربانلىق گۆشىنىڭ ھەممىسىنى بېرىشكىمۇ بولىدۇ. قۇربانلىقنىڭ گۆشى، تېرىسىنى سېتىشقا ۋە قاسساپقا ئىش-ھەققى قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ. قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى پەقەتلا ئۆيدە ئىشلىتىدىغان بىر نەرسە ياساپ ئىشلەتسە، بىرەر پېقىرغا سوۋغا قىلىپ بەرسە ياكى ياخشى ئىش قىلىۋاتقان ئورگانلاردىن بىرسىگە ئىئانە قىلسا بولىدۇ.

## قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ھايۋانلار

ھايۋانلاردىن پەقەت قوي، ئۆچكە، كالا، سۇ كالىسى ۋە تۆگە قۇربانلىق قىلىنىدۇ. ئۇلاردىن قوي بىلەن ئۆچكە بىر ياشقا، سىيىر بىلەن سۇ كالىسى ئىككى ياشقا، تۆگە بەش ياشقا تولغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر قوي ئالتە ئايىنى توگەتكەن ئەھۋالدا، بىر ياشقا

تولغاندەك كۆرۈنسە، ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ. ئۆچكە ئۇچۇن ئۇنداق ئەھۋال يوق بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ياشنى تولدۇرۇشى شەرت.

قوي ۋە ئۆچكە بىر كىشى ئۇچۇن قۇربانلىق قىلىنىدۇ. كالا، سۇ كالىسى ۋە تۆگىنى بىردىن-يەتتىگىچە بولغان كىشى بىرلىشىپ قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ. ئۇ ئۇلاغلارنىڭ مۈڭگۈزى ئازراق يېرىلغان، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ياكى ئاقساق بولسىمۇ قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ.

**ئۇلاغدا تۆۋەندىكى ئەيىپلەردىن بىرى بولسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ:**

1) بىر ياكى ئىككى كۆزى كۆرمىسە،

2) مۈڭگۈزىنىڭ بىرسى ياكى ئىككىسىلا يىلتىزىدىن قومۇرۇلغان بولسا،

3) قۇلاق ۋە قۇيرىقىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يوق بولسا،

4) پۇتىدا دەسسەپ تۇرالمىغىدەك دەرىجىدە ئاقساق بولسا،

5) قۇلاق ۋە قۇيرىقى تۇغۇلۇشىدىنلا يوق بولسا،

6) چىشلىرىنىڭ كۆپى چۈشۈپ كەتكەن، قورسىقىنى تويغۇزمىغان بولسا،

7) كېسەل بولۇپ قالغان بولسا،

8) سۆڭەكلىرىنىڭ ئىچىدە يىلىكى يوق دەرىجىدە ئاجىز بولغان بولسا،

9) ئەمچەكلىرىنىڭ توپچىسى يوق بولغان بولسا،

10) قوي ۋە ئۆچكىنىڭ ئەمچەكلىرىدىن بىرى، كالا تىپىدىكىلەرنىڭ ئىككى ئەمچىكى قۇرۇپ كەتكەن بولسا،

بۇلاردىن باشقا توخۇ، خوراز قاتارلىق ھايۋانلار بىلەن گۆشنى يېيىشكە بولىدىغان باشقا ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

### گۆشى ئىستېمال قىلىنىدىغان ھايۋانلار

قوي، ئۆچكە، كالا، سۇ كالىسى، تۆگە، توخۇ، غاز، ئۆردەك، زىراپە، تۆگە قۇشى، ياۋا توخۇ، بۆدۈنە، توز، قارلىغاچ، توشقان، كەپتەر، تۇرنا، ئاق قۇشقاچ ۋە قارا قۇشقاچ قاتارلىق ھايۋان ۋە قۇشلار قائىدە بويىچە بوغۇزلانسا گۆشنى يېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۇدا ياشايدىغان ھەر خىل بېلىقلارنى يېيىشكە بولىدۇ.

### گۆشى ئىستېمال قىلىنمايدىغان ھايۋانلار

ئوۋ، گۆشخور، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشى ئىستېمال قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: بۆرە، ئېيىق، شىر، يولۋاس، تىيىن، مايمۇن، توڭگۇز، مۈشۈك، ئىت، پىل، تۈلكە قاتارلىقلار.

ئات، قېچىر، ئېشەكلەرنىڭ گۆشىنىمۇ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. تىرناقلىرى بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىغان، لەش ۋە مەينەت نەرسىلەرنى يەيدىغان قۇشلارنىڭ گۆشىمۇ ئىستېمال قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: بۈركۈت، قۇزغۇن، شۇڭقار، قاغا قاتارلىقلار.

قىياپىتى كۆرۈمسىز، ئادەمنى سەسكەندۈردىغان ھايۋانلار. مەسىلەن: چاشقان، چايان، سازاڭ، يىلان، قومچاق، تاشپاقا، كىرپە، قۇرۇت، ھاشارەتلەر، ھەرە، شەپەرەڭ، كېپىنەك، چىۋىن قاتارلىقلارمۇ ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

بىلىق تۈرىدە بولمىغان دېڭىز ھايۋانلىرىدىن، قىسقۇچ پاقا، قۇلۇلە، راك قاتارلىقلار ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

## ئاداق قۇربانلىقى

ئاداق بىر كىشىنىڭ قىلىش مەجبۇر بولمىغان بىر ئىشنى، ئۆزى ئۈچۈن ۋاجىب قىلىۋېلىشىدۇر.

**ئاداقلار ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:**

1) ھېچ بىر نەرسىگە باغلىق بولماي قىلىنغان ئاداقلار.

بىر كىشى «ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بىر قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ نىيەت قىلسا، قۇربانلىق قىلىش ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ۋاجىب بولىدۇ ۋە ئۇ ئاداقنى خالىغان ۋاقىتتا ئورۇنلايدۇ.

2) بىر ئىشنىڭ بولۇش ياكى بولماسلىقىغا باغلىق بولۇپ قىلىنغان ئاداقلار:

مەسىلەن: «كېسىلىم ساقايسا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بىر قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ نىيەت قىلغان كىشىنىڭ كېسىلى ساقايغاندا قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىبتۇر. دېگەن ئىشى تېخى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپ، قۇربانلىق قىلىشى توغرا ئەمەس.

ئاداقلار پەقەت قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلاردىنلا بولىدۇ. مېكىيان، خوراز قاتارلىق ھايۋانلارنى ئاداق قۇربانى قىلسا بولمايدۇ.

ئاداق قۇربانىنىڭ گۆشىنى، ئاداق قىلىنغان كىشىنىڭ ئۆزى، جۆرىسى، ئاتا-ئانىسى، چوڭ دادا، چوڭ ئانىلىرى، باللىرى، نەۋرىلىرى يېسە بولمايلا قالماي، نىساب مىقدارى پۇل-مېلى بولۇپ، دىنىي جەھەتتە باي سانالغانلارمۇ يېسە بولمايدۇ. ئاداق قۇربانىنىڭ ھەممىسىنى پېقىر-يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرىشى كېرەك.

**مېيىت ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى:**

مېيىت ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى ئويلىغان كىشى، ئۇنى قۇربان ھېيتتا بوغۇزلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلسا قۇربانلىق گۆشتىن ئۆزىمۇ يېيەلەيدۇ ۋە باشقىلارغىمۇ بەرسە بولىدۇ.

ئەگەر قۇربانلىق قىلىشنى رەھمەتلىك ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇ قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى قۇربانلىق قىلغان كىشى يېيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى پېقىر-يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرىشى كېرەك.

## قەسەمنىڭ تۈرلىرى ۋە ھۆكمى

قەسەم گەپ-سۆزنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش، دېگەنلىكتۇر.

قەسەم ئۈچ خىل بولۇپ:

**1) يەمىنى لەغۋى:** خاتا ھالدا يالغان قىلىنغان قەسەم. پۇلى بار تۇرۇپ يوق دەپ بىلىپ «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پۇلۇم يوق» دەپ قەسەم قىلىشقا ئوخشاش. بۇنداق قەسەم ئۈچۈن كەففارەت بېرىش كەتمەيدۇ.

**2) يەمىنى غامۇس:** بىلىپ تۇرۇپ يالغان قەسەم قىلىش. كۆرمىگەن بىر نەرسە ئۈچۈن، «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن كۆردۈم»، قەرزىنى تۆلىمەي تۇرۇپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن تۆلىدىم» دەپ قاراپ تۇرۇپ يالغان قەسەم قىلىشقا ئوخشاش. بۇنداق يالغان قەسەم قىلىش چوڭ گۇناھ بولۇپ، بۇنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن تەۋبە قىلىشى، ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى تىلىشى لازىم.

ئەگەر بۇنداق قەسەم قىلىپ باشقىلارغا ھەقسىزلىق قىلسا، ھەققىنى ئىگىسىگە بېرىشى ۋە رازىلىق تەلەپ قىلىشى كېرەك. چۈنكى بۇنداق قەسەملەر ئۈچۈن كەففارەت بېرىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

**3) يەمىنى مۇن ئەقدە:** كەلگۈسىدە بىر ئىشنى قىلىپ ياكى قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىش. «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پالانچى كىشى بىلەن گەپ قىلىشمايمەن» دەپ قەسەم قىلىشقا ئوخشاش. ئەگەر قەسىمگە رىئايە قىلىپ، دېگىنىنى قىلسا كەففارەت كېرەك بولمايدۇ. لېكىن قەسەم قىلىپ دېگەن سۆزىدە تۇرمىسا، قەسەم بۇزۇلىدۇ ۋە جازا ئۈچۈن كەففارەت بېرىشى كېرەك.

**قەسەمنىڭ كەففارىتى:**

كەلگۈسىدە بىر ئىش قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىپ، قەسىمنى بۇزغان كىشى كەففارەت قىلىپ، ئون پېقىر-يوقسۇلغا كىيىم-كېچەك كەيدۈرىدۇ ياكى فىترە مىقدارىدا پۇل بېرىدۇ. ئۇلارنى قىلغۇدەك مادارى بولمىسا، ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ كۈن كەففارەت روزىسى تۇتىدۇ.

**سوئاللار:**

1) قۇربانلىق قىلىش كىملەرگە ۋاجىبتۇر؟
2) قۇربانلىق قاچان قىلىنىدۇ؟
3) قۇربانلىقنىڭ گۆشى ۋە تېرىسىنى قانداق قىلىش كېرەك؟
4) قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ھايۋانلار قايسىلار؟
5) ئاداق قۇربانلىقى دېگەن نېمە؟ قانداق ۋاقىتتا قىلىنىدۇ؟ ئاداق قۇربانلىقنىڭ گۆشى ۋە تېرىسىنى قانداق قىلىش كېرەك؟
6) گۆشى ئىستېمال قىلىنىدىغان ۋە قىلىنمايدىغان ھايۋانلار قايسىلار؟
7) قەسەم دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە خىل بولىدۇ؟
8) قەسەمنىڭ كەففارىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

ئونىنچى باب

# مۇبارەك كۈن ۋە كېچىلەر

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- جۈمە كۈنى
- ھېيت-بايرام كۈنلىرى
- مەۋلۇت كېچىسى
- رەجەب ۋە مېراج كېچىلىرى
- بارائەت ۋە قەدىر كېچىلىرى

## جۈمە كۈنى

جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر بايرام كۈنى بولۇپ، جۈمە نامىزى جامائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ. ئۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار بىر يەرگە كېلىپ، بىر-بىرى بىلەن ئېچىكىرلەپ تونۇشۇش ۋە كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ھەر ھەپتە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق بىر يەرگە كېلىشى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدۇ.

جۈمە مۇھىم ۋەقەلەر مەيدانغا كەلگەن، ناھايىتى پەزىلەتلىك بىر كۈن. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«ئۈستىگە قۇياش تۇغقان، ئەڭ ياخشى كۈن جۈمە كۈنىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنى يارىتىلغان، شۇ كۈنى جەننەتكە يەرلەشكەن، ھەم شۇ كۈنى جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن.»[73]

«جۈمە كۈنىدە بىر ۋاقىت باركى، ھەر قانداق بىر مۆمىن، شۇ سائەت ئىچىدە، ئاللاھتىن بىر تىلەك تىلىسە، ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىگىنى قوبۇل قىلىدۇ.»[74]

## ھېيت-بايرام كۈنلىرى

بىر يىلدا ئىككى دىنىي ھېيتىمىز بار:

1) روزا ھېيت.
2) قۇربان ھېيت.

ھېيت-بايرام سۆيگۈ-مۇھەببەت كۈنى بولۇپ، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئادا قىلغان، قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىپ، ئاللاھ يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن، ھېيت نامىزىنى بىرلىكتە ئوقۇغان مۇسۇلمانلار ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتى ۋە بەخت-سائادىتى ئىچىدە ياشايدۇ.

73. «رىيازۇس-سالىھىن»، 2-جىلد، 439-بەت.
74. يۇقىرىقى ئەسەر، 2-جىلد، 444-بەت.

رامىزاندا زاكات ۋە فىترىلەر، قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق گۆشلەر بىلەن كەمبەغەل-يوقسۇللارغا ياردەم قوللىرى ئۇزارتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باي-كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدا ھەقىقى مەنىدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ.

ھېيت-بايرامدا ئاتا-ئانا ۋە چوڭلار يوقلىنىدۇ، يامانلاشقانلار ئەپلىشىدۇ، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدا ئۆزئارا سوۋغا-سالاملىشىش دوستلۇقنى قويۇقلاشتۇرىدۇ.

جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان بۇ ئورتاق سۆيگۈ دىنىي ۋە مىللىي ھېس-تۇيغۇلارنى كۈچەيتىدۇ. ھېيتنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھوزۇر-ھالاۋىتى ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىكى ھارغىنلىق يوقۇلۇپ، كۆڭۈل ئاغرىقلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

ھېيتلاردا مۆمىنلەر بىر-بىرى بىلەن ھېيتلىشىدۇ، يىراقتىكىلەرگە تەبرىكلەر ئەۋەتىلىپ، كۆڭۈللىرى ئېلىنىدۇ. قەبرىلەر يوقلىنىپ، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىنىدۇ. قۇرئان ئوقۇلۇپ، سەدىقە بېرىلىپ، روھلار شادلاندۇرۇلىدۇ.

ھېيت-بايراملار ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان زىياپەت كۈنىدۇر. ئۇ كۈنلىرى ئاللاھنىڭ رىزاسىغا مۇناسىپ ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش كېرەك.

## مەۋلۇت كېچىسى

ئىنسانلارنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى پەيغەمبەر، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 571-يىلى قەمەرى ئايلاردىن رەبىئۇل-ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12-كېچىسى تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ مۇبارەك كېچە «مەۋلۇت كېچىسى» دەپ ئاتالدى.

پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان چاغدا، دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىنى جاھالەت، زۇلۇم ۋە ئەخلاقسىزلىق قاپلاپ، ئاللاھ ئېتىقادى ئۇنتۇلۇپ، ئىنسانلار زۇلمەتتە قۇرقۇنچلۇق بىر ھالەتتە، دۇنيادا ياشىغىلى بولمايدىغان بىر ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن دۇنيا يورۇپ، بىر ئاللاھ ئېتىقادى بىلەن قەلبلەر نۇرلىنىپ، تەڭ-باراۋەرلىك، ھەق-ئادالەت ۋە قېرىنداشلىق يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ئىشەنگەن قەۋملەر ھەقىقى ھوزۇر-ھالاۋەتكە ئېرىشتى. ئۇ تۇغۇلغان كېچە ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن ناھايىتى مۇقەددەس بىر باشلىنىش بولدى.

ئۇ كېچە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى جۇشقۇنلۇق بىلەن قۇتلانماقتا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىللاردا داستان بولماقتا.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغۇلغان يىلدا ئوقۇلغان مەۋلۇتلەرنى ھۆرمەت بىلەن ئاڭلاش، ئۇنىڭ مۇبارەك روھىغا دۇرۇت ئېيتىش شۈبھىسىزكى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە بولغان چەكسىز سۆيگۈ ۋە مېھىر-مۇھەببەتلىك باغلىنىشنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەتكە تولغان ھاياتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزىمىزگە نەمۇنە قىلىش بىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا بىز ئۇنىڭ سۆيگۈ ۋە مەمنۇنىيىتىگە ئېرىشكەن بولىمىز.

### رەجەب كېچىسى

ئۈچ ئايلار دەپ ئاتالغان رەجەب، شابان ۋە رامىزان ئايلىرى مەنىۋى جەھەتتىن باشقا ئايلاردىن تېخىمۇ بەرىكەتلىك بولۇپ، رەجەب ئېيى كەلگەندە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دۇئا قىلغان:

«ئاللاھىم بىزگە رەجەب ۋە شابان ئايلىرىنى مۇبارەك قىل ۋە بىزنى رامىزانغا يەتكۈزگىن.»[75]

رەجەب ئېيىنىڭ تۇنجى جۈمە كېچىسى «رەغائىب كېچىسى»دۇر. بۇ كېچە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى مول بولغان، دۇئالار قوبۇل بولىدىغان مۇبارەك بىر كېچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«بەش كېچە باركى، ئۇ چاغلاردا قىلىنغان دۇئالار كەينىگە ياندۇرۇلمايدۇ (يەنى قوبۇل قىلىنىدۇ). ئۇلار:

- رەجەب ئېيىنىڭ تۇنجى جۈمە كېچىسى
- شابان ئېيىنىڭ 15 ـ كېچىسى
- جۈمە كېچىلىرى
- روزا ھېيت كېچىسى
- قۇربان ھېيت كېچىسى.»[76]

### مىراج كېچىسى

ئاللاھنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر كېچىسى مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدىن قۇددۇستىكى (ئېرۇسالىم) مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ يەردىن جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە پۈتكۈل ئاسمانلاردىن ئۆتۈپ «سىدرەتۇل مۇنتەھا» دەپ ئاتالغان يەرگە چىققان. پەيغەمبىرىمىز ئۇ يەردىن تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئاللاھ بىلەن كۆرۈشكەن.

ئۇ مۇقەددەس سەپەرنىڭ مەككىدىن قۇددۇسقىچە بولغان قىسمى ئىسرا، قۇددۇستىن باشلاپ داۋاملاشقان قىسمى مىراج دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز بەش ۋاقىت نامازنى ئۈممىتىگە مىراج ھەدىيەسى قىلىپ ئەكەلگەن.

مىراج ۋەقەسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۈيۈك مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن رەجەب ئېيىنىڭ 27 ـ كېچىسى يۈز بەرگەن.

### بارائەت كېچىسى

شابان ئېيىنىڭ 15 ـ كېچىسى «بارائەت كېچىسى» بولۇپ، قەرز، گۇناھ ۋە جازالاردىن قۇتۇلۇش دېگەن مەنىدە كەلگەن بارائەت، گۇناھلاردىن قۇتۇلۇش كېچىسى دېمەكتۇر.

75. «جامىئۇس ـ ساغىر»، 5 ـ جىلد، 131 ـ بەت.
76. يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ جىلد، 454 ـ بەت.

ئۇ كېچە ئاللاھتائالا ئۆزىدىن كەچۈرۈم سورىغان مۆمىنلەرنى ئەپۇ قىلىپ، قۇتۇلۇش يولى بەرگەن بىر كېچىدۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇ كېچىنى ئۇخلىماي ئىستەك-ئارزۇلىرىمىزنى ئاللاھقا ئېيتىپ ئۆتكۈزۈشىمىزنى تەۋسىيە قىلىپ، مۇنداق دېگەن:

"شابان ئېيىنىڭ 15-كېچىسى بولغان ھامان، ئۇ كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈڭلار، كۈندۈزى روزا تۇتۇڭلار. چۈنكى ئاللاھتائالا ئۇ كېچە قۇياش چىققۇچە، دۇنياغا مەرھەمەت بىلەن خىتاب قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

- مەغپىرەت قىلىنىشنى ئارزۇ قىلغان يوقمۇ؟ ئۇنى مەغپىرەت قىلاي.
- رىزىق ئارزۇ قىلغان يوقمۇ؟ رىزىق بېرەي.
- دەرت-ئەلەم ۋە مۇسىبەتتە قالغان يوقمۇ؟ دەردىگە دەرمان بولاي.
- يەنە قانداق ئىستەك-ئارزۇلىرى بولسا تىلىسۇن، مەن بېرەي."

**قەدىر كېچىسى**

رامىزان ئېيىنىڭ 27-كېچىسى «قەدىر كېچىسى» بولۇپ، ئىنسانلارغا دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن، دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىزگە رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسى نازىل بولۇشقا باشلىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىمۇ ئۇ كېچە بېرىلگەن بولۇپ، ئىسلامنىڭ قۇياشى ئۇ كېچە يورۇغان. بۇ مۇھىم ۋەقەلەر قەدىر كېچىسىگە شەرەپ ئاتا قىلىپ، قىممەتكە ئىگە قىلغان.

قەدىر كېچىسىنىڭ مىڭ ئايدىنمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پەزىلىتىگە ئىشەنگەن ھالدا ۋە مۇكاپاتىنى ئاللاھتىنلا تەلەپ قىلىپ، قەدىر كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ.»[77]

قەدىر كېچىسى بىز مۆمىنلەرگە ئاللاھتائالا چوڭ بىر لۇتۇف ۋە چەكسىز مەرھەمەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ كېچىنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ، قۇرئان ۋە دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك[78].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزگە:

«-ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قەدىر كېچىسىگە تەييارلىق قىلسام قانداق دۇئا قىلسام بولىدۇ؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق جاۋاب بەردى:

«دېگىنكى، ئەي رەببىم، سەن ناھايىتى كەچۈرۈمچانسەن، كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن.»[79]

77. «ئەت-تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 2-جىلد، 119-بەت.
78. «رىيازۇس-سالىھىن»، 2-جىلد، 464-بەت.
79. يۇقىرىقى ئەسەر، 2-جىلد، 467-بەت.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۆگەتكەن ئۇ دۇئانى بىزمۇ قەدىر كېچىسى تەكرارلايلى.

قۇتلۇق كېچىلەرنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ناماز، قۇرئان، پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت ئېيتىش، گۇناھلىرىمىزنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھتىن ئەپۇ سوراش، دۇنيا-ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ئارزۇ-ئىستەكلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلىش ۋە قىلماقچى بولغان ياردەملەر بىلەن كەمبەغەل-يوقسۇللارنى سۆيۈندۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

**سوئاللار:**

1) جۈمە كۈنىنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
2) يىلدا قانچە ھېيتىمىز بار؟
3) مەۋلۇت كېچىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
4) رەجەب كېچىسىنى دېگەن نېمە؟
5) مىراج كېچىسىنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
6) بارائەت كېچىسى قاچان؟ پەزىلىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
7) قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
8) مۇبارەك كېچىلەردە نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟

ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئەخلاق

بىرىنچى
باب

# ئىسلام دىنى ۋە ئەخلاق

**نۇقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئەخلاقنىڭ مەنىسى
- ئىسلامدا ئەخلاق
- گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشتا ئېتىقاد ۋە ئىبادەتنىڭ رولى
- ئەڭ گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەمۇنىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
- شەخس ئۈچۈن ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقى
- خىزمەت ۋە ئەخلاق
- ئەخلاق ئۆزگىرەمدۇ؟
- ئىسلامنىڭ ئەقىل ۋە ئىلىمگە بەرگەن ئەھمىيىتى

## ئەخلاقنىڭ مەنىسى

ئەخلاق ئىنسان روھىغا ئورۇنلاشقان خۇي-پەيىل ۋە ئادەتلەردۇر. بۇ ئادەت ئارتۇق ئويلاندۇرمايلا، ئىش-ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**مەنىۋىيىتىمىزگە ئورۇنلاشقان، ئادىتىمىز ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:**

1) ياخشى ئادەتلەر
2) يامان ئادەتلەر

بەدەن ئەزالىرىمىزنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى روھىمىزغا باغلىقتۇر. روھىمىزغا ياخشى ئادەتلەر ئورۇنلاشسا، بەدەن ئەزالىرىمىزنىڭ ئىش-ھەرىكەت، مۇئامىلىسى ياخشى بولىدۇ. بۇلار گۈزەل ئەخلاق دېيىلىدۇ. روھىمىزغا يامان ئادەتلەر ئورۇنلاشسا، مۇئامىلە ناچار بولىدۇ. بۇلار يامان ئەخلاق دېيىلىدۇ. مۇئامىلىمىزنىڭ ياخشى، ئەخلاقىمىزنىڭ گۈزەل بولۇشى ئۈچۈن روھىمىزنى ناچار خۇي-مىجەزلەردىن پاكىزلاپ، ياخشى خۇيلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

تۇپراققا نېمە تىرىساق شۇنى ئالىمىز. بۇغداي ئۇرۇقىدىن بۇغداي ئۈنۈپ چىققاندەك، ئارپا ئۇرۇقىدىن ئارپا ئۈنۈپ چىقىدۇ. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇپراققا قانداق ئۇرۇق سالساق، شۇنداق ھوسۇل ئالىمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش روھىمىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە، ياخشى خۇي ئۇرۇقلىرىنى تىرىساق، بۇ تۇخۇملار بەدەن ئەزالىرىمىزدا ياخشى ئەخلاق بولۇپ ئېپادىلىنىدۇ. ئەگەر روھىمىزغا، ناچار خۇي تۇخۇملىرىنى تىرىساق، بۇ ئۇرۇقلارمۇ ئەزالىرىمىزدا يامان ئەخلاق بولۇپ ئېپادىلىنىدۇ.

## ئىسلامدا ئەخلاق

ئىسلامدا ئەخلاقنىڭ ئىنتايىن مۇھىم قىممىتى بار. ئىسلامنىڭ ئارزۇسى ئىنسانلارنى گۈزەل ئەخلاققا ئىگە قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىسلام دېمەك، گۈزەل ئەخلاق

دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«مەن گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.»[80] بىر ئىنساننىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىڭلار ۋە قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن بولغىنىڭلار، ئەخلاق-پەزىلىتى ئەڭ گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر.»[81] دەپ بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغان.

پەيغەمبىرىمىزدىن:

«ئاللاھ نەزىرىدە، ئەڭ سۆيۈملۈك بەندە كىم؟»، دەپ سورالغاندا، پەيغەمبىرىمىز:

«ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلار»[82] دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىبادەتلىرىمىز، دىنىمىزنىڭ قانداق ئەمىر-پەرمانى بولغان بولسا، ئەخلاقىمۇ دىنىمىزنىڭ ئەمىر-پەرمانى بار. ئىسلامدا ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىمۇ، كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسۇپ، گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

## گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشتا ئېتىقاد ۋە ئىبادەتنىڭ رولى

ھەقىقىي ئېتىقاد ئىگىسى، پۈتكۈل ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كۆزىتىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن پەرىشتىلەر تەرىپىدىن خاتىرلىنىپ تۇرۇۋىدىغانلىقى، دۇنيادىكى ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە سوئال-سوراق قىلىنىدىغانلىقى ۋە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، يامانلىق قىلغانلارنىڭ جازاغا تارتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**«كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»**[83] (99-سۈرە زەلزەلەنىڭ 7-8-ئايەتلىرى)

بۇ ئېتىقاد ئىنسانلارنى يامانلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ياخشىلىق قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. قەلبىدە مۇنداق بىر ئېتىقاد ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ھەر قانداق كىشىدىن، ياخشىلىق كۈتۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۆز قەلبىدە ئېتىقاد يوق بولغاچقا، ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا، ھەر خىل يامانلىق قىلىدۇ.

ھالبۇكى، قەلبىدە ساغلام بىر ئېتىقادى بولغان مۇسۇلمان، پۈتكۈل ئىش-ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ، ھېچكىمگە يامانلىق قىلمايدۇ. قولىدىن كېلىشىچە، ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئىبادەتلەر قەلبىمىزدىكى ئىماننى كۈچەيتىپلا قالماي، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ.

---

80. «كەشفۇل ھافا»، 1-جىلد، 211-بەت.
81. «رىيازۇس-سالىھىن»، 2-جىلد، 54-بەت.
82. «ھەدىستىن تاللانمىلار»، 32-بەت.
83. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

بەش ۋاقىت ناماز بىزگە دائىم ئاللاھنى ئەسلىتىدۇ، ھەر خىل ناچار ئىش-ھەرىكەتلەردىن توسىدۇ. روزا تۇتۇش، شەپقەت ۋە مەرھەمەت قىلىش ھېس-تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىپ، قولىمىزنى ھارام ئىش-ھەرىكەتلەردىن، تىلىمىزنى يالغان-ياۋىداق گەپ-سۆزلەردىن ساقلايدۇ. زاكات بىزنى بېخىللىق ئازگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش قىزغىنلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، جەمئىيەتكە پايدىلىق بىر ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

شۇڭا ئىبادەت بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىمان، تەن ئەزالىرىمىزدا گۈزەل ئەخلاق مېۋىلىرىنى بېرىپ، ئىنساننى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە ئىگە قىلىدۇ. گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولمىغانلار بولسا، گۈل-چېچەك ئاچمىغان، تال-يوپۇرماق چىقارمىغان، مېۋىسىز دەرەختەك قاغجىراپ قالىدۇ.

### ئەڭ گۈزەل ئەخلاق نەمۇنىچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ تەلىم-تەربىيىسىدە يېتىشكەن بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىدە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇ ئەخلاقى-پەزىلەتنى قۇرئاندىن ئېلىپ، پۈتكۈل ياخشىلىقلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى سورالغاندا، ئۇ جاۋابەن: «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان»[84] دېگەن.

پەيغەمبىرىمىز ئەخلاقى مەسئۇلىيەتلەرنىمۇ ئۆتىگەنتىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا رىئايە قىلغان. ئۇ ھەر ۋاقىت راستچىللىق، ياخشىلىقنى قولدىن بەرمەي، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتى، سىلىق-سىپايە مۇئامىلىسى بىلەن ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان. ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە: **«سىلەرگە - ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»**[85] (33-سۈرە ئەھزابنىڭ 21-ئايىتى) دېيىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن ئۈلگە ئېلىشىمىزنى تەلەپ قىلغان. بىزنىڭ ۋەزىپىمىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتكە تولغان ھاياتىنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئەخلاقى-پەزىلىتىدىن ئۈلگە ئېلىپ ياشاشتىن ئىبارەت.

### شەخس ئۈچۈن ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقى

مەلۇم بولغاندەك، مىللەت نامى بېرىلگەن چوڭ بىر جەمئىيەت، ئائىلىلەرنىڭ بىرلىششىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئائىلىلەرمۇ شەخسلەردىن مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، بەخت-سائادەت ئىچىدە ياشىشى، ئائىلىلەرنىڭ ساغلام بىر ئاساسقا ئىگە بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئائىلىنىڭ ساغلام ۋە بەختلىك بولۇشى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئەخلاقى ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

---

84. «شەرھۇش-شىفا ئەلىيئۇل-قارى»، 1-جىلد، 222-بەت.
85. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

شۇڭا ھەممىدىن بۇرۇن جەمئىيەتنى بەرپا قىلغان شەخسلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. سىېسىغان ياغاچتىن مەزمۇت كېمە ياسىغىلى بولمىغاندەك، گۈزەل ئەخلاققا ئىگە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان شەخسلەردىن كۈچلۈك، ساغلام بولغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

## خىزمەت ۋە ئەخلاق

ئىشلەش دىنىمىزنىڭ ئەمىر-پەرمانى بولۇپ، بىر مۇسۇلمان ھايات كەچۈرۈش ۋە بىرسىگە موھتاج بولماي ياشىشى ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك. ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىش تۈرى ۋە پۇل تېپىش ئۇسۇلى ھەر خىل بولۇپ، ئىشلەپ تاپقان تاپاۋەتلىرىگە دىققەت قىلىدىغان مۇھىم مەسىلە، تاپقان-تەرگەنلىرىنىڭ ھالال يول بىلەن تېپىلغان بولۇشى ۋە رىزىققا ھارام ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز: «ئىنسان مال-دۇنياسىنى قانداق تېپىپ، قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە قىيامەت كۈنى سوئال-سوراققا تارتىلىدۇ.»[86] دېگەن بولۇپ، تاپقان-تەرگەنلىرىمىزگە ھارام ئارلاشتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بىزنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

«بىر مۇسۇلمان ئەگەر باشقىلارنى ئالدىسا، زىيان-زەخمەت يەتكۈزسە ياكى ھىلە-مىكىر ئىشلەتسە ئۇ بىزدىن ئەمەس.»[87]

ئىشلەپ، توغرا-دۇرۇس ھەرىكەت قىلغانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خوش-خەۋەرنى يەتكۈزگەن:

«سودا-تىجارەتتە، توغرا-دۇرۇس ۋە سەممىيلىكتىن ئايرىلمىغان كىشى، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.»[88] توغرا-دۇرۇس بولۇش، مۇسۇلمانلىقتا ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئەخلاقى پرىنسىپلاردىن بىرىدۇر. مۇسۇلمانغا يارىشىدىغان ئىش-ھەرىكەت، خىزمەتتە توغرا-دۇرۇس بولۇش، باشقىلارنى ئالدىماسلىق، قاراڭغۇ بازارچىلىقتىن، ئەتكەسچىلىكنىڭ ھەر تۈرىدىن يىراق تۇرۇش، ھالال ۋە پاكىز يولدىن پۇل تېپىش.

بىر كارخانىچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ياخشى، سۈپەتلىك ۋە ئىشەنچلىك مال ئىشلەپچىقىرىش. ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى تولۇق ھەم جايىدا ئورۇنلاش. ئىشلەۋاتقان بىر كىشى «مېنى ھېچكىم كۆرمەيدىغۇ» دەپ، ۋەزىپىسىنى كېچىكتۈرسە، توغرا-دۇرۇسلۇقتىن ئايرىلىپ، مۇناسىپ بولمىغان يەنى ھالال ئەمەس تاپاۋەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇ خىل ئىش-ھەرىكەت دىنىمىزدا مۇتلەق چەكلەنگەن بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىش، خىزمەتنى جايىدا ئورۇنلىماسلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت قىلغانلار ئەمگەكنىڭ بىكارغا كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭدىن ھەم دۆلەت زىيانغا ئۇچرايدۇ، ھەم ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان سەممىيىتى قالمايدۇ. ساپ

86. «ئەت-تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 1-جىلد، 125-بەت.
87. «250 ھەدىس»، 159-بەت.
88. يۇقىرىقى ئەسەر، 62-بەت.

كۆڭۈللۈك، گۈزەل ئەخلاقلىق بىر مۇسۇلمان بۇ خىلدىكى ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بولغان ئىنسان ئىشنى توغرا-دۇرۇس قىلىدۇ، ھېچكىمنى ئالدىمايدۇ، ھىلە-مىكىر ئىشلەتمەيدۇ. ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى تولۇق، جان-دىل بىلەن ئورۇنلايدۇ، ئۆزىگە ھەم ئەتراپىدىكىلەرگە ئۈلگە بولىدۇ.

## ئەخلاق ئۆزگىرەمدۇ؟

پەرزەنت دۇنياغا پاك تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىسىدىن ياخشى تەلىم-تەربىيە ئېلىپ، ياخشى خۇي-مىجەزلەر بىلەن زىننەتلەنسە، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىشىدۇ. ئەگەر ياخشى تەربىيە قىلىنماي، روھىغا ئەسكى، ناچار خۇي-مىجەزلەر قازان قارىسىدەك چاپلاشسا، ئۇنىڭدىن گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئىش-ھەرىكەت كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

تېنىمىزنى بىئارام قىلغان كېسەللىكلەرنى دورا بىلەن قانداق داۋالىغان بولساق، روھىمىزنى، ناچار خۇي-مىجەزلىرىمىزنى تاشلاپ، ئورنىغا ياخشى خۇلۇقلارنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق داۋالىيالايمىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «ئەخلاقىڭلارنى گۈزەللەشتۈرۈڭلار.»[89] دېيىش ئارقىلىق، ناچار ئەخلاقنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

يۇقۇملۇق كېسەل بولغان بىر بىمار بىلەن ئولتۇرۇپ-قوپقان ھەر قانداق بىر كىشى، ئۇ كېسەلنى ئۆزىگە يۇقتۇرىۋالىدۇ. ناچار ئەخلاقلىق كىشىلەرنى دوست تۇتقانلارمۇ، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىدە، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىدىكى ياخشى خۇلۇقلارنى ئاستا-ئاستا يوقىتىپ، ناچار ئەخلاقلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى تەلىم-تەربىيە ئېلىش ھەم گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەر بىلەن دوست بولۇپ، يامانلار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ياخشى كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشنى، خۇشپۇراق ئەتىر ساتىدىغان بىر دۇكاندا ئولتۇرۇشقا ئوخشاتقان بولۇپ، دۇكان ئىگىسى ئۇ كىشىگە بىر نەرسە بەرمىسىمۇ، ئۇ يەرنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. يامان كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشنى بولسا، تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا ئولتۇرۇشقا ئوخشاتقان بولۇپ، ئۇ يەردە ئولتۇرغان كىشىگە يا ئوت ئۇچقۇنى چاچرايدۇ ياكى بەدبۇي پۇراقلاردىن بىئارام بولىدۇ[90].

شۇڭا ياخشى كىشىلەر بىلەن دوست بولغۇچىغا ياخشىلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى يۇقىدۇ، ئۇمۇ ياخشى خۇلۇقلۇق بولىدۇ، ناچار كىشىلەر بىلەن دوست بولغۇچىغا، ئۇلارنىڭ يامان خۇي-مىجەز، ئىش-ھەرىكەتلىرى تەسىر قىلىدۇ ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ خۇي-پەيلىمۇ بۇزۇلۇپ، ناچار ئەخلاقلىق بولۇپ قالىدۇ.

89. ئا. ھەمدى ئاكسەكى «ئەخلاق دەرسلىرى» 19-بەت.
90. «جامىئۇس سەغىر»

بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز دوست تاللىغاندا دىققەت قىلىش، ياخشى ۋە بىلىملىكلەر بىلەن دوست بولۇش، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەت، مۇنازىرىلىرىدىن مەنپەئەت ئېلىپ پايدىلىنىش، يامان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش. يامان ئىش-ھەرىكەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇش مەقستى بىلەن كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بولۇشىغا يېقىندىن ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

## ئىسلامنىڭ ئەقىل ۋە ئىلىمگە بەرگەن ئەھمىيىتى

ئەقىل ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن بۈيۈك نېمىتىدۇر. ئىنسان ياخشى ۋە يامانىنى بىر-بىرىدىن ئەقلى بىلەن ئايرىيدۇ. ئەقىل ئىنسانلارنى باشقا جانلىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكتۇر.

دىنىمىزدا مەسئۇلىيەتنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن ئەقىللىق بولۇش شەرت بولۇپ ئىمان ۋە ئىبادەتتە تەلەپ قىلىنىدىغان بىرىنچى شەرتمۇ ئەقىلدۇر. ئەقىلسىزلارنىڭ دىنىي ئەمر-پەرمانلاردىن مەسئۇلىيىتىنىڭ يوق بولۇشىمۇ، ئەقىلنىڭ ئىسلامدىكى مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن ئەقىلنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقى، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەقىلدىن ياخشى پايدىلانمىغانلار قۇرئان كەرىمدە قاتتىق تەنقىدلەنگەن. ئەقىل ئەڭ مۇھىم بولغان ئۈچۈر ۋاستىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىسلام ئەقىلگە ئوخشاش، بىلىمگىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، دائىم ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى بۇيرۇيدۇ. قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايىتىمۇ «ئوقۇ!» پەرمانى بىلەن باشلىنىشى بىزگە ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىلىم ۋە ئىلىم ئىگىسىنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«**ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟**»[91] (39-سۈرە زۇمەرنىڭ 9-ئايىتى) پەيغەمبىرىمىزمۇ ئىلىم ئىگەللەشنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

«ئىلىم ئىگەللەش، ئەر ياكى ئايال ھەممە مۇسۇلمانغا پەرزدۇر.»[92]

دىنىمىزنىڭ بۇ ئەمر-پەرمانىغا رىئايە قىلغان ھالدا، ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ ئىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپلىگەن ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن.

91. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
92. «مىشكاتۇل-مەسابىھ»، 1-جىلد، 233-بەت.

**سوئاللار:**

1) ئەخلاق دېگەن نېمە؟ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.
2) ئىسلامدا، ئەخلاققا بېرىلگەن ئەھمىيەتنى سۆزلەپ بېرىڭ.
3) ئېتىقاد ۋە ئىبادەتنىڭ، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشتىكى رولىنى چۈشەندۈرۈڭ.
4) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى قانداق ئىدى؟
5) شەخس ئۈچۈن ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
6) ئەخلاقنىڭ خىزمەت ھاياتىغا بولغان تەسىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
7) ئەخلاق ئۆزگىرەمدۇ؟ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.
8) ئىسلامنىڭ ئەقىل ۋە ئىلىمگە بەرگەن ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

ئىككىنچى
باب

# ئەخلاقى مەسئۇلىيەتلىرىمىز

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىمىز
- ئاللاھ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان كەرىمگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
- ئۆز شەخسىيىتىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
- جىسمانى بەدىنىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
- روھىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
- يېمەك-ئىچمەكتىكى ئەخلاقى پرىنسىپلار
- تىلنى باشقۇرۇش ۋە تۈزىتىش
- باشقا ئەزالارنى باشقۇرۇش ۋە تۈزىتىش

**ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىمىز**

ئىسلامدا ئەخلاقي مەسئۇلىيەتلىرىمىز ئاساسەن بەش تۈرلۈك بولۇپ، بۇلار:

1) ئاللاھ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان كەرىمگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
2) ئۆزىمىزنىڭ شەخسىيىتىگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
3) ئائىلىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
4) ۋەتەن ۋە مىللىتىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
5) پۈتكۈل ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز

**ئاللاھ، پەيغەمبەر ۋە قۇرئانغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز**

**1) ئاللاھقا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز**

ئاللاھ بىزنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈردى ۋە تېنىمىزنى مۇكەممەل ئەزالار بىلەن قۇراللاندۇرۇپ، يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى پايدىلىنىشىمىزغا بەردى. ئىنسانلارغا بېرىلگەن بۇ بۈيۈك نېمەت، ھېچقانداق بىر جانلىققا بېرىلمىدى. شۇڭا بۇ ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىمىز بار.

بۇ ۋەزىپىلىرىمىز:

1) ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.
2) ئىبادەت ۋەزىپىلىرىمىزنى تولۇق ئورۇنلاش.
3) ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىپ، چەكلەنگەن ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش.
4) ئاللاھقا بولغان سۆيگۈمىزنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن تۇتۇش.
5) ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىش.
6) بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش.

**2) پەيغەمبەرگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز**

ئاللاھ ئىسلامنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسىنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەردى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتتى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ ئىسلامنىڭ چاقىرىقىنى دۇنياغا تارقاتتى، ئىنسانلارغا بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتتى.

شۇ سەۋەبتىن:

**1)** ئۇنىڭ بۈيۈك ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

**2)** ئۇنى سۆيۈش، ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا، دۇرۇت ئېيتىش.

**3)** ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا مېڭىش.

**4)** ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۈلگە قىلىپ ياشاش.

بۇلار بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قارىتا ئورۇنلاشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

**3) قۇرئان كەرىمگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز:**

1) قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز ۋاستىسى بىلەن بىزگە ئەۋەتىلگەن كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

2) ئۇنى ئۇسلۇبىغا رىئايە قىلغان ھالدا چىرايلىق ئوقۇشقا تىرىشىش.

3) مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىش.

4) قۇرئان ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش.

5) قۇرئاننىڭ قىل دېگىنىنى قىلىش، قىلما دېگىنىدىن يىراق تۇرۇش.

**ئۆزىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز**

ئىنسان تەن ۋە روھنىڭ بىرلىشىشىدىن بارلىققا كەلگەن بىر جانلىق بولغاچقا، ئۆزىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز ئىككىگە ئايرىلىدۇ:

1) بەدىنىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز.

2) روھىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز.

**1. بەدىنىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز.**

**1) نورمال يەپ-ئىچىش:** يېمەك-ئىچمىكىمىزگە دىققەت قىلىپ، نورمال يەپ-ئىچىشىمىز كېرەك. چۈنكى ساغلام ۋە كۈچلۈك بىر تەنگە ئىگە بولۇش، بۇلارغا باغلىقتۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: «**ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى، ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار.**»[93] (2-سۈرە بەقەرەنىڭ 168-ئايىتى)

93. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

پەيغەمبىرىمىز: «كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك مۆمىن، ئاجىز مۆمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ سۆيۈملۈكتۇر»[94]، دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان.

**2) سالامەتلىكنى ئاسراش:** بەدىنىمىزنى كېسەللىكلەردىن قوغداش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك چارە ـ تەدبىرلەرنى قىلىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولغىنىدەك، ھەر قانداق بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالساق، ئۇنىڭ داۋاسىنى قىلىشمۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! داۋاسىنى قىلىڭلار، چۈنكى ئاللاھ بەرگەن ھەممە كېسەللىكنىڭ دورىسىنىمۇ ياراتقان.»[95]

ئىسلام تېنىمىزگە زىيانلىق بولغان، ھاراق ئىچىش، خېروئىن، نەشە قاتارلىق نەرسىلەرنى چەكلەپ، سالامەتلىكىمىزگە زىيان سالىدىغان ھەر خىل ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

ئاللاھ ئىنسانلارغا بەرگەن نېمەتلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى سالامەتلىكتۇر. ئىنساننىڭ ھاياتى بويىچە بۇ نېمەتنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بار. تېنى سالامەت بولمىغان بىر ئىنسان قانداقمۇ ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياشىيالىسۇن، قانداقمۇ ئىبادەت ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالىسۇن!؟ شۇڭا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «ھەر قانداق ئىشنىڭ بېشى ساغلاملىق» دېگەن.

سالامەتلىكىمىز ياخشى چاغدا، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىشىمىز، كېسەللىكلەرگە قارىتا، چارە ـ تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى نېمەت قولىدىكى چاغدا، ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئىككى نېمەت بار، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، بىرى، ساغلاملىق، يەنە بىرى بىكار ۋاقىت.»[96]

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىش سالامەت بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا دىنىمىز سالامەتلىككە ئەھمىيەت بېرىپ، كېسەللىكلەرگە قارىتا مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كېسەل بولغاندا، چوقۇم داۋاسىنى قىلىشىمىزنىمۇ بۇيرۇيدۇ.

تولۇق يېتىلىش ئۈچۈن تازىلىققا رىئايە قىلىش بىلەن بىللە، پايدىلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، تېنىمىزنى كۈچلەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، پەيغەمبىرىمىزنىڭ «كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك مۆمىن، ئاجىز مۆمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ سۆيۈملۈكتۇر» دېگەن سۆزىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ ـ چارچاش، ئۇيقۇسىزلىق، ھاراق ئىچىش، ھاۋاسى ناچار يەرلەردە تۇرۇش، مەينەت يېمەكلىكلەرنى يېيىش، ۋاقتى ئۆتكەن سۇلارنى ئىچىش دېگەندەك ساغلاملىقىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بار يەردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. لازىم بولغاندا چوقۇم كېسەللىكلەرگە قارىتا

94. «مەشارىقۇل ـ ئەنۋەر»، 2 ـ جىلد، 112 ـ بەت.
95. «جامىئۇس ساغىر».
96. بۇخارىي، «تىبابەت».

كەسپىي دوختۇرلارنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىز، بولۇپمۇ باللارنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز: «يولۋاستىن قاچقاندەك، يۇقۇملۇق كېسەللەردىن قېچىڭلار.»[97] دېيىش ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلاردىن يىراق تۇرۇشىمىزنى تەكىتلىگەن.

يەنە باشقا بىر ھەدىس-شەرىفتىمۇ: «بىر يەردە ۋابا كېسىلى بارلىقىنى ئاڭلىسىڭىز ھەرگىز ئۇ يەرگە بارماڭ» دېيىش ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرگە قارىتا تەدبىرلىك بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلغان.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئاللاھتائالا ياراتقان ھەممە كېسەلگە دورىسىنىمۇ بىللە بەرگەن، داۋالىنىڭ!» دېگەن سۆزى ھەرقانداق بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولساق، ھەر خىل ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ، داۋالىنىشقا تىرىشىشىمۇ دىنىمىزنىڭ ئەمىر-پەرمانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىمۇ داۋالانغان ۋە كېسەل بولغان كىشىلەرنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ چاغنىڭ شەرت-شارائىتىغا ماس ھالدا، بەزى نەرسىلەرنى داۋالىنىش مەقسىتىدە ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئىسلامنىڭ داۋالىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن ئىسلام جەمئىيىتىدە نۇرغۇنلىغان تىبابەت ئالىملىرى يېتىشىپ چىققان. ئىبنى سىنا، ئەبۇ بەكرى رازىغا ئوخشاش تېبابەت ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى، ياۋرۇپادا نۇرغۇن ئەسىرلەر ئوقۇلۇپ، دەرس كىتابى قىلىنغان.

داۋالىنىش، تەۋەككۇل قىلىش ئېتىقادىغا قارشى ئەمەس، ئەكسىچە، ھەقىقىي تەۋەككۇل، كېسەل بولغان كىشىنىڭ قولىدىن كەلگەن ھەر خىل داۋالىنىش چارىلىرىگە تايىنىپ، ئاندىن ئاللاھتىن شىپالىق تىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. داۋالىنىش چارىسىنى ئىزدەنمەي تۇرۇپ، «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم» دېيىش توغرا بولمىغانلىقى ئۈستىگە، ئىسلامنىڭ تەۋەككۇل ئېتىقادىنى خاتا چۈشەنگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئېتىزغا ئۇرۇق سالماي، ھوسۇل ئېلىشنى كۈتكەندەكلا بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋەككۇل قىلىش بىلەن ھېچ بىر مۇناسىۋىتى يوق.

دۇنيادا ھەممە ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ، ئاۋۋال سەۋەبىنى قىلىمىز، ئاندىن نەتىجىنى كۈتىمىز. دورىسىنى تېپىپ ئىشلىتىش دېگەنلىك، سەۋەبىنى قىلىش دېگەنلىك؛ كېسەلدىن ساقىيىش بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىدۇر. ۋاقتى كەلگەندە ئۇرۇقنى ئېتىزغا تېرىش سەۋەب؛ ھوسۇل ئېلىش بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىدۇر.

**3) تازىلىققا دىققەت قىلىش:** بەدىنىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىزدىن يەنە بىرى، پاكىزلىقتۇر. مۇسۇلمانىنىڭ بەدىنى، كىيىم-كېچىكى ۋە ئەتراپى پاكىز بولۇشى كېرەك. پاكىزلىقنىڭ سالامەتلىكىمىزنى قوغداشتا مۇھىم رولى بار. پەيغەمبىرىمىز:

«پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.»[98] دېيىش ئارقىلىق دىنىمىزنىڭ پاكىزلىققا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

97. «كەشفۇل ھافا»، 1-جىلد، 104-بەت.
98. «مەشارىقۇل-ئەنۋەر»، 2-جىلد، 107-بەت.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، چىش پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، چىشنىڭ پاكىز تۇتۇلىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىپ، مۇنداق دېگەن:

«سىلەرگە نېمە بولغاندۇ؟ نېمىشقا چىشىڭلار سارغايغان ھالدا، يېنىمغا كېلىسىلەر؟ مىسۋاك ئىشلىتىڭلار!»[99]

**2. روھىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز**

روھىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) روھىمىزنى ئاساسسىز ۋە يالغان ئېتىقادلاردىن پاكىز تۇتۇش.
2) توغرا ۋە ساغلام ئېتىقاتقا ئىگە قىلىش.
3) ھەقىقىي ۋە پايدىلىق بىلىم بىلەن تولدۇرۇش.
4) ناچار ئوي-پىكىر ۋە يامان خۇي-مىجەزلەردىن تازىلاش.
5) گۈزەل ئوي-پىكىر ۋە ياخشى خۇي-پەيلەر بىلەن زىنىنەتلەش.

**روھىمىزنى تۆۋەندىكى يامان خۇي-مىجەزلەردىن پاكىزلىشىمىز كېرەك:**

دۈشمەنلىك، ئاچچىقلىنىش، باشقىلاردىن قىزغىنىش، يالغانچىلىق، گېپىدە تۇرماسلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ھاياسىزلىق، ئەدەبسىزلىك، مەرھەمەتسىزلىك، قورقۇنچاقلىق، ھورۇنلۇق، بېخىللىق، ھاكاۋۇرلۇق، زۇلۇم قىلىش، ھەقسىزلىق، ئامانەتكە خىيانەت، سەۋرسىزلىك، قوپاللىق قىلىش ۋە كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان مۇئامىلىدە بولۇش، يۈرىكى تاشتەك قاتتىق بولۇش قاتارلىقلار.

**روھىمىزنى، تۆۋەندىكى گۈزەل خۇلۇقلار بىلەن زىنىنەتلىشىمىز كېرەك:**

دوستلۇق، مەرھەمەت، توغرا-دۇرۇستلۇق، مەرتلىك، جاسارەت، تىرىشچانلىق، سەۋر-تاقەت، ئىپپەت-نۇمۇس، چوڭلارغا ھۆرمەت، ئىنسانىي سۆيگۈ، گېپىدە تۇرۇش، سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلىش، مۇلايىم مىجەزلىك، ئادىل، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ئەپۇچان، كەمتەر، ئېغىر-بېسىق بولۇش، ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلارغا قارىتا ھېسداشلىق تۇيغۇسىدا بولۇش قاتارلىقلار.

**يېمەك-ئىچمەكتىكى قائىدە-نىزاملار:**

1) يېمەك-ئىچمەك ھالال بولۇش.
2) يېمەك-ئىچمەكتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قول يۇيۇش.
3) يېمەكنى باشلاشتىن بۇرۇن «بىسمىللاھ» يېمەكتىن كېيىن «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېيىش.
4) يېمەكنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن يېيىش.
5) يېمەكنى ئاز-ئازدىن ئېغىزغا سېلىپ، ياخشى چاينىغاندىن كېيىن يۇتۇش.
6) تاماق يەۋېتىپ گەپ قىلماسلىق.

99. بەيھاقى، مىسۋاك: سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆسىدىغان «ئېراك» دەرىخىنىڭ چىۋىقلىرىدىن ياسالغان چىش چوتكىسىدۇر. كۈنىمىزدىكى پاكىز نەرسىلەردىن ياسالغان چىش چوتكىلىرى مىسۋاكنىڭ ئورنىنى ئالغان بولۇپ، ئاساسى مەقسەت چىشنى پاكىزلاشتۇر.

7) ئىغىزىدىكىنى يۇتماي تۇرۇپلا، يەنە يېمەسلىك.
8) تاماقنى سوغۇتۇش ئۈچۈن پۈۋلىمەسلىك.
9) سۇ ئىچىۋاتقاندا قاچىغا تىنماسلىق.
10) باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق.
11) يېمەك ـ ئىچمەكنى ئىسراپ قىلماسلىق، قاچىغا يەپ بولالىغىدەك ئېلىش ۋە ئۇنى ئاشۇرۇپ قويماي يەپ بولۇش.
12) توپلۇشۇپ يېمەك يېگەندە، ھەممە كىشى تاماقنى يەپ بولمىغىچە داستىخاندىن ئايرىلماسلىق.
13) تاماقنى ئاۋۋال چوڭلاردىن باشلاش.
14) يولدا بىر نەرسە يەپ ماڭماسلىق.

**تىلنى باشقۇرۇش ۋە تۈزىتىش**

ئۆزىمىزگە بولغان مەسئۇلىيەتلىرىمىزنىڭ بىرى تىلىمىزنى باشقۇرۇشتۇر. ئاغزىمىز ئىچىگە كىرگەن نەرسىلەرگە دىققەت قىلغىنىمىزدەك، ئاغزىمىزدىن چىققان گەپ ـ سۆزلەرگىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئىسلام بىزگە گەپ ـ سۆز قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىمۇ ئۆگىتىدۇ.

**گەپ ـ سۆز قىلغاندا، دىققەت قىلىش تېگىشلىك بولغان ئەخلاق ئۆلچەملىرى:**

1) دېيىلگەن گەپ ـ سۆزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قىلىش.
2) دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە پايدىسى بولمىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماسلىق.
3) گەپ ـ سۆز بىلەن ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك، گەپ قىلغاندا باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلمەسلىك.
4) كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ گەپ قىلىش.
5) بىرسىنى ماختىغاندا بەك ئاشۇرۇۋەتمەسلىك.
6) چوڭلارنىڭ يېنىدا، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماسلىق.
7) كۆپ ۋە ئۇششاق گەپ قىلماسلىق.
8) گەپ ـ سۆز قىلغاندا، ئېغىزنى پۈرۈشتۈرمەسلىك، بىلەرمەنلىك قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئەيىپ تاپماسلىق.
9) تىلنى يامان گەپ ـ سۆزلەرگە كۆندۈرمەسلىك، يالغان گەپ ـ سۆز قىلىشتىن يىراق تۇرۇش، يالغاندىن قەسەم قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپ ـ سۆز قىلماسلىق، ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىش ۋە يالغان ۋەدە قىلىشتىن يىراق تۇرۇش.
10) باشقىلارنى مەسخىرە قىلماسلىق، لەقەم قويماسلىق.
11) باشقىلارغا دېيىشكە بولمايدىغان سىرنى دېمەسلىك.

پەيغەمبىرىمىز گۇناھتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى قايسى؟ دەپ سورىغانلارغا، مۇنداق جاۋاب بەرگەن. «تىلىڭنى باشقۇر!»[100]

ساھابىلەردىن بىرى پەيغەمبىرىمىزدىن: سەن ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغان ۋە خەتەرلىك نەرسە نېمە؟ دەپ سورىغاندا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، مۇبارەك تىلىنى قولى بىلەن كۆرستىپ: «مانا بۇ!»[101] دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىس-شەرىفدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم، يا ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى ئاغزىنى يۇمسۇن.»[102]

بۇلاردىن تىلىمىزنى باشقۇرۇش، گەپ-سۆزگە دىققەت قىلىشىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئەخلاق ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

**باشقا ئەزالىرىمىزنىڭ تەربىيىسى ۋە تۈزىتىلىشى**

تىلىمىزدىن باشقا ئەزالىرىمىزنىمۇ باشقۇرۇپ، ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزنى تۈزىتىش، ئەزالىرىمىزنى ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن ھالدا ئىشلىتىش، ئۆزىمىزگە قارىتا ئىجرا قىلىش كېرەك بولغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. بۇ ۋەزىپىلەر:

1) قول-پۇتنى ھارامدىن، باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن تارتىش.

2) ئۆزىدە بولمىغان نەرسىلەرگە ئاچكۆزلۈك بىلەن قارىماسلىق، كۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرۈشكە ئىنتىلمەسلىك، كۆزى بىلەن باشقىلارنى بىئارام قىلماسلىق.

3) قۇلاقلىرى بىلەن، يالغان-ياۋىداق سۆز، غەيۋەت-شىكايەت، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە پايدىسى بولمىغان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىماسلىق.

4) ھېچكىمنىڭ مال-مۈلكى، جېنى، ئىپپەت-نومۇسىغا چېقىلماسلىق.

**ئوقۇشلۇق:**

**دىنىمىز ئىسراپچىلىقنى چەكلەيدۇ**

دىنىمىز ھالال، توغرا يولدىن ئىشلەپ تاپاۋەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، تاپقان-تەرگەنلىرىمىزنى ئىسراپ قىلىش ۋە كېرەكسىز يەرلەرگە ئىشلىتىشنى چەكلەيدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

**«يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.»**[103] (7-سۈرە ئەئرافنىڭ 31-ئايىتى)، بۇ ئايەت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇھىم

100. «رىيازۇس-سالىھىن»، 3-جىلد، 107-بەت.
101. يۇقىرىقى ئەسەر، 3-جىلد، 106-بەت.
102. يۇقىرىقى ئەسەر، 3-جىلد، 103-بەت.
103. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ھەر قانداق مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ سۆيمىگەن بەندىسى بولۇشنى خالىمايدۇ.

دىنىمىز بېخىللىقتىن ساقلىنىشىمىزنىمۇ تەلەپ قىلىپ، نورمال بولۇشىمىزنى، ھاياتىمىزدا ئوتتۇراھال بىر يول تۇتىشىمىزنى بۇيرۇيدۇ.

قۇرئاندا ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشمەكچى بولغان ياخشى بەندىلىرىنىڭ ھايات ئۆلچىمىنىڭ تۆۋەندىكى يول ئىكەنلىكى مۇنداق بايان قىلىنغان:

**«ئۇلار(يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ.»**[104]

(25 ـ سۈرە فۇرقاننىڭ 67 ـ ئايىتى)

بۇلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، دىنىمىز بىزگە قانداق تاپاۋەت قىلىشنى ئۆگەتكىنىدەك، قانداق ئىستىمال قىلىشنىمۇ ئۆگىتىدۇ. بىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە رەببىمىزنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيسىگە ئۇيغۇن ھالدا، ھەددىدىن ئاشۇرۋەتمەي، ئۆلچەملىك، تەڭپۇڭ بىر يوسۇندا ھاياتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

تاپقان ـ تەرگىنىنى بۇزۇپ ـ چاچقان، كىرىم ـ چىقىمنى تەڭپۇڭ تۇتمىغان، تاپقىنىدىن خىراجەت قىلغىنى كۆپ بولغان بىر كىشى، ئارزۇ قىلغان تۇرمۇش سەۋىيەسىگە يېتەلمەيدۇ، شۇنداقلا بۇنداق بىر ئائىلىدە ھوزۇر ـ ھالاۋەتمۇ بولمايدۇ. مال ـ دۇنيا، پۇل ـ پۇچەكلىرىمىزنى ئۆز ئېھتىياجىمىز ۋە جەمئىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز كېرەك.

بىر ئائىلە ئۈچۈن ئەھۋال قانداق بولسا، بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىسراپچىلىق مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، شەخس ۋە جەمئىيەتنى كەمبەغەللىككە ئېلىپ بارىدۇ ـ دە، تىرىشچانلىقنىڭ بىكار بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

دۆلىتىمىزدە ئاساسلىق يېمەك تۈرلىرىدىن بىرى بولغان، ئىسراپ قىلىنىپ تاشلىنىۋاتقان ئاش ـ ناننىڭ نىسبىتى ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. تاشلىنىۋاتقان پەقەت ئاش ـ نانلا ئەمەس، بەلكى دېھقاننىڭ ئەمگىكى، ئۇلارنى يېمەك ھالىتىگە ئەكەلگەنلەرنىڭ ئەجرى ۋە ئۇلارنى سېتىۋالغانلارنىڭ پۇل ـ پۇچەكلىرىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز ئاش ـ نانغا ھۆرمەت قىلىشنى بۇيرىغان. ئىسراپ قىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيسىگە رىئايە قىلماسلىق بولۇش بىلەن بىللە ئاش ـ نانغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ.

قاچىغا يەپ بولالمىغىدەك كۆپ ئۇسۇپ، بىر قىسمىنى ئاشۇرۇپ قويۇش، بىكارغا ئېھتىياجدىن ئارتۇق توك، سۇ ئىشلىتىش ئىسراپچىلىق بولىدۇ. ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى نورمىدىن ئارتۇق ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلىش ھەققى يوقتۇر.

ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈشمۇ ئىسراپچىلىقتۇر. ئۆزىدىن باي قول ئىلىكىدە بولغانلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەلپۈنۈپ، ئاددى ـ ساددا نەرسىلىرىنى تاشلاپ، قىممەت نەرسىلەرنى قوغلىشىپ

104. يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

ئېلىش، ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مودىلارنى قوغلىشىشمۇ ئىسراپچىلىق بولىدۇ. بۇلار دىنىمىزنىڭ ئىقتىساتچىل ياشاش ئۇچۇن ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلىرىغا قارشى، ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىقتىسادنى ۋەيران قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر.

تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر بولسا، تېنىم تاپماي ئىشلىگەن ۋە ئىشلەپ تاپقانلىرىنى جايىدا خەجلەشنى بىلگەن، ئىسراپچىلىقتىن يىراق تۇرغان مىللەتلەردۇر.

ئىمكانىمىز، ۋاقتىمىز، تاپاۋىتىمىز، يەر ئۈستى، يەر ئاستىدىكى بايلىقلىرىمىزنى ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئىشلىتىپ، قولىمىزدا بار بولغان نېمەتنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز، ئىسراپچىلىق، بۇزۇپ-چېچىشتىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلساق، بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يېتەلەيمىز.

پەيغەمبىرىمىز: «ئىقتىساتچىل بولغان كىشى يوقسۇللۇق تارتمايدۇ»[105] دېيىش ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزدا رىئايە قىلىش كېرەك بولغان مۇھىم بىر پرىنسىپنى ئۆگىتىدۇ. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ئىسراپچىلىقنىڭ زىيىنى پەقەت دۇنيادىلا قالمايدۇ، يەنە ئۆمۈر ۋە بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھېساب-كىتابى قىلىنىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدۇ: «قىيامەت كۈنى ئىنسان تۆۋەندىكى تۆت نەرسىدىن ھېسابقا تارتىلماي تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلالمايدۇ:

1) ئۆمرىنى قەيەردە ئۆتكۈزگەنلىكىدىن،
2) تېنىنى قەيەردە خوراتقانلىقىدىن،
3) مال-مۈلكىنى نەدىن تېپىپ، نەگە ئىشلەتكەنلىكىدىن،
4) بىلگەنلىرى بىلەن نېمىگە ئەمەل قىلغانلىقىدىن.»[106]

105. «كەشفۇل ھافا»، 2-جىلد، 189-بەت.
106. «ئەت-تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 1-جىلد، 125-بەت.

**سوئاللار:**

1) ئەخلاقى مەسئۇلىيەت قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟
2) ئاللاھ، پەيغەمبەر ۋە قۇرئان كەرىمگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز قايسىلار؟
3) ئۆز شەخسىيىتىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟
4) بەدىنىمىزگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز قايسىلار؟
5) روھىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز قايسىلار؟
6) ياخشى ياكى يامان خۇي-مىجەزلەر قايسىلار؟ ساناپ بېرىڭ.
7) يېمەك-ئىچمەكتىكى ئەخلاقى-پرىنسىپلارنى ئېيتىپ بېرىڭ.
8) گەپ-سۆز قىلغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاق ئۆلچىمى قايسىلار؟
9) تەن-ئەزالىرىمىزنىڭ كەمچىلىگىنى قانداق تۈزىتىمىز؟؟

ئۈچىنچى باب

# ئائىلە-تاۋابىئاتىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئىسلامدا ئائىلىنىڭ ئەھمىيىتى
- ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى
- ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى
- ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى
- بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتى
- ئانىسىغا ئاسىيلىق قىلغان بىر ياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىدا، ئىمانىنى يوقۇتۇپ قويۇش خەتىرىگە دۇچ كېلىشى (ئوقۇشلۇق)
- قان-قېرىنداشلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى
- ئۇرۇق-تۇققانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
- قولۇم-قوشنىلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
- مۇسۇلمان قولۇم-قوشنىلىرىغا مۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك! (ئوقۇشلۇق)

**ئىسلامدا ئائىلىنىڭ ئەھمىيىتى**

ئەر-ئايال، ئاتا-ئانا ۋە بالىلاردىن تەركىپ تاپقان ئەڭ كىچىك ئىنسانلار جەمئىيىتى ئائىلە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئائىلىلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن مىللەت بارلىققا كېلىدۇ. بىر مىللەت ئۈچۈن ئائىلىنىڭ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرىدۇر. چۈنكى مىللەتنىڭ ئاساسى ئائىلە بولۇپ، ئائىلە بەختلىك ۋە خاتىرجەم بولسا، مىللەتمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

ئائىلە بىر مىللەتنى مىللەت قىلغان مىللىي، مەنىۋىي قىممەت قاراش ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆگىتىدىغان بىر مەكتەپتۇر. ئاللاھ، ۋەتەن ۋە مىللەتكە قەرزدار بولغان مەسئۇلىيەتلەر، ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەردە ئۆگىتىلىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئائىلىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تەقلىد قىلىدۇ. داۋاملىق كۆرگەن ئىش-ھەرىكەتلەر، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر بالىنىڭ ئەخلاق ئاساسى بەرپا قىلىنىدۇ.

بىر رەسىمگە تارتىش ئاپپاراتىغا ئوخشاش بولغان بالىنىڭ ئاق قەغەزدەك پاكىز روھىدا، ياخشى كارتىنىلارنى قالدۇرۇش ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرى ھەر ۋاقىت ئىجابىي ئىش-ھەرىكەتلەردە بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك. شۇڭا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئائىلىنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۇلارغا باغلىقتۇر.

**ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مەسئۇلىيەتلىرى**

ئائىلىنىڭ ئاساسى ئەر-ئايال بولۇپ، ئائىلە ئاۋۋال بۇلار بىلەن قۇرۇلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:
«دىققەت قىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاياللىڭلاردا، ئاياللىڭلارنىڭمۇ سىلەردە ھەققى بار...»[107]

**1. ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى:**

1) ئالدى بىلەن ئەر-ئاياللار ئۆتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە سۆيگۈ بولۇشى كېرەك.

2) ئەر ئائىلىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كېيىم-كېچەك ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئىشلىشى ۋە ھالال يولدىن پۇل تېپىشى كېرەك.

3) ئەر ئائىلىسىنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىش ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ ئۆگىتىشكە تىرىشىشى كېرەك.

4) ئەر، ئايالىغا قارىتا سىلىق-سىپايە مۇئامىلىدە بولۇپ، قوپاللىق قىلماسلىقى لازىم.

بۇ ھەقتە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:
«مۆمىنلەرنىڭ ئىماندا ئەڭ ساغلام بولغىنى، ئەخلاقتا ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئاياللارغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغىنىڭلاردۇر»[108]

5) ئايال يولدىشىغا سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت بىلەن باغلىنىشى، ئائىلە ئىشلىرى ۋە بالىلارنىڭ تەلىم-تەربىيەسىدە يولدىشىغا يار-يۆلەك بولۇشى كېرەك.

6) ئايال ئىقتىساتچىل بولۇپ، يولدىشىنىڭ تاپقان-تەرگىنىنى ئىسراپ قىلماسلىقى ۋە ئائىلىسىگە باش-پاناھ بولۇشى كېرەك.

7) ئايال ئائىلىسىگە سادىق بولۇشى، ئار-نومۇسىنى قوغدىشى كېرەك.

بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:
"ئەگەر ئايال بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇپ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ، ئار-نومۇسىنى قوغداپ، يولدىشىغا ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن: «جەننەتكە قايسى ئىشىكتىن كىرىشنى خالايسەن؟» دەپ سورىلىدۇ."[109]
«ھەر قانداق بىر ئايال يولدىشى رازى بولغان ھالدا ئۆلسە، ئۇ جەننەتلىك بولىدۇ.»

**2. ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى**

ئائىلىنىڭ زىننىتى ۋە بەختىنىڭ مەنبەسى بولغان بالا، ئاتا-ئانىغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر ئامانەتتۇر. ئاتا-ئانىنىڭ، بالىلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئېلىشىدا، ئاللاھقا ۋە جەمئىيەتكە قارىتا بەلگىلىك مەسئۇلىيىتى بار. ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى:

1) بالىلىرىنى ساق-سالامەت تەربىيلەپ ئۆستۈرۈش، بالىلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋىي ساغلاملىقىنى قوغداش.

107. «رىيازۇس-سالىھىن»، 1-جىلد، 318-بەت.
108. يۇقىرىقى ئەسەر، 1-جىلد، 320-بەت.
109. «250 ھەدىس»، 186-بەت.

2) بالىلىرىغا ھارام يېگۈزمەسلىك.

پەيغەمبىرىمىز: «ئاللاھ يولىدا سەرىپ قىلغان پۇل-پۇچەكنىڭ ساۋابى ئەڭ كۆپ بولغىنى ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن سەرىپ قىلىنغان پۇل-پۇچەكتۇر.»[110] دېگەن.

«بىر كىشىنىڭ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار بولغان بىر ئائىلە ئەزاسى بىلەن كارى بولماسلىقى، ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا تامامەن يېتەرلىك.»[111] دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

3) بالىسىغا ياخشى بىر ئىسىم قويۇش.

4) بالىسىنى ياخشى تەربىيەلەش، ئۇنىڭغا ئەخلاق جەھەتتىن ياخشى ئۈلگە بولۇش.

پەيغەمبىرىمىز: «ھېچبىر دادا، بالىسىغا ياخشى تەلىم-تەربىيەدىن باشقا تېخىمۇ قىممەتلىك بولغان بىر مۇكاپات بېرەلمەيدۇ.»[112] دېيىش ئارقىلىق ئەۋلات تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرگەن.

5) بالىسىغا ناماز ئوقۇش قاتارلىق دىنىي ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆگىتىش.

6) بالىسىنى ياخشى ئوقۇتۇپ، تۇرمۇشنى قامدىيالىغىدەك بىر كەسىپ ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بالىلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار ياشاۋاتقان دەۋىردىن باشقا بىر دەۋر ئۈچۈن يېتىشتۈرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار ئۆز زامانىڭلاردىن باشقا بىر زامان ئۈچۈن يارىتىلغان.»

7) بالىلارنى سۆيۈش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش. چۈنكى بالىلارنىڭ يېمەك-ئىچمەككە ئېھتىياجى بولغاندەك، سۆيگۈگىمۇ ئېھتىياجى بار.

8) بالىلارغا سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن، سوۋغا-سالام بەرگەندە، ئايرىمچىلىق قىلماسلىق، ئادىل مۇئامىلە قىلىش.

9) ئۆيلىنىش يېشىغا توشقاندا، بالىلىرىنى ئۆيلەندۈرۈش.

### 3. پەرزەنتنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتى

1) ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش.

2) تۇرمۇشتا قىينالسا، ئۇلارغا ياردەم قىلىش.

3) ئاتا-ئانىغا گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردە ئازار بەرمەسلىك، «ئۇھ، ۋايجان»مۇ دېمەسلىك كېرەك.

4) ئاتا-ئانىلارغا كۈلۈمسىرەش، تاتلىق گەپ-سۆزلەرنى قىلىش، ئۇلارغا قوپاللىق قىلماسلىق ۋە ئاچچىقلانماسلىق كېرەك.

5) چاقىرغان ھامان يۈگرەپ بېرىش كېرەك.

---

110. «رىيازۇس-سالىھىن»، 1-جىلد، 329-بەت.
111. «رىيازۇس-سالىھىن»، 1-جىلد، 331-بەت.
112. «جامىئۇس-ساغىر».

6) ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى (بۇيرۇقلىرىدا ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمىسىلا) ئاڭلاش ۋە ئىجرا قىلىش.

7) ھەممە ئىشتا، ئۇلارنى خۇشال ـ خۇرام ۋە مەمنۇن قىلىشقا تىرىشىش.

8) يېنىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ ـ سۆز قىلماسلىق.

9) ئاتا ـ ئانا ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا موھتاج بولغاندا، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋە ئۇنى چىن كۆڭلى بىلەن ئورۇنلاش.

10) يولدا ماڭغاندا ئالدىدىن ئۆتمەسلىك.

11) ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز، بىر يەرلەرگە بارماسلىق كېرەك.

12) ئۇلار ۋاپات بولسا، رەھمەت بىلەن سېغىنىش، دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ روھى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىش، ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىش، ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە يامان گەپ ـ سۆز بولۇپ قىلىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالماسلىق كېرەك.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەققى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل، ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز بىلەن ئاتا ـ ئانىغا قىلىنغان ياخشىلىقتۇر.»[113]

«ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىدە يۈزىگە قاراپمۇ قويمايدىغان كىشىلەردىن بىرى، ئاتا ـ ئانىسىغا قارشى بولغان كىشىدۇر.»[114]

«ئاللاھ پۈتكۈل گۇناھلارنىڭ جازاسىنى بېرىشكە تەخىر قىلىپ، قىيامەت كۈنىگىچە كۈتىدۇ، پەقەت ئاتا ـ ئانىغا قارشى قىلىنغان ئىسيانىنىڭ جازاسىنى ئاللاھ ئۇ كىشى ئۆلمەي تۇرۇپلا كۆرسىتىدۇ.»[115]

**ئوقۇشلۇق:**

**ئانىسىغا ئاسىيلىق قىلغان بىر ياشنىڭ ئاخىرقى تىنىقىدا، ئىمانىنى يوقۇتۇپ قويۇش خەتىرىگە دۇچ كېلىشى**

ئابدۇللاھ بىن ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھوزۇرىدا تۇرغان ۋاقىتلاردا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بىر كىشى كېلىپ:

ـ ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سەكراتتا ياتقان بىر يىگىت بار، ئۇنىڭغا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگىن دېسەك ھېچ دېيەلمىدى، دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

ـ ئۇ، ناماز ئوقۇمتى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ـ ھەئە، ئوقۇيتتى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئورنىدىن دەس تۇردى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇردۇق. پەيغەمبىرىمىز ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ:

113. «رىيازۇس ـ سالىھىن»، 1 ـ جىلد، 347 ـ بەت.
114. «ئەت ـ تەرغىب ۋەتتەرھىب»، 3 ـ جىلد، 327 ـ بەت.
115. «تاللانغان ھەدىسلەر»، 58 ـ بەت.

- «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگىن، دېدى. يىگىت:
- ئۇنى دېيەلمەيۋاتىمەن، - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:
- نېمىشقا دېيەلمەسەن؟ دەپ سورىغاندا، چاقىرغىلى بارغان كىشى:
- ئۇ ئانىسىنىڭ گەپ - سۆزىنى ئاڭلىمايتتى، دېدى. پەيغەمبىرىمىز:
- ئانىسى ھاياتمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ يەردىكى كىشىلەر:
- ھەئە، ھايات، - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:
- چاقىرىپ كېلىڭلار، - دېدى. ئۇلار ئۇ ئايالنى چاقىرىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ ئايالغا:
- ئۇ كېسەل ياتقان سىزنىڭ ئوغلىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئايال:
- شۇنداق، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئايالغا:
- قاراڭ، ئۇ يەردە ناھايىتى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر ئوت بولسا ۋە «ئوغلۇڭغا شاپائەت قىلساڭ بىز ئۇنى بۇ ئوتتا كۆيدۈرمەيمىز. شاپائەت قىلمىساڭ، بىز ئۇنى بۇ ئوتقا تاشلايمىز.» دېيىسە، قانداق قىلاتتىڭىز؟ شاپائەت قىلامتىڭىز؟ دەپ سورىدى. ئايال:
- ئۇنىڭ شاپائەتچىسى بولاتتىم. - دېدى، پەيغەمبىرىمىز:
- ئۇنداقتا، سىزگە ئىتائەت قىلمىغان بۇ ئوغلىڭىزنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، سىزدىكى ھەققىنى ھالال قىلىپ ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىڭىزغا ئاللاھ ۋە مېنى گۇۋاھچى قىلىڭ، - دېدى. ئايال:
- ئاللاھىم! سېنى ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى گۇۋاھچى قىلدىم. ئوغلۇمدىن رازى بولدۇم، ھەققىمنى ھالال قىلدىم، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز كېسەل ياتقان يىگىتكە:
- لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىكە لەھ ۋەئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھ» دېگىن، - دېدى. يىگىت دەرھال شاھادەت ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ئاللاھقا مىڭ شۈكرى، مېنىڭ ۋاستەم بىلەن ئاللاھ، بۇ يىگىتنى جەھەننەمنىڭ ئوت - يالقۇنىدىن ساقلىدى، - دېدى[116].

**ئانا**

ئانا! ئانا! جېنىم ئانا!
قەلب ساڭا تەۋە ئانا..
ئۇ قەلبىكى بىر خەزىنە
ئىچى تولغان چىن سۆيگىگە.

116. «تاللانغان ھەدىسلەر»، 161 - بەت.

بۇ سۆيگىنىڭ ئىگىسى سەن،
مېنى بۇ دۇنياغا تۇغدۇڭ.
مېھىر ـ شەپقىتىڭ بىلەن،
پەرىشتىدەك كۆڭۈل بۆلدۇڭ.

بوۋاق ئىدىم، قۇچاغىڭدا،
ئاندىن بۆشۈك، ئىلاڭگۇچتا.
پەرۋىش قىلدىڭ، يېتىشتۇردۇڭ،
تۇنجى ئىلمنى سەن ئۆگەتتىڭ.

كەپسىزلىكىم رەنجىتسىمۇ،
ماڭا يەنە سۆيگۈ بەردىڭ.
سەن مېنىڭ سەن، جان ئانا!
پىدا بولسۇن بۇ جان ساڭا!

ـ ئە. ئالى سىپاھى

**جان دادام**

ئۆيىمىزنىڭ تۈۋرىكىسەن!
كۆزىمىزنىڭ قارچۇغىسەن!
سۆيۈملۈكسەن ھەم ياخشى
مېنىڭ جېنىم دادامسەن!

كەلسەڭ سەن ئاخشاملىرى،
خۇشالدۇر ئۆي ـ ئىچلىرى.
كېچە، كۈندۈزگە ئايلىنىپ،
كۈلەر، دادامغا قايرىلىپ.

بىز كۈلسەك، سەن كۈلسەن،
يىغلىساق ھەم يىغلايسەن.
نېمە دېسەڭ قىلىمىز ھامان،
سەنلا بولساڭ مەڭگۈ ئامان.

ـ راقىم چالاپالا

## 4. قان ـ قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى

1) قېرىنداشلار ئارىسىدا، سەمىمىي بىر سۆيگۈ ۋە بىرلىك بولۇش.

2) قېرىنداشلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان پۈتۈنلۈكنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشايدۇ. ھېچقانداق نەرسىنىڭ بۇ بىرلىكنى بۇزالماسلىقى ۋە قېرىنداشلارنى بىر ـ بىرىدىن يىراقلاشتۇرالماسلىقى كېرەك.

3) مىراس، پۇل ـ پۇچەك، مال ـ دۇنياغا ئوخشاش نەرسىلەر ۋە ماددىي مەنپەئەتلەر، قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىغا سوغوقچىلىق سېلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزماسلىقى كېرەك.

4) ئاكىلار كىچىكلەر ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىغا ئوخشايدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشتىن، ئازار بەرگۈچى گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولۇشتىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. چوڭلارمۇ كىچىكلەرنى قوغدىشى، سۆيگۈ ۋە مەرھەمەت كۆرسىتىشى لازىم.

5) قېرىنداشلار بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدەك كۆرۈشى لازىم.

## 5. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئائىلىمىزنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قارىتا ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىز بار:

1) ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سۆيگۈ ۋە ھۆرمەتتە بولۇش.

2) ئېھتىياجى بولغانلارغا ياردەم قىلىش.

3) ئۇلارنى ئۇنۇتماسلىق، ھەر ۋاقىت يوقلاپ تۇرۇش، سوۋغا ـ سالام بېرىش.

4) يىراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن خەت ـ چەك، تېلېفون ئارقىلىق ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇرۇش ئارقىلىق ئائىلە مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش.

تاغا، ھاممىلىرىمىز بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز يېشىدا بولۇپ، ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىمىزدەك كۆرۈپ، ئۇلارغا سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز:

«ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يىراق ـ يېقىنلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.»[117] دېيىش ئارقىلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېيتقان.

ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ىبنى ئەبى ئەۋفا مۇنداق دەيدۇ:

بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرغاندا پەيغەمبىرىمىز:

«ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلەر، بۈگۈن بىز بىلەن بىر يەردە ئولتۇرمىسۇن.» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھاممىسى بىلەن ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش بولغان بىر

117. «رىيازۇس ـ سالىھىن»، 1 ـ جىلد، 370 ـ بەت.

يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپلا، ھاممىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ياراشتى. ئاندىن ئۇ يىگىت يەنە يېنىمىزغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز:

«ئارىسىدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن جەمئىيەتكە ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەلمەيدۇ.» [118] دېدى.

## 6. قولۇم-قوشنىلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز

ئائىلە ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزدىن كېيىن بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان كىشىلەر قوشنا-قولۇملىرىمىزدۇر. بىز ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، كۆپ ۋاقىتلاردا بىز بىلەن بىللە بولىدىغان، قولۇم-قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش دىنىمىزنىڭ ئەمرى-پەرمانىدۇر.

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە قولۇم-قوشنىلىرىمىزغا ياخشىلىق قىلىشنى ئېيتقان. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ:

«ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى خوشنا-خولۇملىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن.» [119]

«ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى، خولۇم-خوشنىلىرىنى رەنجىتمىسۇن.» [120] دېگەن.

پەيغەمبىرىمىز يەنە بىر ھەدىستە، خوشنا-خولۇملىرىنى رەنجىتكەنلەرنىڭ ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدىغانلىقىنى ۋە جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان.

**قوشنىلىرىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز تۆۋەندىكىلەردۇر:**

1) قولۇم-قوشنىلىرىمىزنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزدە رەنجىتمەسلىكىمىز كېرەك.

2) ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ، تاتلىق گەپ-سۆزلەرنى قىلىشىمىز، خۇشاللىق ۋە ئازاپلىرىغا ئورتاقلىشىشىمىز لازىم.

3) دەرت-ئەلەملىرىمىزنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشىپ، زۆرۈر بولغاندا، ئۆزئارا ياردەم قىلىشىمىز، قەرز-ئۆتنە بېرىشىمىز، سوۋغا-سالام قىلىشىمىز لازىم.

4) ئۇلارنى بىئارام قىلماسلىقىمىز كېرەك.

5) كېسەل بولۇپ قالسا يوقلىشىمىز، ۋاپات بولسا نەزىر-چىراقلىرىغا بېرىشىمىز، سالامەتلىك تىلىشىمىز كېرەك.

قىسقىسى ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى ئۇلار ئۈچۈنمۇ ئارزۇ قىلىشىمىز، ئۆزىمىز ياخشى كۆرمىگەن ئىشلارنى ئۇلارغىمۇ قىلماسلىقىمىز كېرەك.

---

118. «تاللانغان ھەدىسلەر»، 208-بەت.
119. «رىيازۇس-سالىھىن»، 1-جىلد، 343-بەت.
120. يۇقىرىقى ئەسەر، 1-جىلد، 342-بەت.

ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بىر كۈنى خىزمەتچىسىگە قويدىن بىرنى سويدۇرۇپ، بىر قىسمىنى قوشنا ـ قولۇملىرىغا بۆلۈپ بېرىشنى ۋە ئالدى بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن باشلاشنى ئېيتىپ، بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان[121].

**ئوقۇشلۇق:**

**مۇسۇلمان، قوشنا ـ قولۇملىرىغا مۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك!**

ئىستانبۇلنى فەتھ قىلغان فاتىھ سۇلتان مەھمەتخان بىر كۈنى، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ سۈپىتى ۋە باھاسىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن كېيىمىنى يەڭگۈشلەپ، پۇقراچە ياسىنىپ بازارغا بارىدۇ. بىر دۇكانغا كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن:

ـ يېرىم كېلو ياغ، يېرىم كېلو ھەسەل ۋە يېرىم كېلو ئېرىمچىك بەرسىڭىز. ـ دەيدۇ. دۇكان ئىگىسى يېرىم كېلو ياغنى تارتىپ بولۇپ، باھاسىنى ھېسابلىغاندىن كېيىن:

ـ ئاكا، قالغان نەرسىلىرىڭىزنى ئۇدۇلۇمدىكى قوشنامدىن ئالسىڭىز، چۈنكى ئۇنىڭ مېلى تېخىمۇ سۈپەتلىك، ھەمدە قوشنام تېخىچە دەسلەپ قىلمىدى. ـ دەيدۇ. پادىشاھ ئۇ دۇكانغا كىرىپ يېرىم كېلو ھەسەل ئالغاندىن كېيىن، ئۇ دۇكانچىمۇ:

ـ ئاللاھقا مىڭ شۈكرى، مەن دەسلەپ قىلىۋالدىم ۋە بالىلىرىمنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە يەتكۈدەك پۇل تاپتىم، ما قوشنا دۇكان تېخى دەسلەپ قىلمىدى. ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ:

ـ بۇ مىللەت بۇنداق گۈزەل ئەخلاقى بىلەن دۇنيانى سورايدۇ. مىللەتنىڭ پاك ئەخلاقىنى بوزغانلارنى ئاللاھ ئۆزىلا جازالىسۇن. ـ[122] دەيدۇ.

**سوئاللار:**

1) ئىسلامدا ئائىلىنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
2) ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مەسئۇلىيەتلىرى قايسىلار؟
3) ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى قايسىلار؟
4) بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتى قايسىلار؟
5) قېرىنداشلارنىڭ بىرى ـ بىرىگە بولغان مەسئۇلىيىتى قايسىلار؟
6) ئۇرۇق ـ تۇققانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز قايسىلار؟
7) قولۇم ـ قوشنىلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىزنى سۆزلەپ بېرىڭ.

121. «ئالبىيۇل ـ قارى شەرھۇ ئەينۇل ئىلىم»، 1 ـ جىلد، 291 ـ بەت.
122. تاھسىن ئۈنال، «ئوسمانلىلارنىڭ پەزىلەت قارىشى»

تۆتىنچى باب

# پۈتكۈل ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
- هايۋانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز
- كۆزىمىزنى نەملىگەن بىر قېرىنداشلىق كارتىنىسى (ئوقۇشلۇق)
- ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن هالدا ياشىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدىلىگى
- ئىسلامدا قىلىش چەكلەنگەن ئىشلار
- ئىنسانلارغا تەھدىت سىلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەر، هاراق بىلەن خىروئىن (ئوقۇشلۇق)

**ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز**

**1) هېچكىمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك:**

ئىنسانلارنىڭ جېنى، مېلى، ئائىلىسى، ئەركىنلىكى، ئار ـ نۇمۇسى ۋە شان ـ شەرىپىگە دەخلى يەتكۈزۈش دىنىمىزدا چەكلەنگەن. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغىلى بولمايدىغان هەققىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارنىڭ هەققىگە هۆرمەت قىلىش، ئىنسانلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان هەر خىل ئىش ـ هەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار بولۇپ، ئۇ، هەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشنىڭ يەنە بىر شەرتىدۇر. بۇ هەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«مۇسۇلمان باشقا مۇسۇلمانغا، گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ هەرىكەتلىرى بىلەن زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان كىشىدۇر.»[123]

**2) باشقىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش:**

ئىنسانلارغا تاتلىق گەپ ـ سۆز ۋە تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىش، پېقىر ـ يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، يوقسۇللارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش، يېتىم ـ يېسىرلارنى ئاسراش، يىقىلغاننى يۆلەش، يولدىن ئازغانلارغا يول كۆرسىتىش قاتارلىقلار دىنىمىزنىڭ ئەمىر ـ پەرمانى بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى هېسابلىنىدۇ.

چوڭلارنى هۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىمىز ۋە ياشتا بىزدىن چوڭ بولغانلارنى هۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى، يېتىم ـ يېسىرلارنى، كۈچسىز ـ ئاجىزلارنى ئىززەتلەش، ئۇلارغا ياردەم قىلىش قاتارلىقلار مۇھىم بولغان بىر ئەخلاقى ئۆلچەم بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىشلارنىڭ مۇھىملىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«چوڭلارنى هۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلەرنى ئىززەتلىمىگەن بىزدىن ئەمەستۇر.»[124]

123. «رىيازۇس ـ سالىھىن»، 3 ـ جىلد، 148 ـ بەت.
124. «تاللانغان هەدىسلەر»، 218 ـ بەت.

**3) سالام ـ سائەت قىلىش:**

مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، سالام ـ سائەت قىلىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. سالام بېرىش سۈننەت بولۇپ، سالامنى ئىلىك ئېلىش پەرزدۇر. ئاۋۋال كىچىك چوڭغا، ماڭغان ئولتۇرغانغا سالام بېرىدۇ. سالام ـ سائەت قىلىش مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە چىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ.

**4) يامانلىشىپ (خاپا بولۇشۇپ) قالماسلىق:**

مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مەيلى نېمە سەۋەبتىن بولسا بولسۇن، يامانلىشىپ قىلىش بولۇپ قالسا، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلا ئەپلىشىپ قېلىشى كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز: «بىر مۇسۇلماننىڭ باشقا دىنىي قېرىندىشى بىلەن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق يامانلىشىپ تۇرۇشى ھالال ئەمەس.»[125] دېيىش ئارقىلىق خاپا بولۇشۇپ قىلىشنىڭ يامان بىر ئادەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. پەيغەمبىرىمىز ئۇزۇن مۇددەت يامانلىشىپ تۇرغانلارنىڭ چوڭ گۇناھ سادىر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشى بىلەن بىر يىل يامانلىشىپ تۇرسا، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ، قېنىنى تۆككەندەك گۇناھ قىلغان بولىدۇ.»[126]

**5) يامانلىشىپ قالغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش:**

ھەر مۇسۇلمان ئىككى مۇسۇلماننىڭ بىر ـ بىرى بىلەن يامانلىشىپ قالغىنىنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش مەسئۇلىيىتى بار. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ.

**«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار.»**[127] (49 ـ سۈرە ھۇجۇراتنىڭ 10 ـ ئايىتى)

پەيغەمبىرىمىزمۇ: «دوستلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، خاپا بولۇشۇپ قالغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويغۇچىلاردۇر.»[128] دەپ، يامانلىشىپ قالغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنىڭ ياخشى بىر ئىش ـ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

**6) دوست ـ بۇرادەرلەرنى يوقلاش:**

مۇسۇلمانلار مۇناسىپ ۋاقىتلاردا يىراق ـ يېقىنلىرىنى، چوڭلارنى، دادىسىنىڭ دوستلىرىنى يوقلىشى كېرەك.

**يوقلىغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك:**

1 ـ يوقلاش ئۈچۈن مۇناسىپ بىر ۋاقىتنى تاللاش.
2 ـ يوقلاش، زىرىكتۈرگىدەك دەرىجىدە كۆپ بولماسلىقى لازىم.
3 ـ يوقلىماقچى بولغان كىشىنى ئالدىنئالا خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش كېرەك.
4 ـ كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتلىك، پاكىز بولۇشى كېرەك.

125. «رىيازۇس ـ سالىھىن»، 3 ـ جىلد، 168 ـ بەت.
126. يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ جىلد، 170 ـ بەت.
127. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
128. «تاللانغان ھەدىسلەر»، 237 ـ بەت.

5 ـ رۇخسەتنى ئالماي تۇرۇپ، بىرسىنىڭ ئۆيىگە ياكى ھوجرىسىغا كىرمەسلىك لازىم.

1) **مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىش**

مېھمانلارنى ھۆرمەت بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىش، دىنىمىز تەرغىپ قىلغان ياخشى ئادەتلەردىن بىرى بولۇپ، مېھماندارلىقنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئورنى بار. تۈركى خەلقلەر تارىختىن بۇيان مېھمانلارغا ياخشى، قىزغىن مۇئامىلە قىلىش بىلەن تونۇلغان بىر مىللەتتۇر.

**مېھمانلارغا قارىتا مەسئۇلىيىتىمىز:**

1- مېھماننى كۈلۈمسىرەپ، تاتلىق گەپ ـ سۆزلەر بىلەن كۈتىۋېلىش.

2- ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى ئالدىغا قويۇپ مېھمان قىلىش.

3- مېھماننىڭ يېنىدا خىزمەتچى، باللارنى ئەيىپلىمەسلىك ۋە قاپىقىنى تۈرىۋالماسلىق.

4- مېھمان مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئۇنى ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ئۇزۇتۇپ چىقىش.

2) **چاقىرغان يەرگە بېرىش:**

بىر مۇسۇلمان ئەگەر ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا، دىنىي قېرىندىشىنىڭ تەكلىپ قىلغان يېرىگە بېرىپ داستىخىنىغا داخىل بولۇشى كېرەك. بۇ خىل ئىپادە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈنى كۈچەيتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بىرىڭلارنى دىنىي قېرىندىشىڭلار توي ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بىر زىياپەتكە تەكلىپ قىلسا، بارسۇن.»[129]

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىمىغان. ھەتتا بىر خىزمەتكار تەكلىپ قىلسىمۇ ياندۇرماي مېھمان بولۇپ بارغان.

3) **باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى ئىزدىمەسلىك:**

بىر مۇسۇلمان دىنىي قېرىندىشىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارلاشمايدۇ. كۆرۈپ قالغان كەمچىلىكلىرىنى باشقىلارغا دېمەيدۇ. دىنىي قېرىندىشىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا چۈشۈرمەيدۇ. بايقىغان خاتالىقى بولسا رەنجىتمەي، كۆڭلىگە ئازار بەرمەي مۇۋاپىق گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق تۈزىتىشكە تىرىشىدۇ.

4) **يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىش:**

گۈزەل ئەخلاقلىق بىر كىشى ئۆزىگە قىلىنغان يامانلىقلارنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئۇ يەنە كەچۈرۈم قىلىپلا قالماي، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىدۇ. بۇ ئىش ـ ھەرىكەت، ئەخلاقتا يېتىشكەن بىر مۇسۇلماننىڭ مۇئامىلىسىدۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «ئۈچ خۇلۇق كىمدە بولسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى مەرھەمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.» ، دېدى.

129. «جامىئۇس ـ ساغىر».

- ئۇ خۇلۇقلار قايسىلار؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:
- ساڭا بەرمىگەنگە، سەن بەرگىن،
- سېنى يوقلاپ كەلمىگەنگە، سەن يوقلاپ بارغىن،
- ساڭا زۇلۇم قىلسا، سەن ئەپۇ قىلغىن.»[130]

5) **ئاغرىق ـ سىلاقلارنى يوقلاش:**

مۇسۇلمان كېسەل بولۇپ قالغان دىنىي قېرىندىشىنى يوقلىشى، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى، كېسەلنى رەنجىتىدىغان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتلەردە بولماسلىقى لازىم.

6) **نەزىر ـ چىراقىا قاتنىشىش:**

ۋاپات بولغان بىر دىنىي قېرىندىشىنىڭ مېيىت (مېيىت) نامىزىغا قاتنىشىپ، ئۇنى قەبرىگىچە ئۇزۇتۇپ بېرىش، دىنىي قېرىندىشى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا ـ قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ھاياتى بىلەن خوشلىشىپ، ئاخىرەت ھاياتىغا سەپەر قىلغان دىنىي قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.

7) **دىنىي قېرىندىشىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش:**

مۇسۇلمان دىنىي قېرىنداشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆزى ئۈچۈن ئارزۇ قىلغان ياخشى نەرسىلەرنىمۇ دىنىي قېرىندىشى ئۈچۈن ئارزۇ قىلىشى، ئۆزى ياخشى كۆرمىگەننى باشقىلار ئۈچۈنمۇ مۇۋاپىق كۆرمەسلىكى كېرەك.

گۈزەل ئەخلاقتا يېتىشكەن مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك مۇسۇلمانلىق ئۆلچەملىرى يۇقارقىلاردىن ئىبارەت.

**ھايۋانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز**

دىنىمىز ھايۋانلارغا قارىتا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىغان. ئۇلارغا زۇلۇم قىلماسلىق، مەرھەمەت كۆرسىتىش بىزنىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

پەيغەمبىرىمىز بىر مۈشۈككە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلغان بىر ئايال ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

- بىر ئايال بىر مۈشۈكنى سولاپ قويۇپ، مۈشۈككە يېمەك ـ ئىچمەك بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي مۈشۈكنىڭ ئۆز يېمىكنى ئىزدەپ تېپىشى ئۈچۈن سىرتقىمۇ قويۇپ بەرمىدى. ئۇ مۈشۈك بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سولاپ قويۇلغان يەردە ئاچلىقتىن ئۆلدى. بۇ ئايال شۇ سەۋەبتىن جازاغا تارتىلىپ، جەھەننەمدىن ئورۇن ئالدى[131].

بىر ئىنتقا مەرھەمەت كۆرسەتكەن بىر ئادەم ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

- بىر كۈنى بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ ناھايىتى ئۇسساپ كېتىپتۇ ـ دە، مىڭ تەسلىكتە بىر قۇدۇقنى تېپىپ، ئىچىگە چۈشۈپ، سۇ ئىچىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئارىلىقتا، بىر ئىت تىلىنى

130. «تاللانغان ھەدىسلەر»، 211 ـ بەت.
131. «رىيازۇس ـ سالىھىن»، 3 ـ جىلد، 174 ـ بەت.

ساڭگىلىتىپ، تەستە نەپەس ئېلىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن يەرنى يالىغلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇ كىشى: «بۇ ئىتمۇ مەندەكلا ئۇسساپ كېتىپتۇ» دەپتۇ-دە، دەرھال قۇدۇققا چۈشۈپ، مەسىسىگە سۇ تولدۇرۇپ، ئۇنى چىشلەپ تۇرۇپ قۇدۇقتىن چىقىپتۇ ۋە ئىتقا سۇنى ئىچكۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەغپىرەت قىپتۇ. ساھابىلەر:

" ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلىپمۇ ساۋابقا ئېرىشەلەمدۇق؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز:

- ھەر قانداق جانلىققا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ."[132] دەپ جاۋاب بەردى.

**ئوقۇشلۇق:**

**كۆزىمىزنى نەملىگەن، بىر قېرىنداشلىق كارتىنىسى**

مۇسۇلمانلار بىلەن ۋىزانتىيەلىكلەر (رۇملار) ئوتتۇرىسىدا بولغان يەرمۇق ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھۇزەيفەتۇل ئەدەۋى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، تاغامنىڭ بالىسىنى جەڭ مەيدانىدا ئىزلەشكە باشلىدىم. ئۇنى ئېغىر يارىلانغان ھالدا كۆردۈم-دە، دەرھال يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئازراق سۇ بېرىشنى ئويلاپ، ئەمدىلا ئىچكۈزەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ياندىكى بىر يارىدارنىڭ ئېڭىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تاغامنىڭ ئوغلى سۇنى ئىچكىلى ئۇنۇمىدى، ئاۋۋال ئېڭىرىغان يارىدارغا ئىچكۈزگىن دەپ ئىشارەت قىلدى. مەن سۇنى ئېڭىرىغان يارىدارنىڭ قىشىغا ئاپاردىم، ئۇ ئاسنىڭ ئوغلى ھىشام ئىدى. ئۇنىڭغا ئىچكۈزەي دەپ تۇرۇشۇمغا، يەنە بىر يارىدارنىڭ ئېڭىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھىشاممۇ سۇنى ئىچمەي، ئېڭىرىغان يارىدارغا ئاپىرىپ ئىچكۈزۈشۈمنى ئىشارەت قىلدى. مەن سۇنى ئۇنىڭغا ئاپاردىم. قارىسام، ئۇ شېھىت بوپتۇ. ھىشامنىڭ يېنىغا قايتىپ بارسام ئۇمۇ جان ئۈزۈپتۇ. ئەمدى تاغامنىڭ ئوغلىغا ئىچكۈزەي دەپ، ئۇنىڭ يېنىغا بارسام، ئەپسۇس ئۇمۇ شېھىت بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېچبىرىگە سۇ ئىچكۈزۈش نېسىپ بولمىدى.

بۇ نېمە دېگەن ئالىيجاناپلىق، نېمە دېگەن پىداكارلىق-ھە! مانا بۇ ئاخىرقى تېنىقىدىمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ئىبارەت نەپسىدىن ۋاز كېچىپ، دىنىي قېرىندىشىغا ئۆزىدىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلگەن، بىر گۈزەل ئەخلاقنىڭ نامايەندىسى[133].

**ئىسلام ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ ياشىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدىلىكى**

ياخشى بىر مۇسۇلمان:

1) ئىماننىڭ ئاساسلىرىغا شەك-شۈبھىسىز ئىشىنىدۇ ۋە ئېتىقادىنى تىلى بىلەنمۇ ئىپادىلەيدۇ.

---

132. «رىيازۇس-سالىھىن»، 1-جىلد، 161-بەت.

133. ھەمدى ئاكسەكى «ئەسكەرلەر ئۈچۈن دىنىي كىتاب»، 269-بەت.

2) ئىبادەتلىرىنى ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىدەك ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنىدەك بىجانىدىل ئورۇنلايدۇ.

3) دىنىمىز چەكلىگەن ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلىشتەك يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن قاچىدۇ.

4) يالغان سۆزلىمەيدۇ، ساختا گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يالغان قەسەم ئىچمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ ئارقىسىدىن يامان گەپ ـ سۆز قىلمايدۇ.

5) گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە ھېچكىمنى رەنجىتمەيدۇ ۋە ئازار بەرمەيدۇ.

6) ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ.

7) ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلەرنى ئەڭ ياخشى ئىجرا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

8) كىشىلەرنى بىر ـ بىرگە دۈشمەن قىلىدىغان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن قاچىدۇ، يامانلىشىپ قالغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

9) ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىشتىن يىراق تۇرىدۇ، ئۆزى گەپ ـ سۆزىدە تۇرۇپ، توغرا ـ دۇرۇس ھەم سەممىي بولىدۇ.

10) ياخشى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق كىشىلەر بىلەن دوست بولىدۇ، ئەسكىلەر بىلەن ئارىلاشمايدۇ ھەم ئولتۇرۇپ قوپمايدۇ.

11) ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇلارنى ئازاپلايدىغان، كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلمايدۇ.

12) كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. خولۇم ـ خوشنىلىرىنى رەنجىتمەيدۇ، قولىدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىلىدۇ.

13) بىرسىگە ناھەقچىلىق قىلىپ سالسا، دەرھال ئۆزرە تىلەپ، ھەققىنى قايتۇرىدۇ، ئاندىن ئاللاھتىن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيدۇ.

14) ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلاردىن ئۆچ ئالمايدۇ، ناھەقچىلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىدۇ.

15) ھالال يولدا ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك دۇنيالىقى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ ئىبادىتىنى تاشلىمايدۇ.

16) ھەممە كىشىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، بولۇپمۇ پېقىر، يوقسۇل ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قىلىدۇ.

17) زۆرۈر تېپىلغاندا ئاللاھ يولىدا ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەر قانداق پىداكارلىقتىن يانمايدۇ.

18) ھېچكىمنى مەسخىرە قىلىپ، تۆۋەن كۆرمەيدۇ، ھەممە كىشى بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ، كىچىك پېئىل، كەمتەر بولىدۇ.

19) پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك يېقىن كۆرىدۇ.

20) دۇچ كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئۈمىدسىزلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيدۇ، سەۋر ـ تاقەتلىك بولىدۇ.

**دۇئا**

ئۇلۇغ تەڭرىم، شۇ قاراڭغۇ يوللارنى،
بىزنى ساڭا يەتكۈزىدىغان يوللار قىل.
ھاۋايى-ھەۋەس بىلەن قۇلۇپلانغان قوللارنى،
بىر-بىرىنى قۇچاقلىغان قوللار قىل.

مۇھەببىتىڭ كۆڭلىمىزدە تېز بولسۇن،
كۈتكەن ھەققە تۇتاشقان ئىز بولسۇن.
ئالدىمىزدا ئەگىر-توقاي تۈز بولسۇن،
ماڭغان تىكەنلىك يوللار، گۈل بولسۇن.

خاتا يولدا، تاشلاپ قويۇپ ئىنساننى،
قىلما جاھاننىڭ ئەك ۋەھشى ھايۋانى.
ئۇنۇتتۇرما، توغرىلىقنى، ۋىجداننى،
ئاتا قىلغىن، باغۇ-بوستان جەننەتنى.

-ئورخان سەيفى ئورخون

**ئىسلامدا چەكلەنگەن ئىشلار**

دىنىمىزدا قىلىنىشى چەكلەنگەن ئىشلار «ھارام» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدا، بىز ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ھېكمەت ۋە پايدىلار بولغىنىدەك، چەكلىگەن نەرسىلىرىدىمۇ دۇنيا-ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن زىيانلىق نەرسىلەر بار. ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلىپ كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن زىيانلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشىمىزنى بۇيرىغان. ھارام ئىشلارنى قىلغانلار ئاللاھقا ئىتائەتسىزلىك ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ. ھارام ئىش قىلغانلار ئۇ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ.

ھاراملارنىڭ زىيان-زەخمىتىدىن قۇتۇلۇش ۋە جازاغا مەھكۇم بولماسلىق ئۈچۈن، دىنىمىز چەكلىگەن نەرسىلەرنى بىلىشىمىز ۋە ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك.

**قىلىنىشى چەكلەنگەن (ھارام) ئىشلار**

1) ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە قارشى ھالدا ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش.
2) ئاتا-ئانىغا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلماسلىق.
3) ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش.
4) باشقىلارنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئار-نومۇسىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش.
5) مەس قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش، ئەپيون، نەشە، خېروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش.
6) قىمار ئويناش، جازانىخورلۇق قىلىش، ئۆسۈم بىلەن پۇل ئېلىش ۋە بېرىش.

7) ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، سودا ـ سېتىقتا ساختىپەزلىك قىلىش.
8) ئۆلۈك هايۋانلار، توڭگۇز گۆشى، يېيىش هارام قىلىنغان هايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىش.
9) يالغان سۆزلەش، يالغان ۋەدە قىلىش، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىش، بوهتان چاپلاش، ساختا گۇۋاهچى بولۇش، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش، ناچار لەقەم قويۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق قاتارلىقلار.
10) ھەسەت قىلىش، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىدىن قىزغىنىش، يامانلىق تىلەش، يامانلىشىپ قېلىش.
11) مەسئۇلىيەتتىن قېچىش، ۋەتەنگە ساتقۇنلۇق قىلىش.
12) كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، گەپ ـ سۆز توشۇپ زىددىيەت پەيدا قىلىش.
13) ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىش، ئۆزىنى چوڭ كۆرۈپ، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش.
14) ياخشى بىلمىگەن بىر ئىش ئۈستىدە هۆكۈم چىقىرىش.
15) ئەسكى ئادەملەر بىلەن دوست بولۇش.
16) سېھىرگەرلىك قىلىش، سېھىرگەرلەرنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىش.
17) مال ـ دۇنيا، پۇل ـ پۇچەكلىرىنى بىهۇدە ئىسراپ قىلىش ياكى پۇتۇنلەي بېخىل بولۇۋېلىش.
18) باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بۆسۈپ كىرىش، رۇخسەتسىز هالدا باشقىلارنىڭ ئۆيى ۋە هوجرىسىغا كېرىش.
19) ئىبادەت ۋە قىلغان ياخشىلىقنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن قىلىش.
20) باشقىلارنىڭ ئەيىپ ـ نوقسان ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئىزدەش.
21) ناھەقچىلىك قىلىپ، يامانغا يانتاياق بولۇش.
22) ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتنى قوغدىماي، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىش.

**ئوقۇشلۇق**

**ئىنسانلارغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئاپەت هاراق بىلەن خىروئىن**

دىنىمىز ئىنسانلارنىڭ سالامەت بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، بەدەن ۋە روھىمىزغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى چەكلەيدۇ.

شۇنداق تۇرۇقلۇق، يۇرتىمىزدا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىۋاتقانلار ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىۋاتقانلار سانىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ بېرىشى ھەممىمىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇشى كېرەك. ئىسلام چەكلىگەن پۈتكۈل مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى پەيغەمبىرىمىز: «پۈتكۈل يامانلىقلارنىڭ ئانىسى بولغان هاراقتىن ساقلىنىڭ!»[134]

134. «كەشفۇل هافا»، 1 ـ جىلد، 382 ـ بەت.

ۋە «ھاراق ئىچىشتىن ساقلىنىڭ، چۈنكى ئۇ پۈتكۈل يامانلىقلارنىڭ ئاچقۇچى!»[135] دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدا ناھايىتى ئوچۇق نامايەن قىلغان.

ھەقىقەتەن، مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەر، زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئىنسان بەدىنىنىڭ باشقۇرۇش مەركىزى بولغان مېڭىدە سەلبى تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپ، ئەقىل ۋە تەپەككۇرنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، ئىنساننى ھوش-كاللىسى جايىدا بولمىغان بىر شەكىلدە، بەزىدە كۆلكىلىك ۋە بەزىدە ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، بەدىنىنى ۋەيران قىلىپ ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز بەدىنىنى ئۆز قولى بىلەن ۋەيران قىلىشى، بولۇپمۇ ئۇنى باشقا جانلىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ۋە تاللانغان بىر مەرتىۋىگە ئىگە قىلغان ئەقىل-ئىدراك ئۇسكۇنىلىرىنى ئىشلىمەس بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشى، نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق-ھە! ھاراق سەممىي دوستلاردىن بولۇپ، شېرەلەردە ئولتۇرغانلارنى بىر-بىرىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرىدىغان، ئۇرۇپ يارىدار قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، بەزىسىنى مازارغا يەنە بەزىسىنى سولاقخانىغا يوللايدۇ. نۇرغۇنلىغان قاتناش ۋەقەسىگە سەۋەپ بولىدۇ، ئاقىۋەتتە، قانچىلىغان كىشىلەرنى تۇيۇقسىز بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا ۋاقىتسىز ئۇ دۇنياغا يولغا سالغان بالا ئاشۇ ھاراق ئەمەسمۇ!؟

ئاللاھتائالا: «**ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار.**»[136] (5-سۈرە مائىدەنىڭ 90-ئايىتى) دېيىش ئارقىلىق، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش قاتارلىقلارنى چەكلىگەن. ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن بىر يولى، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. پەيغەمبىرىمىزمۇ: «مەست قىلغۇچى ھەر قانداق ئىچىملىك ھارام.»[137]، «ئاز ياكى كۆپ مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنىڭ ھەممىسى ھارام.»[138] دېگەن ھەدىس-شەرىفلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يامان خۇماردىن يىراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

ئىنساننىڭ ئەقلى تەكپۈكلۈقى، نېرۋا سىستېمىسىنى بۇزۇپ، بەدىنىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى مۇتلەق بىر ئۆلۈمگە ئېلىپ ماڭىدىغان زەھەرلىك چېكىملىكلەر ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىشىمىز لازىم. ئىسلام ئىشلىتىش ۋە ياساپ سېتىشنى چەكلىگەن بۇ زەھەرلىك چېكىملىكلەر ھەققىدە ھەممە كىشىنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ پايدىلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىنىشى زۆرۈردۇر. ياشلار زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچى ۋە يامان نىيەتلىك دوستلىرىنىڭ تۇزىقىغا چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ھەممە ئادەم بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك.

135. «جامىئۇس-ساغىر».
136. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
137. بۇخارى، «ئەشرىبە»
138. «جامىئۇس-ساغىر»

«بىر قېتىم چەككەنگە بىر نەرسە بولمايدۇ» دېگەن چۈشەنچە بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە باشلىغانلارنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى ناھايىتى قىيىن. چۈنكى بۇ زەھەرنى سىناپ بېقىش دېگەنلىكتۇر. زەھەر پەقەت بىرلا قېتىم سىنىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىمى يوق. بەلكى بىرىنچى قېتىملا ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىششى مۇمكىن. زەھەرلىك چېكىملىكمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، سىناپ بېقىشقا قەتئىي بولمايدۇ. زەھەرلىك چېكىملىكنى چېكىشنى باشلىغان كىشى بارسا كەلمەس يولغا ماڭغان كىشىدۇر. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ، ئەسلىگە كېلىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، يولنىڭ ئاخىرىدا پەقەتلا ئۆلۈم بار.

ئۇنداقتا بالا-چاقىمىزغا ئىگە بولۇشىمىز، ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن دوست بولۇپ، كىملەر بىلەن ئولتۇرۇپ-قوپقانلىقىنى ۋە نەلەردە لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ تۇرىشىمىز كېرەك. بىزنى ئۆمۈر بويى بالا بىلەن ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەتكە مۇپتىلا قىلغۇچى، بۇ بالايى-ئاپەتتىن ئۇلارنى قوغدىشىمىز كېرەك!

«مېنىڭ بالام ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ» دېمەيلى، بالىمىز ئىنتايىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز. ئەمما بالىلىرىڭىزغا قورۇلغان تۇزاقلاردىن خەۋەردار بولماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئەڭ سۆيۈملۈك ئوماق قوزىلىرىڭىز، ئالۋاستىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىك كۆزلىرى ۋە نەيرەڭلىك تۇزاقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى قانداقمۇ تەخمىن قىلالايسىز؟ تەخمىن قىلالمىغانلىقىمىزدىن بۇ ھەقتە ناھايىتى ھوشيار ۋە تەدبىرلىك بولۇشىمىز كېرەك.

ياشلىرىمىزنى زەھەرلەپ ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، مىللىتىمىزنى ئىچىدىن يوق قىلىش ۋە شۇنىڭ بىلەن كېلەچەكنىڭ كۈچلۈك ئۇيغۇر دىيارىنى ياش ۋە جاسارەتلىك ئىنسان كۈچىدىن مەھرۇم قىلىشنى پىلانلىغانلار ناھايىتى ھىيلىگەر ۋە رەھىمسىز كىشىلەردۇر، بۇ ھىيلىگەرلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. ئەۋلاتلىرىمىزنى زەھەرلەپ، روھىي ۋە جىسمانىي مەجرۇھ بولغان ئەۋلاتلار بىلەن كەلگۈسىمىزنى قاراڭغۇلاشتۇرۇشنى ئويلىغان دۈشمەن ئۇيۇنلىرىغا قارشى پۈتكۈل مىللەت ئالاھىدە سەزگۈر بولۇشى، ياشلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇلىۋاتقان تۇزاقلارغا قارشى مۇستەھكەم تەدبىر ئېلىشىمىز كېرەك.

ئۆتنۈملۈك ۋە تەسىر كۈچى چوڭ بولغان تەدبىرلەر ئېلىنمىسا مىللىتىمىز، بولۇپمۇ ياشلىرىمىز ھىيلە-مىكىرلىك ۋە قۇرقۇنۇچلۇق بىر خەتەر بىلەن ئۇچرىششى مۇمكىن. شۇڭا ئەمدىلا تۇتۇشۇشقا باشلىغان بۇ ئوت، توسۇپ بولالمىغدەك ئوت يالقۇنىغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن ئۆچۈرۈلىشى كېرەك.

زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئۆزىنى قاراپ تۇرۇپ تىك ياردىن يەرگە ئېتىش، بىلىپ تۇرۇپ قەستەن ئۆلۈش دېگەنلىكتۇر. زەھەرلىك چېكىملىك شۇنداق بىر تۇزاقكى، ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان كىشىنىڭ قۇتۇلۇشى ناھايىتى قىيىن بولۇپ، قۇتۇلۇشمۇ دەرھاللا بولىدىغان بىر ئىش ئەمەستۇر.

بىز كەلگۈسىنىڭ دەسمايىسى بولغان ياشلىرىمىزنىڭ سەزگۈرلىكىگە ئىشىنىمىز. ئۇلارنىڭ بۇ تۇزاقلارغا چۈشمەيدىغان دەرىجىدە ئېتىقادلىق ۋە ساغلام ئىرادە ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز.

شۇڭا بۇ تۈزاققا چۈشكەنلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنى كۆرگىنىمىزدە ئىچىمىز سىيرىلىپ، يۈرىكىمىز كاۋاپتەك كۆيۈپ پۇچىلىنىدۇ.

شۇڭا زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ خەتىرىگە قارشى مىللەت بويىچە سەزگۈر بولۇشىمىزنىڭ كېرەكلىكىنى، يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىپ تەكىتلىشىمىز كېرەككى:

ئەڭ ياخشى تەدبىر، بۇ قورقۇنچلۇق تۈزاققا يېقىنلاشماسلىق، بۇ رەھىمسىز ھايۋانلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشمەسلىك. بۇ بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن بىر يولى ۋە قەتئىي چارىسى ئۇنىڭغا ھېچ يېقىنلاشماسلىق. بۇنى ھەرگىزمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

كۆزىمىزنىڭ نۇرى بولغان ياشلىرىمىزغا شۇنى خىتاپ قىلىمىز:

سۆيۈملۈك ياشلار!

ئۆزۈڭلارنى ئويلاڭلار.

كېلىچەكڭلارنى ئويلاڭلار.

ئالدىڭلاردا گۈزەل بىر كېلەچەك بار.

ھاياتىڭلارنىڭ باھارىدا، ئۆزۈڭلارنى خاراب قىلماڭلار.

سىلەردىن ھېچ بىر پىداكارلىقنى ئايىمىغان ئائىلەڭلارنى ئويلاڭلار.

ئۆلۈمدىن كېيىنكى، ئىككىنچى ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئويلاڭلار.

سىلەردىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىۋاتقان مىللىتىڭلارنى ئازاپلىماڭلار.

چوقۇم بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سېلىڭلار!

شۇنى بىرلىكتە جاكالايلىكى:

«ئۆلۈم تۇزىقى بولغان زەھەرلىك چېكىملىككە قەتئىي ياق!» دەيمىز.

**سوئاللار:**

1) ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىزنى رەت-تەرتىپى بويىچە ساناپ بېرىڭ.
2) مېھمانغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز قايسىلار؟
3) دوستلارنى يوقلىغاندا، نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟
4) ھايۋانلارغا رەھىمدىل مۇئامىلە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
5) ئىسلام ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسىلار؟
6) ئىسلامدا چەكلەنگەن (ھارام قىلىنغان) ئىشلارنى ساناپ بېرىڭ.

تۆتىنچى بۆلۈم

# تەرجىمىھال

(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى)

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە بالىلىق دەۋرى

بىرىنچى باب

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبىستاننىڭ ئەھۋالى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق دەۋرى
- كەبىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قوغدىلىشى (ئوقۇشلۇق)

### ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبىستاننىڭ ئەھۋالى

ئىسلامدىن بۇرۇن ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشايتتى. ئوقۇش-يېزىشنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلماي، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى.

ھەق-ھوقۇقىنىڭ كۆپ قىسمىدىن مەھرۇم بىر ئايال، مال-مۈلۈكتەك ئېلىپ-سېتىلاتتى. قىز بوۋاقلارنى تىرىك ھالدا تۇپراققا كۆمۈش بولسا ئۆرپ-ئادەت ھالىتىگە كەلگەن بولۇپ، يۈرەكلەرنى ئېزىدىغان بۇ ئەھۋالغا ھېچكىم گەپ قىلالمايتتى.

بىر ئىلاھلىق ئېتىقاد ئۇنتۇلۇپ، ئىنسانلار ئۆزى ياسىغان بۇتلارغا ئېتىقاد قىلاتتى. كەبىنىڭ ئىچىدە 360 دىن ئارتۇق بۇت بار ئىدى. كەبە ئەينى ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش ئۈچۈن ياسالغانىدى. ھەر بىر ئۆيدە بىردىن بۇت بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھاراق-شاراپ، قىمار قاتارلىق ھەر خىل ئەخلاقسىزلىقلار جەمئىيەتنى قاپلاپ، ئىنساپ ۋە مەرھەمەت ھېس-تۇيغۇسى سۇسلاشقان ئىدى. دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى بولسا تېخىمۇ ناچار ئىدى.

زۇلمەت ئىچىدە قالغان ئىنسانلارنى بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرىدىغان، ئىنسانلارغا دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە ناھايىتى ئېھتىياجى بار ئىدى.

### مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھتۇر. ئابدۇللاھنىڭ دادىسى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىم جەمەتىدىن مەككىنىڭ مۆھتىرەم (مۆتىۋەر)لىرىدىن بولغان ئابدۇلمۇتتەلىب ئىدى. ئانىسى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ زۆھرە جەمەتىدىن ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنەدۇر. دادا ۋە ئانا تەرەپ پاكىز، شەرەپلىك بىر ئائىلىگە مەنسۇپ بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 571-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنىگە توغرا كەلگەن رەبىيۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12-كۈنى دۈشەنبە كېچىسى تاڭ يورۇشقا يېقىن مەككىدە دۇنياغا كەلدى.

تەبىئەتنىڭ ئەڭ جەلپكار، ئەڭ نۇرلۇق بىر كېچىسى!
بۇ كېچە تۇغۇلدۇ، تۇغۇلغانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى!

تاغۇ-تاشلار، دەل-دەرەخ... تىكلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن!
ھۆرمەت بىلەن دۇرۇت ۋە سالام بەرمەك ئۈچۈن!

ئاسمان-زېمىن گۇۋاھتۇر، تۇغۇلمىغان ھېچ بىر ئوخششى!
كۆز ئاچتى دۇنياغا بۇ كېچە، ياراتقۇچىنىڭ بىر نۇرى!

- م.ئاسىم كۆكسال

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۈنى سەھەر دۇنيا نۇرغا تولدى. دادىسى ئابدۇللاھ پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلۇشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن ۋاپات بولغاچقا، ئوغلىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى.

ئامىنە بۇنداق نۇرغا تولغان بىر ئوغۇلنى دۇنياغا كەلتۈرگەنلىگى ئۈچۈن چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ چوڭ بىر زىياپەت بېرىپ، سۆيۈملۈك نەۋرىسىگە مۇھەممەد ئىسمىنى قويدى.

- نەۋرەڭگە نېمە ئىسىم قويدۇڭ؟ - دەپ سورىغانلارغا:
- مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويدۇم، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلار:

- ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە بۇنداق بىر ئىسمى بولغان بىرسى يوقتى. بۇ ئىسمنى قويۇشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ - دەپ سورىغاندا، ئابدۇلمۇتتەلىب:

-مەن ئويلايمەنكى، ئۇنى كۆكتە ئاللاھ، زېمىندا خەلق ياخشى كۆرگەي! - دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان كېچىسى دۇنيادا كۆپلىگەن ئاجايىپ ئىشلار يۈز بەردى. ئۇ كۈنى كېچە ئىران ھۆكۈمدارى كىسرانىڭ ئوردىسىدىكى 14 تۈۋرۈك ئۆرۈلدى، ساۋا كۆلى قۇرۇپ كەتتى، مىڭ يىلدىن بېرى ئاتەشپەرەسلەر چوقۇنۇپ كەلگەن ئاتەشلەر بىر-بىرلەپ ئۆچتى. بۇ ۋەقەلەر كەلگۈسىدە ئىران سەلتەنەتىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقى، ۋىزانتىيە ئىمپېراتۇرلۇقى ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ يوقىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن شۇنداق بولدى.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق ۋاقتى**

مەككىدىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ بىر ئادىتى بار بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنى مەككە ئەتراپىدا ياشايدىغان قەبىلىلەردىكى ئېنىكئانىلارغا بېرەتتى. چۈنكى مەككىنىڭ ھاۋاسى ناچار ۋە ئىسسىق بولۇپ، بالىلارغا ماس كەلمەيتتى.

پەيغەمبىرىمىزنى ئانىسى ئامىنە ئۈچ كۈن، سۇۋەيبە ئىككى كۈن ئەمدۈردى. كېيىنرەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سەئىد قەبىلىسىدىن بولغان ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئېنىكئانىغا باققىلى بەردى. ھەلىمە پەيغەمبىرىمىزنى ئۆزىنىڭ بالىسىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆردى، ئۇنى شامالدىنمۇ قوغدىدى. ھەلىمەنىڭ كىچىك قىزى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈت قېرىندىشى بولغان فىئەيمامۇ ئۇنى ياخشى كۆردى، دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينىدى. بۇ يېتىم بالا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئېلىپ كەلدى. ھەلىمەنىڭ يولدىشى بىر كۈنى مۇنداق دېدى:

«ھەلىمە بۇ بالىنىڭ ئايىغى بىزگە بەك ياراشتى. ئۇ ئائىلىمىزگە ئاياق باسقاندىن بۇيان، ئۇلاغلىرىمىزنىڭ سۈتى ۋە يېغى كۆپەيدى. ئۆيىمىزگە بەرىكەت ياغدى. قول ـ ئىلكىمىزدە بولدى. مەن بۇ بالىنى باشقىچىرەك ھېس قىلىۋاتىمەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئائىلىدە بەش يىل تۇرغاندىن كېيىن مەككىدىكى ئائىلىسىگە ئېلىپ كېلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ مەدىنىدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار ئىدى. ئۇلارنى يوقلاش، ھەم ئوغلىغا دادىسى ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئامىنە ئوغلى مۇھەممەد بىلەن بىللە مەدىنىگە باردى. مەدىنىدە بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدى. ئامىنە بالىسى ۋە خىزمەتكارى ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن بىرلىكتە مەككىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققتى. كەچكە يېقىن ئەبۋا دېگەن يېزىغا يېتىپ كېلىپ، كېچىنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزدى.

ئامىنە ئۇ يەردە كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇ بېشىدا قاراپ ئولتۇرغان يالغۇز ئوغلىنى سۆيگۈ بىلەن قۇچاقلاپ سۆيدى، ھەسرەت بىلەن باغرىغا بېسىپ قايغۇردى. ئامىنە ۋاپات بولىدىغانلىقى ۋە ئوغلىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دۇنيا كۆزى بىلەن قايتا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمايدىغان ئوغلىنىڭ يۈزىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

«ھەر قانداق يېڭى نەرسە كونىرايدۇ ھەم يوقۇلىدۇ. مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىمەن. لېكىن غەم قىلمايمەن. چۈنكى پاك بىر ئوغۇل تۇغدۇم. دۇنياغا ئۇلۇغ، ياخشى بىر مەۋجۇدات قالدۇرۇپ كېتىدىغان بولدۇم.»

بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا ئامىنە كۆزلىرىنى مەڭگۈلۈك يۇمدى. ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياشتا ئىدى. ئۇممۇ ئەيمەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ مەككىگە قايتتى.

ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ ئۆز يېنىغا ئالدى. ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا، نەۋرىسىنى ئەبۇ تالىپقا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى قاراشنى ۋەسىيەت قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبىرىمىز سەككىز ياشتا ئىدى.

ئەبۇ تالىب ۋە ئائىلىسى پاتىمە ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى قارىدى، ئۇنى ئۆز پەرزەنتلىرىدەك سۆيۈپ ياخشى كۆردى.

**ئوقۇشلۇق:**

**كەبىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قوغدىلىشى...**

كەبە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش مەقسىتىدە ياسالغان تۇنجى ئىبادەتخانا بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بىنا قىلىندى. ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرىدىكى كەبە تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ساقلاپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى.

ئىسلامدىن بۇرۇن كەبە بۇتقا چوقۇنىدىغان ئەرەبلەر تەرىپىدىن بۇتلار بىلەن تولدۇرۇلۇپ، ياسىلىش مەقسىتىنىڭ سىرتىدا قوللىنىلغانىدى. 630 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىنى فەتھ قىلىشى بىلەن تەڭ كەبىدىكى بۇتلار چېقىپ تاشلاندى.

ئىسلامدىن بۇرۇنقى مەككە ئەرەبلەرنىڭ سودا ـ تىجارەت مەركىزى بولۇپ، ھەر يىلى نۇرغۇن كىشىلەر كەبىنى زىيارەت قىلىشقا مەككىگە كېلەتتى.

ھەبەشىستاننىڭ يەمەندىكى ۋالىسى ئەبرەھە توپ ـ توپ بولۇپ كەبىنى زىيارەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ئۆز دۆلىتىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن سەنئا شەھرىگە چوڭ بىر چىركاۋ سالدى. لېكىن كىشىلەر كەبىنى تاشلاپ ئۇيەرگە بارمىدى. ئۇ سەۋەبتىن ئەبرەھە كەبىنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى قارار قىلىپ، پىللار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مەككە ئەتراپىغا يېقىنلاشتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا ناھايىتى كۆپ پىللار سەپ بولۇپ تىزىلدى.

مەككىلىكلەرنىڭ بۇنداق زور قوشۇنغا تەڭ كېلىدىغان كۈچى يوق ئىدى. ئەبرەھەنىڭ ئادەملىرى ئەرەبلەرگە تەۋە بولغان مال ـ ۋارانلارنى بۇلاپ، ئەبرەھەنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. بۇلاپ ئەكەلگەن ماللارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭمۇ 100 تۆگىسى بار ئىدى. مەككە خەلقى ئىچىدىن بىر ھەيئەت تەيىنلەپ، ئەبرەھەنىڭ يېنىغا مال ـ ۋارانلىرىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن باردى، ھەيئەت ئىچىدە ئابدۇلمۇتتەلىپمۇ بار ئىدى. ئەبرەھە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئابدۇلمۇتتەلىپ تۆگىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى دېدى. ئەبرەھە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

«مەن سىلەرنى كەبىنى ۋەيران قىلماسلىقىم ئۈچۈن يالۋۇرۇپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما سىلەر تۆگەڭلارنىڭ دەردىدە ئىكەنسىلەر.»

ئابدۇلمۇتتەلىپ ئەبرەھەگە جاۋابەن مۇنداق دېدى:

«مەن تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى، ئۇلارنى قايتۇرىۋالىمەن. كەبىنىڭمۇ ئىگىسى بار، ئۇنى ئىگىسى قوغدايدۇ.»

ئەبرەھە تۆگىلەرنى ئابدۇلمۇتتەلىپكە قايتۇرۇپ بېرىپ، كەبىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتتى. قوشۇننىڭ ئالدىدا چوڭ بىر پىل بار ئىدى. كەبىگە يېقىنلاشقانچە بۇ پىل بىر قەدەممۇ ئالدىغا ماڭمىدى. پىللار ئارقىغا بۇرۇلغاندا مېڭىپ، كەبە تەرەپكە بۇرۇلغاندا

بىر قەدەممۇ ئىلگىرلىمەي جىم تۇرۇۋالدى. قانچىلىك ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، پىلنى كەبە تەرەپكە قاراپ ماڭغۇزۇش مۇمكىن بولمىدى.

بۇ جەرياندا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. گۇرۇپ ھالىتىدە كەلگەن بىر توپ قۇشلار ھاۋانى قاپلاپ، پىل قوشۇنىنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇ قۇشلارنىڭ ئېغىز ۋە قاماقلىرىدا ئەكەلگەن تاش پارچىلىرى بومبىدەك ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىگە يېغىشقا باشلىدى. تاش تەككەنلا ئەسكەرنىڭ بەدىنى ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك بىر قوشۇن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە تارمار بولدى. كەبە ۋەيران بولۇشتىن ساقلىنىپ قالدى. ئەبرەھە جىنىنى تەستە قۇتۇلدۇرۇپ دۆلىتىگە قايتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلدى. ئابدۇل مۇتتەلىپنىڭ دېگىنىدەك، كەبىنى ئۇنىڭ ئىگىسى ئاللاھ قوغدىدى.

ئىنسانلار قوغدىيالماي قالغان كەبىنى ۋەيران قىلىش ۋە باتىل ئېتىقادىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارزۇسىدا بولغانلارنى ئاللاھتائالا مۇشۇنداق جازالاپ، كەبىنى ۋەيران قىلىشقا يول قويمىدى. چۈنكى يېقىندا ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلەتتى. 571-يىلى مەيدانغا كەلگەن بۇ ۋەقەدىن 50 كۈن كېيىنلا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلدى.

**سوئاللار:**

1) ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبىستاننىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

2) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسمىلىرى نېمە؟

3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەيەردە، قاچان تۇغۇلغان؟ ئېنىكئانىسى كىم؟

4) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كېچە دۇنيادا قانداق ۋەقەلەر يۈز بەردى ۋە ئۇلار نېمىدىن بېشارەت بەردى؟

5) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىسمىنى كىم، نېمە مەقسەتتە قويدى؟

6) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا-ئانىسى قاچان ۋاپات بولدى؟

7) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىملەرنىڭ يېنىدا چوڭ بولدى؟

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىقى ۋە ئۆيلىنىشى

ئىككىنچى باب

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەرلىرى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىجارەت ھاياتى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى ۋە بالىلىرى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى باشلامچىلىق رولى

### مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەرلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىمۇ شام يېنىدىكى بۇسراغا بىللە ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە بەھىرا ئىسىملىك بىر خرىستىئان راھىب بىلەن ئۇچراشتى.

بەھىرا تەۋرات، ئىنجىلدا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئالامەتلىرىنى بۇ ئوغۇل بالىدا بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تالىبقا بۇ بالىنى دەرھال مەككىگە ئېلىپ كېتىشنى، يەھۇدىلارنىڭ ئۇنىڭغا زىيان سېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇ تالىب بەھىرانىڭ بۇ تەكلىپى بويىچە شامغا بېرىشتىن ۋاز كېچىپ، سودا ـ سېتىقنى شۇ يەردىلا پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 17 ياشقا كىرگەندە تاغىسى زۇبەير بىلەن بىرلىكتە يەمەنگە باردى.

### مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىجارەت ھاياتى

قۇرەيش مۆتىۋەرلىرىدىن تۇل، باي بولغان خەدىچە ئىسىمدىكى بىر ئايال بەزىدە كىملەرگىدۇر سەرمايە بېرىپ، ئۆزىنىڭ تىجارىتىگە شېرىك قىلىۋالاتتى. خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ سەرمايە بېرىپ، ئۇنى بىر سودا كارۋىنى بىلەن سۈرىيەگە يولغا سالدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سودىدا توغرا ـ دۇرۇس ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇ باشلامچىلىق قىلغان سودا كارۋىنى ئويلىغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە پايدا ئېلىپ قايتتى. شۇنىڭ بىلەن خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قىلغان شېرىكچىلىكتىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

### مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى ۋە بالىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ مۆتىۋەر ۋە باي ئاياللىرىدىن بىرى بولغان خەدىچە بىلەن ئۆيلەندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ئۇ ۋاقىتتا 25 ياشتا بولۇپ، خەدىچە 40 ياشقا تولغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بەختلىك بىر ئائىلە قۇردى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغۇل، تۆت قىز جەمئىي يەتتە بالىسى دۇنياغا كەلدى. بۇلاردىن ئالتىسىنى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، بىرسىنى مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۇغدى. ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى قاسىم، ئابدۇللاھ ۋە ئىبراھىم ئىدى. قىزلىرى زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇگۇلسۇم ۋە فاتىمە ئىدى. قاسىم بىلەن ئابدۇللاھ پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن، مەككىدە كىچىكلا دۇنيادىن كەتتى. ئىبراھىم بولسا ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە كىچىكلا ۋاپات بولدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىسى چوڭىيىپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولدى. فاتىمەدىن باشقا ئۈچ قىزى پەيغەمبىرىمىزدىن بۇرۇن ۋاپات بولدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن توي قىلغان قىزى فاتىمە بىلەن داۋاملاشتى.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى باشلامچىلىقى**

مەككىلىكلەر بەزى يەرلىرى كەلكۈن سەۋەبىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كەبىنى ئوڭشاشقا باشلىدى. تاملىرى پۈتۈپ، نۆۋەت «ھەجەرۇل-ئەسۋەد» نامىدىكى مۇقەددەس قارا تاشنى تام ئۈستىدىكى يېرىگە قويۇشقا كەلگەندە، بارلىق قەبىلىلەر بۇ شەرەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئادەتتى بويىچە بەسلەشتى. ھەتتا بۇ سەۋەبتىن ئارىسىدا بىر-بىرى بىلەن كېلىشەلمەسلىك، جېدەل-ماجرا چىقىشقا باشلاپ ئىش چوڭىيىشقا باشلىدى. نەتىجىدە بۇ ئىشنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ۋە توغرا-دۇرۇس بولغانلىقىغا ئۆزلىرى بىردەك ئىشەنگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشلامچىلىق قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشىپ، بىردەك قارار بەردى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ھەجەرۇل ئەسۋەد» تېشىنى بىر رەخت ئۈستىگە قويۇپ، رەختنىڭ ھەر بىر ئۇچىنى ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرىغا تۇتقۇزۇپ، تاشنى بىرلىكتە تامنىڭ ئۈستىگە قويدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاشنى مۇبارەك قوللىرى بىلەن تام ئۈستىدىكى ئۆز-جايىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەممە قەبىلىنى رازى ۋە خۇشال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ بىر مەسىلە تىنچ ئۇسۇلدا ھەل بولدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 35 يېشىدا ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنمۇ ناھايىتى سەممىي، توغرا-دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك بولۇشتەك ئەخلاقتا ئىگە ئىدى. بۇ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى خەلق ئارىسىدا «مۇھەممەدۇل ئەمىن»، يەنى «ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دەپ ئاتىلىپ، كىشىلەرنىڭ سۆيگۈسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. پاك، نەمۇنە ھاياتى بىلەن قەۋمى ئىچىدە، پارلاق بىر يۇلتۇزدەك چاقنىدى. ئاللاھتائالا ئۇنى مۇشۇنداق تەربىيلەپ، گۈزەل ئەخلاقى-پەزىلەتكە ئىگە قىلدى. چۈنكى ئاللاھتائالا ئۇنى ئىنسانلارنى نادانلىق، غەپلەت ۋە خاتا يولدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ تاللىغانىدى.

**سوئاللار:**

1) پەيغەمبىرىمىز بالىلىق ۋە يىگىتلىك چېغىدا قەيەرلەرنى ساياھەت قىلدى؟

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىم بىلەن قاچان ئۆيلەندى؟

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچە بالىسى بولدى؟

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى باشلامچىلىق رولىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

5) پەيغەمبىرىمىزنىڭ «مۇھەممەدۇل ئەمىن» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- تۇنجى ۋەھيي (مىلادى 610 ـ يىل)
- فەترەت دەۋرى
- ئىسلام دەۋىتىنىڭ باشلىنىشى
- تۇنجى مۇسۇلمانلار
- ھەبەشىستانغا قىلىنغان تۇنجى ھىجرەت
- ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان پوزىتسىيىسى

**تۇنجى ۋەھيي (مىلادى 610 ـ يىل)**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 40 يېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭدا بەزى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يېنىدا ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى بىللە ئېلىپ، مەككە ئەتراپىغا جايلاشقان ھىرا تېغىدىكى غارغا كىرىپ تۇردى. ئۇ يەردە ئۆزى يالغۇز كۆڭلەرچە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزدى. چۈشىدە نېمە كۆرسە، ئۇ رېئاللىققا ئايلىناتتى. ھېچكىم كۆرەلمىگەن، بىلەلمىگەن نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى، ئوپ ـ ئوچۇق كۆردى. بۇ ئەھۋال ئالتە ئايدەك داۋاملاشتى. ئاللاھتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشۇنداق تەربىيلەش ئارقىلىق ئۇنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەييارلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادى 610 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ بىر يەكشەنبە كېچىسى يەنە ھىرا تېغىدىكى غارغا كىردى، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا سىغىنىپ، ئۇنىڭغا يۈزلەندى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە جىبرائىل ئەلەيھىسسالام كۆزىگە كۆرۈنۈپ:

ـ ئوقۇ ـ دېدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم «ئوقۇ!» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە

ـ مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن، ـ دېدى.

جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئاخىرى ئۈچىنچى قېتىم: «ئوقۇ!» دېگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «نېمىنى ئوقۇيمەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ چاغدا جىبرائىل ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىم ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئورۇن ئالغان تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئوقۇشنى ئېيتتى:

**«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»**

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيي كېلىپ، قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى. كېيىن پەرىشتە غايىپ بولدى. بۇ ئوقۇلغان ئايەتلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەلبىگە يېزىلغاندەكلا، ئۆزىمۇ ئۇلارنى ئوقۇشقا باشلىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇنجى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋەھيي ۋەزىنىنىڭ ئېغىرلىقى، ۋەزىپىسىنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئۆزى ھېس قىلغان زور مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىدە، ئۆيگە ئارانلا قايتىپ كەلدى. بېشىدىن بولۇپ ئۆتكەنلەرنى خەدىچىگە بىرىنمۇ قويماي سۆزلەپ بەردى. خەدىچە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى:

«ياخشى بوپتۇ! چىداملىق بول. ماڭا ھاياتلىق بەرگەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن بۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى بولىسەن، ئاللاھتائالا سېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى سەن ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ھەق-ھوقۇقىغا رىئايە قىلىسەن، سۆز-ھەرىكىتىڭدە توغرا-دۇرۇس ھەم سەممىي سەن، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىسەن، مېھماننى ياخشى كۈتىسەن، پالاكەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىشكە ئالدىرايسەن. ئاللاھتائالا بۇنداق بەندىسىنى ھەرگىزمۇ يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ.»

## فەترەت دەۋرى

ئەلەق سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى بەش ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن ۋەھيي بىر مەزگىل توختاپ قېلىپ، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام كۆرۈنمىدى. ئۇ مەزگىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي نازىل بولۇشى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق قىلىۋېلىشقا بېرىلگەندەكلا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ قايتا نازىل بولۇشىنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇلاپ، ئۇنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تولۇق تەييارلاندى.

جىبرائىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قايتا كۆرۈندى ۋە مۇددەسسىر سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى مۇنداق:

**«ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كېيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)، تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول.»**

شۇنىڭدىن كېيىن ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇشى ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملاشتى، ۋەھيي داۋام قىلىش ئارقىلىق قۇرئان كەرىم 23 يىلدا پۈتۈنلەي نازىل بولۇپ تاماملاندى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، تۇنجى ۋەھيىدىن كېيىن ئۆتكۈنچى بىر ۋاقىت ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇ مەزگىل «ۋەھيىنىڭ فەترەت دەۋرى» دەپ ئاتالدى.

## ئىسلام دەۋىتىنىڭ باشلىنىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى، ئاۋۋال يېقىنلىرىغا ئېيتىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى مەخپىي قىلدى. بۇ ئەھۋال ئۈچ يىلدەك داۋاملاشتى. بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى 30 دىن ئاشتى.

### تۇنجى مۇسۇلمانلار

پەيغەمبىرىمىزگە ئاۋۋال سادىق ئايالى خەدىچە، ئاندىن كېيىن ئەلى، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن قۇل زەيد بىن ھارىس ۋە چوڭلاردىن ئەبۇبەكرى قاتارلىقلار ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

### ھەبەشىستانغا قىلىنغان تۇنجى ھىجرەت

مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلمى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشتى. مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى ئەركىن-ئازادە قىلالمىدى، ئوچۇق-ئاشكارا قۇرئان ئوقۇيالمىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچلىك ۋە بىخەتەر دەپ قارىغان ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكىنىڭ بەشىنچى يىلى 11 ئەر ۋە 4 ئايالدىن تەشكىل تاپقان تۇنجى بىر گۇرۇپپا كىشى مەككىدىن مەخپى يولغا چىقىپ، قىزىل دېڭىز يولى بىلەن ھەبەشىستانغا باردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ئايالى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى رۇقىيەمۇ بار ئىدى. ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار قىزغىن قارشى ئېلىنىپ بىخەتەر ۋە بەختلىك بىر تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

تۇنجى قېتىم ھەبەشىستانغا بارغان مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار 80 كىشىلىك ئىككىنچى بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، بىر يىلدىن كېيىن يەنە ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىپ باردى. ئۇلارغا ئەلىنىڭ قېرىندىشى جاپەرى تەييار باشچىلىق قىلدى.

### ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى

مەككىلىك مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستاندا ھوزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە ياشىشىدىن بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن ھەبەش پادىشاھى نەجاشىغا نۇرغۇن ھەدىيەلەر بىلەن بىللە ئىككى كىشىلىك بىر ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەسلىم قىلىنىپ، قايتۇرۇلىشىنى نەجاشىدىن تەلەپ قىلدى. خىرىستىئان نەجاشى مۇسۇلمانلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئىسلام ھەققىدە مەلۇمات ئالدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۆزلىرىنى تەپسىلى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى ھەقلىق كۆرۈپ، ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ ئۇلارنى تاپشۇرۇپ بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەر قولى بوش ھالدا مەككىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئىشتىن كېيىن نەجاشى مۇسۇلمانلارنى تېخىمۇ ياخشى ھىمايە قىلدى. مۇسۇلمانلار بىلەن ھەبەشىستاننىڭ يەرلىك خەلقلىرىمۇ ياخشى چىقىشىپ ئۆتتى.

**سوئاللار:**

1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيي قانچە يېشىدا، قاچان ۋە قەيەردە نازىل بولدى؟

2) فەترەت دەۋرى دېگەن نېمە؟

3) ئىسلامغا تۇنجى قېتىملىق دەۋەت قانداق باشلاندى؟

4) دەسلەپكى مۇسۇلمانلار كىملەر؟

5) مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا نېمە ئۈچۈن ھىجرەت قىلدى؟

6) مۇسۇلمانلار ھەبەشىستاندا قانداق قارشى ئېلىندى؟

تۆتىنچى باب

# دەۋەتنىڭ ئاشكارا قىلىنىشى

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىشى
- مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلمى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ كۆپ دۈشمەنلىك قىلغانلار
- قۇرەيشنىڭ ئىسلامغا دۈشمەن بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى
- مۇشرىكلارنىڭ ئەبۇ تالىبقا قىلغان ئەرز-شىكايەتلىرى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جاۋابى
- ھەمزە ۋە ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

**ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىشى**

پەيغەمبىرىمىز ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى ئۈچ يىل مەخپىي ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن خەلقنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى:

**"يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن. ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن. ئەگەر خىش - ئەقرىبالىرىڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلسا: «مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن ئادا-جۇدا مەن» دېگىن."**[139] (26-سۈرە شۇئەرانىڭ 214-216-ئايەتلىرى)

**«ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار(نىڭ مەسخىرىلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن.»**[140] (15-سۈرە ھىجرنىڭ 94-ئايىتى)

بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز ئاۋۋال يېقىنلىرىنى ئۆيىگە يىغىپ زىياپەت بەردى. ئاللاھتىن ئالغان ئەمر-پەرمانلارنى تەبلىغ قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. تاغىسى ئەبۇ لەھەب پەيغەمبىرىمىزگە قارشى چىقىپ، توپلانغانلارنى تارقىتىۋەتتى.

بۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز دەۋىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن سەفا چوقىسىغا چىقىپ، ئۇ يەردە پۈتكۈل مەككە خەلقىگە خىتاب قىلدى، ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپلانغانلارغا:

- سىلەرگە ئاۋۇ چوقىنىڭ ئارقىسىدا، دۈشمەن ئەسكىرى بارلىقىنى دېسەم سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

ھەممى كىشى تەڭلا:

139. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
140. يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

ـ ئىشىنىمىز، چۈنكى سېنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىڭنى ھېچ ئاڭلاپ باقمىدۇق، ـ دېيىشتى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

«ئۇنداق بولسا بىلىڭلاركى، ئاللاھ مېنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدى. ماڭا پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز سۆزىنى يەتكۈزدى. ئىنسانلارنى ھەق دىن بولغان ئىسلامغا دەۋەت قىلىشىمنى بۇيرىدى. ئاللاھ پەقەت ۋە پەقەت بىر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق ئىلاھ يوقتۇر. مەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولىمەن.»

ئۇ يەردە ئولتۇرغان ئەبۇ لەھەب ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە قارشى ئەدەبسىزلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىلغانلار يەنە تارقىلىپ كەتتى، پەيغەمبىرىمىز يەنە كۆڭۈلدىكىدەك بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

**مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلۇملىرى**

مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىدىنياندۇرۇش ۋە ئىسلامنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا قارىتا زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى، ئەتراپتا ھەر خىل زورلۇق ـ زومبۇرلۇق ۋە قىيىن ـ قىستاقلار كۆرۈلدى.

ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان ئۇمەييە ئىبنى خەلەف بىلال ھەبەشىنى پىژ ـ پىژ ئىسسىقتا قۇمغا ئوڭدا ياتقۇزۇپ، كۆكسىنى تاش بىلەن باستۇرۇپ:

ـ ئەگەر مۇسۇلمانلىقتىن ۋاز كەچمىسەڭ، سېنى مۇشۇنداق ئۆلتۈرىمەن، ـ دەپ تەھدىت قىلدى، ئۇنىڭدىن بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، بىلالنىڭ بوينىنى يىپ بىلەن باغلاپ، مەككىنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە سۆر ـ توقاي قىلدى. بۇ ۋەھشىي قىيىن ـ قىستاقلار ئىچىدە بىلال «ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر» دەپ ندا قىلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلالنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىپ، زالىم ئۇمەييەنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقازدى.

دەسلەپكى مۇسۇلمانلاردىن ئەممار بىن ياسىر، پىژ ـ پىژ ئىسسىق قۇم ئۈستىدە يالىڭاچ ھالدا ياتقۇزۇلۇپ، ئايلىنىپ كەتكۈچە ئۇرۇلدى. ئانىسى سۇمەييە تاياق زەربىسىدە ئەبۇ جەھىل تەرىپىدىن قانغا مىخلانغىچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى، دادىسى ياسىرمۇ مۇشرىكلارنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى نەتىجىسىدە جان بەردى. لېكىن ياسىر بىلەن ئائىلىسى سۇمەييە تۇنجى شېھىتلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

يەنە ھەبباب بىن ئەرەت كۆيۈۋاتقان قىپ ـ قىزىل كۆمۈرنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇلۇپ، ئەبۇ فۇكايھانىڭ پۇتى يىپ بىلەن باغلىنىپ، قىززىق قۇم ئۈستىدە سۆرۈلۈپ، ئېتىقادى سەۋەبىدىن چىدىغۇسىز رىيازەتلەرنى چەكتى. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ ئېغىر زۇلمىغا ئۇچرىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەقىقىي ئىمان ئىگىلىرى قىيىن ـ قىستاقلاردىن قورقۇپ قالماي، ئىسلامدىن ھېچبىر ۋاقىت يانمىدى.

ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىسلامغا قىلغان ئەڭ چوڭ خىزمەتلىرىدىن بىرى، مۇسۇلمان بولغانلىقى تۈپەيلىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغان نۇرغۇن قۇللارنى سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىشىدۇر.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ كۆپ دۈشمەنلىك قىلغانلار**

مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزگە ۋە مۇسۇلمانلارغا رىيازەت يەتكۈزۈشتىن، زۇلۇم قىلىشتىن قىلچىمۇ بوشاپ قالمىدى.

پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ كۆپ دۈشمەنلىك قىلغانلار:

1) **ئەبۇ لەھەب:** پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز تاغىسى بولۇشىغا قارىماي، ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولۇپ، بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا پەيغەمبىرىمىزگە قارشى تۇردى. ئايالىمۇ پەيغەمبىرىمىز ئۆتىدىغان يولغا پۈرسەت تاپسىلا تىكەن قويۇپ قويدى. تەببەت سۈرىسى بۇ ئىككىسى ئۈچۈن نازىل بولدى. ئەبۇ لەھەب بەدىر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ غەلبە قازانغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئاچچىقىدا ھەسەتتىن ئۆلدى.

ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغلى ئۇتەيبە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ، ياقىسىدىن تۇتۇپ كۆينىكىنى يىرتىۋەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ «ئەي رەببىم! ئۇتەيبىگە ھايۋانلىرىڭدىن بىرىنى ئەۋەتكىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇتەيبە شامغا كېتىۋاتقاندا، ئالدىغا بىر شىر چىقىپ ئۇنى پارچىلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرگە قىلغان ھاقارەتنىڭ جازاسىنى تارتتى.

2) **ئەبۇ جەھىل:** پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ كۆپ دۈشمەنلىك قىلغانلارنىڭ بېشىدا بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئەڭ كۆپ زۇلۇم سالدى. ئەممار بىن ياسىرنىڭ ئانىسىنى ئېتىقادى سەۋەبىدىن ئۆلتۈردى. ئۇمۇ بەدىر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلۈپ جازاسىنى تارتتى.

3) **ئاس بىن ۋائىل:** پەيغەمبىرىمىزگە دۈشمەنلىك قىلىشتا ئالدىدا ماڭغان بۇ كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوغلى قاسىم ئۆلگەن چاغدا «مۇھەممەدنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇپ كەتتى» دەپ مەسخىرە قىلىپ، بالىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلدى.

كەۋسەر سۈرىسىدىكى **«ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ.»** (108 ـ سۈرە كەۋسەرنىڭ 3 ـ ئايىتى) دېگەن ئايەت بۇ سەۋەبتىن نازىل بولدى. ئاس بىن ۋائىل مەككە ئەتراپىدىكى بىر تاغ باغرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، مىنگەن تۆگىسى ئۇنى يەرگە تاشلىۋېتىش بىلەن پۇتى يارىلىنىپ ئۆلدى.

4) **ۋەلىد بىن مۇغىرە**

5) **ئۇمەييە ئىبنى خەلەف**

6) **ئۇتبە بىن رەبىئەمۇ** پەيغەمبىرىمىزگە دۈشمەنلىك قىلغانلارنىڭ ئالدىدا ماڭغانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**قۇرەيشنىڭ ئىسلامغا دۈشمەن بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى**

**1)** ئىسلام سىنىپ، تەبىقە پەرقىنى يوقىتىپ، ئىنسانلارنىڭ بىر تاغاقنىڭ چىشىغا ئوخشاش باراۋەر ئىكەنلىكى، قۇل بىلەن خوجايىنىنىڭ ئاللاھ ئالدىدا بىر ئىكەنلىكىنى ئېلان

قىلدى. قۇرەيشنىڭ مۆتىۋەرلىرى بۇ باراۋەرلىكنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئىمتىيازلىرىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئىسلامغا دۈشمەن بولدى.

**2)** ئەرەبلەرنىڭ سودا ـ تىجارەت مەركىزى مەككە بولۇپ، كەبىنىڭ ئىچىدە 360 قا يېقىن بۇت بار ئىدى. ئەرەبلەر تىجارەتچىلەرنى كەبىگە جەلىپ قىلغان نەرسىنىڭ بۇت ئىكەنلىكىنى، ئىسلام بۇتلارنى يوق قىلسا مەككىگە ھېچكىمنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى، ھاياتىنى قامداش ئۈچۈن بولۇۋاتقان سودا ـ تىجارەتنىڭمۇ يوق بولىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدى.

**3)** ئەرەبىستاندا ئەسىرلەردىن بۇيان بۇتلارغا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئىدى.

ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىشتا قىينالغان نادان مىللەتلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان نەرسىلەردىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ ـ دە، ئەتراپىدىكىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام ئەرەبلەر كۆنگەن بۇتقا چوقۇنۇش ئادىتىنى يوقىتىپ، بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشنى ئېلىپ كەلدى.

**4)** ئەرەبلەردە خەلققە باشلىق بولۇش ئۈچۈن لاياقەت، پەزىلەت ۋە قابىلىيەت تەلەپ قىلىنمايتتى. پەقەتلا ئىككى شەرت تەلەپ قىلىناتتى. بىرى، بايلىق، ئىككىنچىسى بولسا كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا ئۇ ئىككى شەرت يوق بولغاچقا، بىز ئۇنى ئۆزىمىزگە يېتەكچى قىلالمايمىز دېيىشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھاشىمىيلەر بىلەن ئەمەۋىلەر ئارىسىدا بۇرۇندىن تارتىپلا داۋاملىشىپ كەلگەن قەبىلە رەئىسلىكىنى تالىشىش رىقابىتى بار ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىم جەمەتىدىن بولغاچقا، ئۆزىگە ئەڭ كۆپ دۈشمەنلىك قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەۋىيلەردىن ئىدى.

### مۇشرىكلارنىڭ ئەبۇ تالىبقا قىلغان شىكايەتلىرى

تاغىسى ئەبۇ تالىب پەيغەمبىرىمىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدا جىيەنىگە ئەڭ كۆپ ياردەم قىلىپ، ئۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھىمايە قىلدى. مۇشرىكلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئەبۇ تالىبقا شىكايەت قىلىپ: «يا جىيەنىڭنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشىدىن ۋاز كەچتۈرگىن ياكى بولمىسا ئۇنى ھىمايە قىلىشتىن ۋاز كەچ» دەپ، ئۇنىڭغا تەھدىت قىلدى.

ئەبۇ تالىب ئەھۋالنى جىيەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دېگەندە، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: «مەن ئاللاھ تەرىپىدىن ھەق دىننى تەبلىغ قىلىشقا تەيىنلەندىم. مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بىر ئىش قىلمايۋاتىمەن، مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. ئەي تاغا! ئۇلار مېنى بۇ ئىشتىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈن ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقازسىمۇ بۇ ۋەزىپىنى ھەرگىز تاشلىمايمەن.»

ئەبۇ تالىب بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ: «سەن ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرغىن ئوغلۇم، مەن ساق ـ سالامەت بولسالملا، ئۇلار ساڭا بىر نەرسە قىلالمايدۇ» دەپ، پەيغەمبىرىمىزنى قوغداشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

### ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

پەيغەمبىرىمىز بارلىق قارشىلىقلارغا پىسەنت قىلماي ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇردى، مۇسۇلمانلارنىڭ سانىمۇ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالتىنچى يىلى بىر كۈنى سافا چوقىسىدا ئولتۇرسا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەبۇ جەھىل پەيغەمبىرىمىزنى ھاقارەتلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەخلاقسىزلىقىغا پەيغەمبىرىمىز لام-جىم قىلمىدى. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەن بىر ئايال بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەمزىگە يەتكۈزدى. ھەمزە تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. لېكىن قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا قىلىنغان بۇ ھاقارەتكە ئاچچىقلىنىپ، دەرھال قۇرەيش مۇشرىكلىرى توپلانغان يەرگە بېرىپ، ئەبۇ جەھىلگە خىتاپ قىلىپ:

- مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنى ھاقارەتلەپ رەنجىتكەن سەنمۇ؟ دەپلا ھاسىنىڭ سېپى بىلەن ئەبۇ جەھىلنىڭ بېشىغا ئۇردى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەمزە مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

### ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆچىيىشى، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى بىئارام قىلدى. بۇ ئەھۋالغا چارە تېپىش ئۈچۈن «دارۇن نەدۋە» دېگەن يەردە توپلاندى. ئەھۋالنى بىر قۇر مۇلاھىزە قىلىشقاندىن كېيىن ئەبۇ جەھىلنىڭ تەكلىپى بويىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلدى. بۇ سۇيىقەستنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەڭ جەسۇر بولغان ئۆمەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. ئۇ چاغدا 33 ياشتىكى ئۆمەر قىلىچىنى ئېلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتلاندى.

مۇسۇلمانلار ئەركامنىڭ ئۆيىگە توپلاندى، پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۇ يەردە ئىدى. ئۆمەر يولدا نۇئايمغا ئۇچرىدى. نۇئايم «ئۆمەر، نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى. ئۆمەر «خەلقنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلغان مۇھەممەدنىڭ تېنىنى جۇدا قىلىشقا كېتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. نۇئايم ئۆمەرگە: «قېيىن بىر ئىشقا تۇتۇش قىپسەن!» دېيىشكە، ئۆمەر: «سەنمۇ مۇھەممەدكە يان-تاياق بولىۋاتامسەن؟» دەپ چېقىشتى. نۇئايم: «ئۆمەر، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۆزەڭنىڭ ئائىلىسىگە بىر قارىغىنە، قېيىن ئىنىڭ سەئىد بىلەن سىڭلىڭ فاتىمە مۇسۇلمان بولدى» دېيىشكە، ئۆمەر: «ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلاي!» دەپ يولىنى ئۆزگەرتىپ، سىڭلىسىنىڭ ئىشىگىنى قاقتى. ئۇ چاغدا سىڭلىسى بىلەن قېيىن ئىنىسى پەيغەمبىرىمىزگە يېڭىدىن نازىل بولغان «تاھا» سۈرىسىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۆمەرنىڭ قىلىچ بىلەن كەلگىنىنى كۆرۈپ، قۇرئاننىڭ ۋاراقلىرىنى يوشۇرۇپ قويدى.

ئۆمەر ئۆيگە كىرىپلا نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئۇلار: «بىز ھېچ نەرسە ئوقۇمىدۇق» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ئۇنداقتا ئاڭلىغانلىرىم توغرىكەندە!» دەپلا، قېيىن ئىنىسىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ يەرگە ئېتىپ، ئۇرۇشقا باشلىدى.

يولدىشىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشقان فاتىمەنىڭ يۈزىگىمۇ بىر تەستەك سالدى. بىچارە ئايالنىڭ ئاغزى-بۇرنىدىن قان ئېقىپ يەرگە يىقىلدى. فاتىمە ئىمانىنىڭ جاسارىتى بىلەن ئۆمەرگە مۇنداق دېدى:

- ئاللاھتىن قورق. بىر ئايالغا قىلغان قىلىقىڭغا قارا! مەن ۋە يولدىشىم مۇسۇلمان بولدۇق. بېشىمىزنى تېنىمىزدىن جۇدا قىلساڭمۇ تۇتقان يولىمىزدىن قەتئىي يانمايمىز!

ئۆمەر:

- ئوقۇغان نەرسىلىرىڭنى ماڭا كۆرسەت! - دېدى. سىڭلىسى ئۇنى بەردى. ئۆمەر كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇدى ۋە قەلبى يۇمشاشقا باشلىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ تەڭداشسىز ۋەزنى، پاساھىتى، ئوقۇلۇشىدىكى تاتلىقلىق ۋە گۈزەللىك ئۆمەرنىڭ قەلبىنى مۇپتىلا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرنىڭ قەلبى ئىسلامغا ئېچىلدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، تىزلىنىپ تۇرۇپ، كەلىمە-شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بولۇپ ئۆتكەنلەردىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ، ئۆمەر بىلەن بىرلىكتە كەلىمە شاھادەت ئېيتتى. ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن مۇسۇلمانلار تېخىمۇ كۈچلەندى. ئۆمەر:

- دوست-بۇرادەرلىرىمىزدىن قانچە كىشى بار؟ - دەپ سورىدى.

- سەن بىلەن قىرىق كىشى بولدۇق، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئۆمەرنىڭ تەلىپى بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول باشلاپ ھەممىسى كەبىگە قاراپ يۈردى. ئۇلار كەبىنىڭ ئالدىدا جامائەت بولۇپ، ئوچۇق-ئاشكارا ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار ھاڭ-تاڭ بولۇپ ھەيران قالدى.

پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىققان ئۆمەرنىڭ مەرھەمەتسىز ۋە تاشتىن قاتتىق بولغان قەلبىنى، سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغان قۇرئان ئايەتلىرى يۇمشۇتۇپ، قاراڭغۇلۇق بىلەن تولغان كۆڭلىنى نۇرلاندۇردى. پەيغەمبىرىمىزگە بولغان دۈشمەنلىكىنى چىن دوستلۇققا ئايلاندۇردى.

**سوئاللار:**

1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلدى؟

2) مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلمىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ زۇلۇمغا قارىتا قانداق بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ

3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ كۆپ دۈشمەنلىك قىلغانلار كىملەر؟

4) قۇرەيشنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

5) ئەبۇ تالىب كىم؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قانداق قوغدىغان؟

6) ھەمزە ۋە ئۆمەر قانداق مۇسۇلمان بولدى؟

# بايقۇت ۋە ئازاپلىق يىللار

بەشىنچى باب

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان بايقۇتى
- ئەبۇ تالىپ ۋە خەدىچىنىڭ ۋاپات بولۇشى
- تائىفقا سەپەر
- ئەقەبە كېلىشىمى
- مېراج مۆجىزىسى
- مېراجنىڭ ھەدىيەسى ناماز

**مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان بايقۇتى**

ھەمزە ۋە ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، ئىسلامنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تارقىلىپ كۈچىيىشى مۇشرىكلارنى ئىنتايىن ئالاقزادە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توپلىشىپ مۇسۇلمانلارغا قارىتا تۆۋەندىكى بايقۇت قارارىنى ماقۇللىدى:

«بۈنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار، ئۇلارنى ھىمايە قىلغانلار ۋە مۇھەممەدنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان ھاشىم جەمەتى بىلەن بولغان ھەر قانداق مۇناسىۋەت ئۈزۈلدۇ، ئۇلار بىلەن ھېچكىم كۆرۈشمەيدۇ، ئېلىم ـ سېتىم قىلمايدۇ، قىز ئالمايدۇ ھەم بەرمەيدۇ.»

مۇشرىكلاردىن مەنسۇر بىن ئىكرىمە بۇ قارارنامىنى يازدى ۋە بىرلىكتە كەبىنىڭ تېمىغا ئاستى.

بايقۇت قارارى ئۈچ يىل داۋاملاشتى. بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلار ناھايىتى ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىگە يېمەك ـ ئىچمەك كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگەن ئەسكىلىكنى قىلدى. مۇسۇلمانلار ئىسلام ئۈچۈن ھەر خىل ئازاپلارغا، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا سەۋر ـ تاقەت كۆرسەتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەپ ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر قالدى. ئاچلىقتىن ئاھۇ ـ پەرياد قىلغان باللارنىڭ ئەھۋالى بولسا، يۈرەكلەرنى پۇچۇلاپ ئەزدى.

مۇشرىكلار بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىكى بىلەنمۇ بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيلا قالماي، ئىسلام نۇرىنىڭ تارقىلىشىنى توسالمىدى. ئۇ مەزگىلدە بىر كۈيە كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان قارارنامىنىڭ ھەممىنى يەپ، پەقەت «ئاللاھ» سۆزىنى قالدۇرۇپ قويىدى. ئۈنىڭدىن باشقا مەنسۇر ئىبىن ئىكرىمەنىڭ قارارنامىنى يازغان قولى قۇرۇپ، چولاق بولۇپ قالدى.

ئاخىرى مۇشرىكلاردىن بىر قانچە كىشى ئىنسابقا كېلىپ، قارارنامىنى چۇشۇرۇپ يىرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بايقۇت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلار چوڭ بىر ئازاپتىن قۇتۇلدى. مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان بايقۇت پەيغەمبەرلىكنىڭ 7 ـ يىلىدىن 10 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى.

## ئەبۇ تالىپ ۋە خەدىچىنىڭ ۋاپات بولۇشى

بايقۇت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار بىرئاز ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەدىرلىك تاغىسى ئەبۇ تالىب، بىر قانچە كۈندىن كېيىن سۆيۈملۈك ئايالى خەدىچە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەبۇ تالىب پەيغەمبىرىمىزنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرۈپ باقتى. خەدىچە بولسا پەيغەمبىرىمىزگە دەسلەپ ئىشەنگەن، ئەڭ قىيىن مەزگىللەردە ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن، ياردەم قىلغان، سادىق ۋە ۋاپادار ئايالى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنى دائىم قوللىغان بۇ ئىككى قىممەتلىك كىشىدىن ئايرىلىپ، قاتتىق ئازابلاندى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يىل ئازاپلىق يىل مەنىسىدىكى «مۇسىبەت يىلى» دەپ ئاتالدى.

ئەبۇ تالىب ۋە خەدىچەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزگە قارىتا زۇلۇمنى كۆپەيتتى. بىر كۈنى يولدا كېتىۋاتقاندا بىرسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بېشىغا توپا چاچتى، پەيغەمبىرىمىز شۇ پېتى ئۆيىگە قايتتى. قىزى فاتىمە دادىسىنىڭ ئۇ ھالىنى كۆرۈپ، كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى توپىلارنى تازىلاۋېتىپ يىغلاپ كەتتى. قىزىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرگەن پەيغەمبىرىمىز «يىغلىما قىزىم، ئاللاھتائالا داداڭنى قوغدايدۇ» دەپ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىنى تىلغا ئالدى.

## تائىفقا سەپەر

ئەبۇ تالىب بىلەن خەدىچىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزگە تېخىمۇ كۆپ زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز تائىف خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تۇنجى مۇسۇلمانلاردىن زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئېلىپ تائىفقا كەلدى. تائىفلىقلار، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تائىفتىن كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە تاش ئاتتى. ئېتىلغان تاشلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۇتىغا تېگىپ پۇتكۈل بەدىنى قانغا بويىلىپ، ماڭالمايدىغان دەرىجىدە يارىلاندى. زەيد بولسا بەدىنى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى قوغداپ، تاشلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە تېگىپ كېتىشىدىن ساقلاشقا تىرىشتى.

پەيغەمبىرىمىز يول بويىدىكى بىر قىيانىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، بىرئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن قاتتىق ئازاپ ئىچىدە مەككىگە قايتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئازاپقا بۇ قېتىمقى سەپەردە ئۇچرىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ھېچ ئۈمىدسىزلەنمەي، ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇردى.

## ئەقەبە كېلىشىمى

پەيغەمبىرىمىز ئۇزۇن يىللار مەككە خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. لېكىن مەككىلىكلەرنىڭ جاھىللىق ۋە نادانلىقى سەۋەبىدىن چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولسىمۇ، بۇ قىيىنچىلىقلار ئىسلام پەيغەمبىرىنى ۋەزىپىسىدىن ۋاز كەچكۈزەلمىدى. ئىسلامنىڭ نۇرى ئىنسانلارنى ئويغىتىشنى داۋاملاشتۇردى. ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە يېڭى

بىر ئويۇق ئاچتى. ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇيغۇن بىر مۇھىت تەييارلىدى. ئۇ مۇھىت بولسا مەدىنە ئىدى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ 11-يىلى ھەج مەزگىلىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، مەدىنىدىن كەلگەن ئالتە كىشىلىك بىر ھەيئەت بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، قۇرئاندىن ئايەتلەر ئوقۇدى، ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

مەدىنىلىكلەر ئەقىل-پاراسەتلىك، ئۆتكۈر كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، مۇسۇلمان بولدى ۋە مەدىنىگە قايتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تىرىشتى.

## بىرىنچى قېتىملىق ئەقەبە كېلىشىمى (پەيغەمبەرلىكنىڭ 12-يىلى)

ئىككىنچى يىلى يەنى پەيغەمبەرلىكنىڭ 12-يىلى، مەككىگە كەلگەن مەدىنىلىكلەردىن 12 كىشىلىك بىر ھەيئەت، مەككىنىڭ يېنىدىكى ئەقەبە دېگەن يەردە پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشتى. باشلىقى ئەسەد بىن زۇرارە ئىدى. ئۇلار بىلەن بىللە بىر يىل بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان بەش كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇلار «ئاللاھقا شېرىك قوشماسلىق، ئوغرىلىق، زىنا قىلماسلىق، يالغان سۆزلەش ۋە قارا چاپلاشتىن ساقلىنىش، پەيغەمبەرگە قارشى تۇرماسلىق» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبىرىمىزگە ۋەدە قىلدى. بۇ كېلىشىم بىرىنچى قېتىملىق ئەقەبە كېلىشىمى دەپ ئاتالدى.

مەدىنىلىكلەر ئۆزىگە ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان بىرسىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ساھابە مۇسئابنى ئەۋەتتى. مۇسئاب مەدىنىدە ئىسلامنى ئۆگىتىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن  نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلدى.

## ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە كېلىشىمى (پەيغەمبەرلىكنىڭ 13-يىلى)

بۇ قېتىم مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلاردىن 75 كىشىلىك بىر ھەيئەت مەككىگە كەلدى. ئۇلاردىن ئىككىسى ئايال بولۇپ، ئەقەبە دېگەن يەردە پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە كېلىشىمى تۈزۈلدى. ئۇنىڭدا مەدىنىلىكلەر خوتۇن-قىزلىرىنى قانداق قوغدىغان بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىمۇ شۇنداق قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، پەيغەمبىرىمىزگە قول بېرىپ ۋەدە قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن 12 ۋاكالەتچى تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارمۇ 12 كىشىنى ۋاكالەتچى قىلىپ تاللاپ چىقتى. ھەممىسى پەيغەمبىرىمىزگە: «ياخشى-يامان كۈنلەردە، ھەر قانداق ئەھۋال ۋە شارائىتتا ئىتائەت قىلىش، ھەر قانداق ۋاقىتتا راست گەپ قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا ھەر قانداق نەرسىدىن قورقماسلىق» ھەققىدە ۋەدە بەردى.

ئەقەبە كېلىشىمى ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدا ھەل قىلغۇچ بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## مېراج مۆجىزىسى

مېراجنىڭ لۇغەت مەنىسى يۇقىرىغا ئۆرلەش، بوشلۇقتا، كېچىلەردە يۈرۈش دېگەن مەنىدە بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن، رەجەپ ئېيىنىڭ 27ـ كېچىسى، مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدىن قۇددۇستىكى مەسجىدى ئەقساغا ئاپىرىلىپ، ئۇ يەردىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلىپ، پەرىشتىلەر دۇنياسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ بىر نامايەندىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولغان مېراجغا مۇشرىكلار ئىشەنمىدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى چۈشىنىشكە ئاجىز ئىدى. ئۇلار چەكلىك تەپەككۇر ۋە باتىل بىر ئېتىقادقا ئىگە بولغانلىقىدىن، مېراج مۆجىزىسىنى قوبۇل قىلالمىدى.

مۆمىنلەر ھېچ ئىككىلەنمەيلا مېراجنى قوبۇل قىلىپ، ئىشەندى. ئەبۇ بەكرىگە مېراج ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەرگەندە ئۇ «ئەگەر بۇنى مۇھەممەد دېگەن بولسا توغرا دەيدۇ» دەپ، پەيغەمبىرىمىزنى تەستىقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا «تەستىقلىغۇچى» مەنىسىدىكى «سىددىق» ئۇنۋانى بېرىلدى.

## مېراجنىڭ ھەدىيەسى ناماز

ھەر قانداق بىر ساياھەتتىن قايتقان بىر كىشى ئۆز يېقىنلىرىغا سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كەلگەندەك، پەيغەمبىرىمىزمۇ مۇقەددەس مېراج سەپىرىدىن ئىنتايىن مۇھىم خوش ـ خەۋەر ۋە سوۋغات بىلەن قايتتى.

مېراج كېچىسى پەيغەمبىرىمىز چىققان ئەڭ ئېگىز يەردە ئاللاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىلاھىي ۋەھيىگە (بىۋاستە خىتابقا) مۇيەسسەر بولدى. ئۇ يەردە ئۆزىگە ئۈچ نەرسە بېرىلدى.

1ـ بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى (ئامەنەررەسۇلۇ)

2ـ ئۈممىتىدىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەنلەرنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىق خوشخەۋىرى.

3ـ مېراج ھەدىيەسى سۈپىتىدە بەش ۋاقىت ناماز.

شۇنداق قىلىپ ئىسلامنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ۋە دىنىنىڭ تۈۋرىكى بولغان ناماز مېراج كېچىسى پەرز قىلىندى.

**سوئاللار:**

1) مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا قانداق بىر بايقۇتنى قارار قىلدى؟ بايقۇت قانچە يىل داۋاملاشتى؟

2) ئەبۇ تالىب ۋە خەدىچە قاچان ۋاپات بولدى؟ ئۇ يىلغا نېمە دەپ نام بېرىلدى؟

3) پەيغەمبىرىمىزنىڭ تائىف سەپىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

4) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە كېلىشىمىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

5) پەيغەمبىرىمىز قاچان مېراجغا چىقتى؟

6) مېراجنىڭ ھەدىيەسى نېمە؟

بەشنچی باب

# هجرەت قىلىش ۋە مەدىنىدىكى دەسلەپكى يىللار

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە هجرەت قىلىشى (مىلادى 622 ـ يىلى)
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىشى
- پەيغەمبەر مەسجىدى (مەسجىدى نەبەۋى)نىڭ بىنا قىلىنىشى
- ئەنسار ۋە مۇهاجىرلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق
- پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مەكتىپى ۋە ئەسهابى سۇففە

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە هجرەت قىلىشى (مىلادى 622 ـ يىلى)

ئىسلام تارىخىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچىشى «هجرەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇشرىكلارنىڭ بېسىمى ۋە زۇلمىنىڭ ئېغىرلىششى تۈپەيلىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە هجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. مۇسۇلمانلار گۇرۇپ هالىتىدە مەدىنىگە كۆچۈشكە باشلىدى. دىن ئۈچۈن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرت، مال ـ مۈلكىنى تاشلاپ، مەدىنىدە يانغان ئۈمىد چىرىغىغا قاراپ يولغا چىقتى.

مەككىدە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئەبۇ بەكرى، ئەلى ۋە بىر قانچە مۇسۇلمانلاردىن باشقا هېچكىم قالمىدى. پەيغەمبىرىمىز بارلىق قىيىنچىلىقلارغا قارشى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، پەيغەمبەرلىكىنىڭ 13 ـ يىلىنى مەككىدە ئاخىرلاشتۇردى.

مۇشرىكلار مەدىنىلىكلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىپ، كۈچلۈك بىر ئىسلام مىللىتىنى بارلىققا كەلتۈرىشىدىن قورقتى. ئىسلامنى يىلتىزىدىن يوقۇتۇش ئۈچۈن «دارۇن ـ نەدۋە» دېگەن يەردە مەخپى يىغىلىپ، ئەبۇ جەهلىنىڭ تەكلىۋى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇ قورقۇنۇچلۇق پىلاننى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن هەر قەبىلىدىن بىردىن يىگىت تاللاپ چىقتى. تاللانغان بۇ قوراللىق يىگىتلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىنى قورشاپ، ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ساقلاشقا باشلىدى.

مۇشرىكلارنىڭ بۇ مەخپى قارارى ئاللاھ تەرىپىدىن جىبرائىل ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە بىلدۈرۈلۈپ، هجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. پەيغەمبىرىمىز ئۆز هوجرىسىغا ئەلىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆيىنى قورشاپ تۇرغان مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئاللاھ پەيغەمبىرىنى قوغدىدى، قوراللىق مۇشرىكلار ئۇنى كۆرمىدى.

يول تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ بەكرى بىلەن بىرلىكتە كېچىدە مەككىدىن بىر يېرىم سائەت كېلىدىغان سەۋر تېغىغا بېرىپ، يەردىكى بىر غارنىڭ ئىچىگە مۆكۈندى. سەهەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ

بىلەن مۇشرىكلار ھەر تەرەپنى ئىزلەپ، پەيغەمبەرنى كىم تۇتسا، ئۇنىڭغا يۈز تۆگە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

پەيغەمبىرىمىزنى ئىزدەۋاتقانلار يولدىكى ئىزلارنى بېسىپ، غارنىڭ ئالدىغا كەلدى. غارنىڭ ئاغزىدا بىر ئۆمۈچۈكنىڭ تور باغلىغانلىقىنى كۆردى. غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى: «ئىچىگە بىرسى كىرگەن بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆمۈچۈكنىڭ تورى، كەپتەرنىڭ ئۇۋىسى بولمايتتى» دەپ ئارقىغا ياندۇردى. مۇشرىكلار غارنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىتتا، ئەبۇ بەكرى غەم-ئەندىشە قىلىپ، ناھايىتى تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

- ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزنى كۆرۈپ قالىدىغان بولدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- غەم قىلما! ئاللاھ بىز بىلەن بىللە، دەپ جاۋاب بەردى.

غارنىڭ ئاغزىغا ئۆمۈچۈكنىڭ تور باغلىشى، ئۇ يەردىكى بىر دەرەخنىڭ شاخلىرىغا كەپتەرلەرنىڭ ئۇۋا ياساپ، تۇخۇم قويىشىنىڭ ھەممىسى بىر مۆجىزە ئىدى. ئاللاھتائالا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنى بۇ مۆجىزىلەر بىلەن قوغداپ، غارنىڭ ئاغزىغىچە كەلگەن دۈشمەننى، يوشۇرۇن بىر كۈچ كەينىگە ياندۇردى.

پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ بەكرى بىلەن غاردا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنى قوغلاپ يۈرگەن سۇراقە ئىسىملىك بىر مۇشرىك، ئۇلارنىڭ ئىزىنى تېپىۋىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېتىنى ئۇلار تەرەپكە چاپتۇردى. ئۇلارغا يېقىنلىشاي دېگەندە، ئېتى پۈتلىشىپ، يەرگە دومىلاپ چۈشتى. ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، بار كۈچى بىلەن ئېتىنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چاپتۇردى، ئەمما بۇ قېتىم ئېتىنىڭ پۇتى تىزىغىچە قۇمغا پېتىپ قېلىپ، شۇ يەردە قادىلىپ قالدى. قۇدرەتلىك بىر كۈچ ئاتنى كەينىگە گويا ماگنىتتەك تارتتى، سۇراقە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى، قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزدىن كەچۈرۈم سوراپ، كەينىگە ياندى. كەينىدىن كېلىۋاتقانلارغا: «مەن بۇ يەرلەرگە قارىدىم، ھېچكىم يوقكەن» دەپ ئۇلارنى كەينىگە ياندۇرۇۋەتتى. سۇراقە كېيىن مۇسۇلمان بولدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر ھەپتە داۋاملاشقان سەپىرىنى تۈگىتىپ، بىر دۈشەنبە كۈنى مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇبا يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە قىزغىن قارشى ئېلىندى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇ يەردە ئون كۈندەك تۇرۇپ، قۇبا مەسجىدىنى بىنا قىلدى. مەسجىدنى سالغاندا مۇبارەك قوللىرى بىلەن تاش توشۇپ، بىر ئىشچىدەك ئىشلىدى.

بۇ ئىسلام تارىخىدا تۇنجى سېلىنغان مەسجىد ئىدى. پەيغەمبىرىمىزدىن ئۈچ كۈن كېيىن مەككىدىن ئايرىلغان ئەلىمۇ ئۇ يەردە پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچراشتى.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىدە قارشى ئېلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بىر جۈمە كۈنى قۇبادىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. سەلىم جەمەتى يۇرتىغا كەلگەندە، چۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى. پەيغەمبىرىمىز جۈمە نامىزىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈردى. ئۇ يەردە تۇنجى جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. پەيغەمبىرىمىز نامازدىن كېيىن مەدىنىگە قاراپ يولنى داۋاملاشتۇردى.

مەدىنىلىكلەر بىر ھېيت قىزغىنلىقى ئىچىدە، ئۇ شەرەپلىك مېھماننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىزىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ يەردىن ئۆتكەندە: «قارشى ئالىمىز، ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دېدى، كىچىك باللارمۇ: «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى كەلدى» دەپ سۆيگۈ بىلەن چۇرۇلداشتى.

مەدىنىدە قىزغىن بىر سۆيگۈ بىلەن قارشى ئېلىنغان پەيغەمبىرىمىز خالىد بىن زەيد، يەنى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، ئۇ يەردە يەتتە ئايدەك تۇرۇپ قالدى.

## پەيغەمبەر مەسجىدى (مەسجىدى نەبەۋى)نىڭ بىنا قىلىنىشى

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيى يېنىدا بىكار بىر يەر بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئۇ يەرنى سېتىۋېلىپ، بىر مەسجىد ۋە ئەتراپىغا ئۆزى ئۈچۈن ئۆي بىنا قىلدى. ئاندىن مېھمان بولۇپ تۇرغان ئۆيدىن ئۇ يەرگە كۆچۈپ چىقتى.

كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنىۋاتقان «مەسجىدى نەبەۋى» دەل ئاشۇ يەر ئىدى. ئۇ مەسجىدنى بىنا قىلغاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزىمۇ دۇمبىسىدە خام كېسەك، خىشلارنى توشۇپ، باشتىن-ئاخىر ئىشلىدى.

## ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق

مەككىدىن كۆچۈپ مەدىنىگە كەلگەن مۇسۇلمانلار «مۇھاجىر»، مەدىنىنىڭ يەرلىك خەلقى مۇھاجىرلارغا ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئەنسار» دەپ ئاتالدى.

مال-مۈلكىنى تاشلاپ كەلگەن مۇھاجىرلارغا مەدىنىلىكلەر ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز باغرىغا باستى، ھەر نەرسىدە ئورتاقلاشتى.

دۇنيا تارىخىدا بىر-بىرىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ سۆيگەن، بىر-بىرىگە ئىچ-ئىچىدىن بۇنداق باغلانغان بىر قەۋم ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. پۈتكۈل دۇنياغا ئۈلگە بولىدىغان بۇ ۋەقە ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ ئەڭ گۈزەل نامايەندىسى بولۇپ قالدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھاجىرلارنىڭ ھەر بىرىنى ئەنسارلارنىڭ ھەر بىرى بىلەن قېرىنداش قىلدى. بۇ قېرىنداشلىق بىر تۇغقان قان-قېرىنداشتىنمۇ كۈچلۈك بولدى.

ئىسلام تارىخىدا ھەر قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار دىنىمىزغا ناھايىتى چوڭ خىزمەت قىلدى.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتىپى ۋە ئەسھابى سۇففە**

مەسجىدى نەبەۋىنىڭ بىر تەرىپىدە ئۈستى يېپىق سېلىنغان بىر يەر «سۇففە»، ئۇ يەردە پاناھلانغانلار «ئەسھابى-سۇففە» دەپ ئاتالدى.

ئۇ يەردە ئۆي-ماكانسىز، يېتىم-يېسىرلار تۇردى. بۇ كىشىلەر ئىش تاپقاندا ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدىدى. ئىش تاپالمىغاندا پەيغەمبىرىمىز ۋە قول ئىلكىدە بولغانلار ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجىنى قامدىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن توي قىلغانلار ئايرىم بىر ئۆيگە چىقتى ۋە يېڭى بىر تۇرمۇش قۇردى.

ئۇ يەردىكىلەر ھەر ۋاقىت پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىمىدىن مەنپەئەت ئېلىپ، كۆڭلىرىنى ئىبادەت ۋە ئىلىم ئىگەللەش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئىسلامدا تۇنجى مائارىپ ۋە ئوقۇتۇش بىناسى سۇففا مەكتىپى بولۇپ، ئۇ يەردە ئوقۇغانلار ساھابە، ئوقۇتقۇچى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى. پەيغەمبىرىمىزدىن ئەڭ كۆپ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئەبۇ ھۇرەيرەمۇ مۇشۇ مەكتەپتە يېتىشىپ چىقتى.

سۇففە مەكتىپىدە يېتىشىپ چىققانلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامنى، قۇرئاننى ۋە ھەدىس-شەرىفلەرنى ياخشى چۈشەنگەن، چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئالىملار بار ئىدى. باشقا يەرلەرگە بېرىپ ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ۋەزىپىگە قويۇلغانلار ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللاندى.

بۇ سەۋەبتىن سۇففە ئىسمى بىلەن ئاتالغان بۇ يەر ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان مەكتەپتۇر. بۇ مەكتەپتە يېتىشىپ چىققانلار ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ۋە دىنى تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تۆھپىلەرنى قوشتى.

**سوئاللار:**

1) ھىجرەت قىلىش دېگەن نېمە؟

2) پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرەت قىلىشىدىكى سەۋەپ نېمە؟

3) ھىجرەت ۋەقەسى ۋە ھىجرەت جەريانىدا پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ.

4) ئىسلام تارىخىدا تۇنجى سېلىنغان مەسجىد قايسى؟

5) پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە قانداق قارشى ئېلىندى ۋە كىمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ تۇرۇپ قالدى؟

6) مەسجىدى نەبەۋىي دېگەن نېمە؟ ئۇ قەيەرگە سېلىندى؟

7) ئەنسار ۋە مۇھاجىر دەپ كىملەرنى دەيمىز؟

8) ئەسھابى-سۇففە دەپ كىملەرنى دەيمىز؟ ئۇلار ئىسلامغا قانداق تۆھپە قوشتى؟

ئالتىنچى باب

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشلىرى (1)

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- بەدىر ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى
- بەدىر ئۇرۇشى ۋە نەتىجىسى
- ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى
- ئۇھۇد ئۇرۇشى ۋە نەتىجىسى
- ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن ئېلىنغان تەجرىبە ـ ساۋاقلار
- خەندەك ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى
- خەندەك ئۇرۇشى ۋە نەتىجىسى
- ھۇدەيبىيە كېلىشىمى
- ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ نەتىجىسى
- قوشنا دۆلەت باشلىقلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئىسلامغا دەۋەت مەكتۇپلىرى
- خەيبەرنىڭ فەتھە قىلىنىشى
- كەبە زىيارىتى (قازا ئۆمرىسى)

**بەدىر ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى**

پەيغەمبىرىمىز مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن مەككىلىك مۇشرىكلار دۈشمەنلىك قىلىشتىن ۋاز كەچمىدى. ئۇلار مەدىنىنىڭ ئەتراپىغىچە كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتلاپ يۈرگەن تۆگىلىرىنى ئېلىپ كەتتى. مۇشرىكلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە خەۋەر ئەۋەتىپ، مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈشنى ياكى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر دېگىنىدەك قىلمىسا، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يەنە مۇسۇلمانلار بىلەن قىلىنىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن چوڭ بىر سودا كارۋىنىنى شامغا ئەۋەتتى.

مۇسۇلمانلار بۇ خەتەرگە قارىتا ھۇشيار ۋە تەدبىرلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. كارۋاننىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 305 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. بۇنى تۇيۇپ قالغان مەككىلىك مۇشرىكلار 1000 كىشىلىك بىر ئەسكەر بىلەن مەدىنىگە قاراپ يۈردى. بەدىر دېگەن يەردە توختاپ، ئۇ يەردىكى سۇنى كونترول ئاستىغا ئالدى.

مۇسۇلمانلار مەدىنىدىن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، مۇشرىكلارنىڭ سودا كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن چىققان ئىدى.

مەككىدىن زور بىر دۈشمەن قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قارار قىلىندى.

بەدىرگە يېتىپ كەلگەن ئىسلام قوشۇنى قۇملۇق بىر بوشلۇققا ئورۇنلىشىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ يەردە سۇ يوق ئىدى. چۈنكى بۇرۇن كەلگەن مۇشرىكلار سۇ بار يەرنى ئىگەللىۋالغان ئىدى. مۇسۇلمانلارغا ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىپ، شۇ كۈنى كېچە يامغۇر ياغدى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار سۇ قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدى.

پەيغەمبىرىمىز ئىسلامنى باشتىنلا گۈزەل سۆز ۋە ئىلىم يولى بىلەن تارقىتىشقا تىرىشىپ، ھېچكىمنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىدى. لېكىن مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ئاللاھ تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش قىلىش رۇخستى بېرىلگەن ئىدى.

**بەدىر ئۇرۇشى ۋە نەتىجىسى**

مۇشرىكلار ئەسكەر ۋە قورال-ياراق جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن ناھايىتى كۈچلۈك ئورۇندا ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇرۇشتا يېڭىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندەك ھېس قىلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ھېسابقا ئالمىدى. ئۇ يەردە ھەق بىلەن باتىل، ئىمان بىلەن كۇفۇر ئۇرۇشىدىغان بولغاچقا، ئىسلامنىڭ كەلگۈسى بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىگە باغلىق ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئىككى تەرەپ قوشۇنى قارمۇ-قارشى تۇرۇپ، ئۇرۇش باشلاندى. ئۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز قوللىرىنى كۆتۈرۈپ:

«ئەي ئاللاھىم! ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى بۈگۈن بەرگىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن سەجدىگە بېرىپ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ مۇنداق يالۋۇردى: «ئۇلۇغ ئاللاھىم! ئەگەر بۈگۈن، بۇ بىر ئوچۇم مۇسۇلمان ھاياتىدىن ئايرىلسا، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ.»

ئاللاھتائالا پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى.

مۇسۇلمانلار ئىماندىن ئالغان كۈچ بىلەن قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلدى ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىدىن قاتمۇ-قات كۈچلۈك بولغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ قىلدى. دۈشمەنلەر ئۇرۇشتا 70 ئۆلۈك، 70 ئەسىرنى تاشلاپ قاچتى. ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئەبۇ جەھىلمۇ ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ تولۇق غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن 14 ئادەم شېھىت بولدى.

ئىسلام قوشۇنى غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن مەدىنىگە قايتتى. پەيغەمبىرىمىز ئەسىرگە چۈشكەنلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرىدى. ئەسىرلەرنىڭ بىر قىسمى فىدىيە (بەلگىلىك بىر مىقداردىكى پۇل) تۆلىگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. ئۇنچىلىك پۇلنى تاپالمىغانلار ئوقۇش-يېزىشنى بىلسە، مۇسۇلمانلاردىن 10 ئادەمگە ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگەتكەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئىسلامنىڭ ئوقۇش-يېزىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى

مۇشرىكلارنىڭ بەدىر ئۇرۇشىدا يېڭىلىشى مەككىگە چوڭ بىر مۇسىبەت ئېلىپ كەلدى. مۇشرىكلار بۇ مۇسىبەتكە ماتەم تۇتتى. پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ كۆپ دۈشمەنلىك قىلغان ئەبۇ لەھەبمۇ بۇ ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆلدى.

مۇشرىكلار بەدىر ئۇرۇشىدىكى غايەت زور مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن 3000 كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلىدى. بەدىر ئۇرۇشىدا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئاياللارمۇ قوشۇنغا قېتىلدى. ئەبۇ سۇفيان قوماندانلىقىدىكى بۇ قوشۇن مەككىدىن يولغا چىقىپ، مەدىنىگە يېقىن بىر يەردىكى ئۇھۇد تېغىغا ئورۇنلاشتى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئابباس ئۇ چاغدا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بولۇپ، مەككىدە تۇراتتى. مۇشرىكلارنىڭ مەدىنىگە قاراپ يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى مەخپىي بىر خەت بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە خەۋەر قىلدى. (پەيغەمبىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەن تاغىسى ئابباس كېيىن مۇسۇلمان بولدى.)

## ئۇھۇد ئۇرۇشى ۋە نەتىجىسى

خەتتە دېيىلگەندەك، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئۇھۇد تېغىغىچە كېلىپ ئۇ يەرگە ئورۇنلاشقانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، 1000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن دۈشمەنلەر ئورۇنلاشقان ئۇھۇد تېغىغا قاراپ يولغا چىقتى. يېرىم يولدا 300 گە يېقىن مۇناپىق، قوشۇندىن ئايرىلىپ ئارقىغا يېنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن 700 كىشى قالدى.

مۇسۇلمانلار مۇشرىكلار جايلاشقان يەرگە بېرىپلا، ئارقىسىنى ئۇھۇد تېغىغا قىلىپ، ئۇرۇش ھالىتىدە تۇردى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ سول تەرىپىدە بىر ئېگىزلىك بولۇپ، ئۇ يەردىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرنى توسۇش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ئۇ يەرگە 50 كىشىلىك ئوقياچىنى ئورۇنلاشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئوقياچىلارغا: «دۈشمەن يەڭسۇن ياكى يېڭىلسۇن، مەندىن بۇيرۇق كەلمىگىچە، بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلماڭلار. دۈشمەن كېلىشى بىلەن ئوق ئېتىڭلار.» دەپ، ئەمىر بەردى.

مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلىشى نەتىجىسىدە، دۈشمەنلەر تارمار بولۇشقا باشلىدى، بۇ قوشۇندىكى ئاياللار تاغ تەرەپكە قاراپ قاچتى. لېكىن ئۇرۇش تېخى پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىنمىغان بولۇپ، دۈشمەننى قوغلاپ زەربە بېرىپ، تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىش كېرەك ئىدى.

نېمىشقىدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدۇق دەپ ئويلاپ، دۈشمەن قالدۇرۇپ قاچقان غەنىيمەتلەرنى توپلاش بىلەن بولۇپ كەتتى.

ئۇلارنى كۆرگەن 50 كىشىلىك ئوقياچىلارمۇ، قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي، بىرقانچىسىدىن باشقا ھەممىسى ئورنىدىن ئايرىلدى. لېكىن ئۇلار، پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز تۇرغان يېرىدىن ئايرىلماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق ئالغان ئىدى.

ئوقياچىلارنىڭ ئورنىدىن ئايرىلىشى مۇشرىكلارغا كۈتۈلمىگەن بىر ئامەت ئېلىپ كىلىپ، دەرھال قايتا توپلىنىپ، ئوقياچىلار تاشلاپ كەتكەن ئىگىزلىككە ھۇجۇمغا ئۆتتى.

بۇ ھۇجۇم بىلەن مۇسۇلمانلار قىيىن ئەھۋالدا قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ غەپلىتى، قولغا كەلتۈرەي دەپ قالغان غەلبىنىڭ قولدىن كېتىشىگە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەمزە بىلەن بىللە نۇرغۇن ساھابىلارنىڭ شېھىت بولۇشىغا سەۋەب بولدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ چىشلىرى سۇنۇپ، يۈزى يارىلاندى. ئۇرۇشنىڭ ئەڭ شىددەتلىك ۋاقىتلىرىدا، پەيغەمبىرىمىز يۈزىدىكى قانلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «ئەي ئاللاھىم! مىللىتىمنى ئەپۇ قىلغىن...ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ.»

مانا بۇ پەيغەمبەر قەلبىدىكى مەرھەمەت ۋە ئىنسانلىق سۆيگۈسىنىڭ نامايەندىسى...

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا 70 ساھابە شېھىت بولدى. مۇشرىكلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 22. ئۇرۇشتا ئىسلام قوشۇنىدىكى ئاياللار غايەت زور پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئەسكەرلەرگە سۇ توشۇپ، يارىلىرىنى تېڭىپ خىزمەت قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز بىر قانچە يىل كېيىن ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان يەردىن ئۆتكەندە، ئۇ ئازابلىق كۈنلەرنى ئەسلەپ، يېنىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى: «مۇسۇلمانلار بۇندىن كېيىن بۇتقا چوقۇنۇشقىلارغا ئىمكان قالمىدى. بۇنىڭدىن قىلچىمۇ ئەندىشە قىلماڭلار. مېنىڭ قورقىدىغىنىم سىلەرنىڭ دۇنياغا چوقۇنۇشقىلاردۇر.»

ئۇ ئۇرۇشتا، مۇشرىكلار غەلبە قازىنىپ، كۆزلىگەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرمەيلا، ئۇھۇدتىن ئايرىلىشى. قايتا توپلانغان مۇسۇلمانلار بىر مەزگىل دۈشمەننى قوغلىدى، دۈشمەنلەر قايتا ئۇرۇشۇشقا كۆزى يەتمەي، مەككىگە قاراپ يولنى داۋاملاشتۇردى. مۇسۇلمانلارمۇ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

## ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن ئېلىنغان تەجرىبە ـ ساۋاقلار

ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدا، مۇسۇلمانلار غەلبىگە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، كېيىن نېمە سەۋەبتىن يېڭىلدى؟

بۇ ئۇرۇشتىن مۇسۇلمانلار ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تەجرىبە ـ ساۋاقلار بار؛

چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىق، قوماندانغا ئىتائەت قىلماسلىق، ئىلاھىي بىر ۋەزىپە بولغان نۆۋەتچىلىكنى تاشلاپ، شەخسى مەنپەئەتنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش، بىر قوشۇننىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇشىغا سەۋەب بولسا، بۇنىڭدىن پەقەت بۇ خاتالىقنى سادىر قىلغانلارلا ئەمەس، پۈتكۈل مىللەت زىيان تارتىدۇ.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ، ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوقياچىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنماسلىقى ۋە نۆۋەت يېرىنى تاشلاپ، غەنىمەت توپلاشقا كېتىشى، ئىسلام قوشۇنىنىڭ مەغلۇب بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولدى.

بۇ تارىخى ۋەقە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولدى.

## خەندەك ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى يەھۇدىيلار بىلەن كېلىشىم تۈزدى. قۇبا ئەتراپىدا ياشاۋاتقان بەنى نادىر يەھۇدىيلىرى، ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنى جىلە قىلىشقا باشلاپ، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىپلا قالماي، پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىدى. بۇ سەۋەبتىن يەھۇدىيلار ئۆز يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، سۈرگۈن قىلىندى.

يەھۇدىيلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى بۇلارنى باھانە قىلىپ مەككىگە بېرىپ، مۇشرىكلار بىلەن بىرلەشتى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن ئىككى يىل كېيىن، مۇشرىكلار ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، 10 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن مەدىنىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبىرىمىز ھەر قېتىمقىدەك، ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، دۈشمەن بىلەن ئوخشىمىغان بىر تاكتىكا قوللىنىپ، مەدىنىنى قوغداش قارارىغا كەلدى.

## خەندەك ئۇرۇشى ۋە نەتىجىسى

پەيغەمبىرىمىز مۇشرىكلارنىڭ زور بىر قوشۇن بىلەن مەدىنىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەدىنىنى ئىچىدىن قوغداش ۋە دۈشمەننىڭ شەھەر ئىچىگە كىرىشىنى تۇسۇش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىشنى قارار قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشچىلىقىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئەمگەك قىلىشى نەتىجىسىدە، خەندەك ئالتە كۈندىلا پۈتۈپ تەييارلاندى.

دۈشمەن قوشۇنى مەدىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، خەندەكنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، كىرىشكە يول ئىزدەپ پەقەتلا تاپالمىدى. مۇسۇلمانلار كېچە-كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ، دۈشمەن ھۇجۇمىنى توستى. پەيغەمبىرىمىز ئۆزىمۇ ساھابىلەر بىلەن بىللە نۆۋەتچىلىك قىلدى.

دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قورشاپ تۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، مەدىنىدە سىقىلىش ۋە ئاچارچىلىق باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. قىش پەسلى بولغانلىقى ئۈچۈن سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن ناھايىتى قىينالدى.

قورشاۋ باشلىنىپ 20 كۈن بولۇپ، قورشاۋنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە، پەيغەمبىرىمىز ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

«ئاللاھىم، ئەي قۇرئاننى ئەۋەتكەن رەببىم! ئەي دۈشمەنلەردىن ھېساب-كىتابنى تېز سورىغان رەببىم! شۇ دۈشمەن قەۋمنى ھالاك قىلغىن، ئۇلارنى گۇمران قىلغىن. ئىرادىسىنى بۇشاشتۇر ئاللاھىم!»

پەيغەمبىرىمىز دۇئاسىنى قىلىپ بولۇشىغىلا، يۈزىدە سۆيۈنۈش بىشارەتلىرى كۆرۈلدى. ئۇنىڭ دۇئاسى قوبۇل قىلىندى.

مۇسۇلمانلارغا ئاللاھنىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولدى.

كېچە بولۇشقا يىقىن، دۈشمەن تەرەپتە شىددەتلىك بىر بوران چىقتى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە، چوڭ بىر قۇيۇنغا ئايلانغان بۇ بوران، قۇم-بارخان، تۇپا-چاڭلارنى دۈشمەنلەرنىڭ يۈزىگە، كۆزىگە ئۇردى، چېدىرلىرىنى يەردىن يۇلۇپ تاشلىدى، قازان-قۇمۇچىلىرىنى ئۆرۈپ، ئوتلارنى ئۆچۈرۈپ، تەبىئەت ھادىسلىرى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشتى. بۇ ئەھۋال دۈشمەنلەرنى ئۆلگۈدەك قورقۇتتى، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەي، 10 مىڭ كىشلىك قوشۇن تارمار بولدى. ئۇ كېچە، دۈشمەنلەر قورقۇنچ ۋە دەھشەت ئىچىدە نۇرغۇن يېمەك-ئىچمەكنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى.

سەھەرگە يېقىن، قۇيۇن توختاپ، مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا دۈشمەننىڭ ئىنسى-جىنسى قالمىدى. مۇسۇلمانلار ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرغان ئالالاھقا شۈكۈر قىلدى. بەدىر، ئۇھۇد ۋە خەندەك ئۇرۇشلىرىدا ھېچقانداق بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن مەككىلىك مۇشرىكلار ئىسلام نۇرىنى ئۆچۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا قەتئىي پېتىنالمىدى.

## ھۇدەيبىيە كېلىشىمى

مەككىدىن كۆچۈپ، مەدىنىگە كەلگەن مۇسۇلمانلار، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتىنى سېغىندى. مەككىدىكى ئۇلۇغ كەبىنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى، كەبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، 1400 كىشى بىلەن مەككىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مەككىلىكلەر ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىككە قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيە دېگەن يەردە توختىدى. پەيغەمبىرىمىز ئوسماننى ئەلچى قىلىپ مەككىگە ئەۋەتىپ، كەبىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كەبىنى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى ۋە كېلەر يىلى كەبىنى زىيارەتكە كەلسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇزۇن مۇزاكىرىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا بىر كېلىشىم تۈزۈلدى.

بۇ كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) مۇسۇلمانلار بۇ يىل كەبىنى زىيارەت قىلماي، مەدىنىگە قايتىدۇ.

2) كېلەر يىلى مەككىگە كېلىدۇ، پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇرىدۇ.

3) مۇسۇلمانلار مەككىگە قورالسىز كىرىدۇ.

4) مۇسۇلمانلار مەككىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ھېچ بىرىنى مەدىنىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ.

5) مەككىلىك مۇسۇلمانلار ياكى مۇشرىكلاردىن ھەر قانداق بىرسى مەدىنىگە كەلسە كەينىگە قايتۇرىلىدۇ، مۇسۇلمانلاردىن بىرى قۇرەيش تەرەپكە كەلسە، قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ.

6) ئەرەب قەبىلىلىرى خالىغان تەرەپ بىلەن ئىتتىپاقداش بولالايدۇ.

كېلىشىمدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەمراھلىرى، كەبىنى زىيارەت قىلماي، كەينىگە يېنىپ، مەدىنىگە قايتىپ كەتتى.

## ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ نەتىجىسى

كېلىشىمنىڭ شەرتلىرى دەسلەپتە مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. شۇنداقتىمۇ، پەيغەمبىرىمىز بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى بۇ كېلىشىمنىڭ كەلگۈسىدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زور پايدىسىنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. مەدىنىگە قايتىپ كېلىش يولىدا «فەتىھ سۈرىسى» نازىل بولدى. بۇ سۈرىدە ئاللاھتائالا، مۇسۇلمانلارغا چوڭ بىر فەتىھ ۋە غەلبە ۋەدە قىلدى. مەككىلىك مۇشرىكلار بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاپ، تۇنجى قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەككىلىكلەردىن بەزى كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىگە كەلدى. لېكىن كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇشرىكلار ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ مەككىدىن قېچىپ كەلگەنلەر، مەدىنىگە كىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يەردە توپلىنىشقا باشلىدى. ئۇ يەر مەككىلىكلەرنىڭ سودا كارۋانلىرى ئۆتىدىغان مۇھىم بىر يەر ئىدى.

كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار كۈچلۈك بىر جامائەتنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ ئەھۋالدىن مەككىلىكلەر سودا يولىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىدىن قورقۇشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىزگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خالىغان مەككىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە بارالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، كېلىشىمنىڭ بۇ ماددىسىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىسىز بولغان كېلىشىم ماددىسى، مۇشرىكلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئۆزگەرتىلدى.

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى سۈركىلىش ئازايدى. مۇشرىكلاردىن كېلىدىغان خەتەر تۈگىدى. مۇسۇلمانلار راھەتكە چىقتى. ئىسلامنىڭ ئاۋازى ئەتراپتا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەككىدىكى مۇھىم زاتلار مەدىنىگە كېلىپ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىدى. بۇ كېلىشىم مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە كۈچلىنىشىگە سەۋەب بولدى. ئىسلامنىڭ ھەر تەرەپكە تارقىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

## قوشنا دۆلەت باشلىقلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئىسلامغا دەۋەت مەكتۇپلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. بۇ سەۋەبتىن ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن ئىسلامنى دۇنياغا تەبلىغ قىلىشقا باشلىدى. ۋىزانتىيە ئىمپىراتورلۇقى، ئىران، مىسىر، ھەبەشىستان، ئومان ۋە بەھرەين قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلارغا ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مەكتۇبى ئەۋەتتى. پەيغەمبىرىمىز كۈمۈشتىن بىر تامغا ياستىپ، ئۈستىگە «مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللاھ»

(مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر) دېگەن خەتنى يازدۇرۇپ، ھەممە خەت-چەكنىڭ ئاستىغا بۇ تامغىنى باستى.

ھەبەشىستان ھۆكۈمدارى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مەكتۇبىنى ئېلىپلا، دەرھال مۇسۇلمان بولدى. ۋىزانتىيە ئىمپىراتورى بىلەن مىسىر ھۆكۈمدارى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەلچىلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلدى، لېكىن مۇسۇلمان بولۇشنى رەت قىلدى. ئىران ھۆكۈمدارى پەيغەمبىرىمىزنىڭ خېتىنى ئوقۇپ ھۆرمەتسىزلىك قىلدى ۋە قاتتىق ئاچچىقلىنىپ مەكتۇبنى يىرتىپ تاشلىدى. بۇ ھۆكۈمدار ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىنىڭ جازاسىنى تارتتى.

### خەيبەرنىڭ فەتھ قىلىنىشى

خەيبەر سۈرىيەگە كېتىدىغان يول ئۈستىدە يەھۇدىيلار ئولتۇراقلاشقان بىر يەرنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ يەردە يەتتە قەلئە بار ئىدى. مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغان يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسمى بۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. خەيبەر يەھۇدىلىرى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، كېلىشىم تۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەھۇدىيلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، غەتافان ئەرەبلىرى بىلەن بىرلەشتى. ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، مۇسۇلمانلار ئالدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، 1600 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقىپ، ئۈچ كۈندە خەيبەرگە يېتىپ باردى. يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنى كۆرۈپلا قەلئەلىرىگە مۆكۈنىۋالدى.

ئۇ يەردە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئەي رەببىم! بىز سەندىن بۇ يەرنىڭ ۋە بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇنىڭ خەلقى ۋە ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ شەررىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.»

ئاۋۋال پەيغەمبىرىمىز كېلىشىم تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى. لېكىن يەھۇدىيلار تەكلىپنى رەت قىلدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇرۇش باشلاندى. 10 كۈن داۋاملاشقان شىددەتلىك جەڭ بىلەن قەلئەلەر بىر-بىرلەپ ئېلىندى. ئەلى بۇ ئۇرۇشتا ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئارىدا، قولىدىكى قالقان چۈشۈپ كەتتى. يەردىكى بىر ئىشىكنى قالقان قىلىپ ئىشلىتىپ، جەڭنى داۋاملاشتۇردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا 10 كىشى شېھىت بولدى. يەھۇدىلاردىن 93 كىشى ئۆلتۈرۈلدى.

بەزى مۇسۇلمانلار خانىم-قىزلارمۇ قول-ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىپ تاپقان-تەرگىنى بىلەن ئەسكەرلەرگە ياردەم قىلىش، يارىدارلارغا دورا بېرىش، جەڭ مەزگىلىدە ئەسكەرلەرگە سۇ توشۇش ئارقىلىق بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى.

ئامالسىز قالغان يەھۇدىيلار ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆز تۇپراقلىرىدا قېلىپ، دېھقانچىلىق قىلىش ۋە ئالغان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا بېرىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەلەپ قوبۇل قىلىندى، پەيغەمبىرىمىز يەھۇدىيلارغا ياخشى مۇئامىلە

قىلدى. لېكىن يەھۇدىيلار بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، پەيغەمبىرىمىزنى يەنە زەھەرلەشكە ئۇرۇندى. تاماققا زەھەر قوشۇلغانلىقى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىزگە بىلدۈرۈلدى. پەيغەمبىرىمىز ئاغزىغا سالغان يېمەكنى تۈكۈرىۋېتىپ، زەھەرلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

**كەبە زىيارىتى (قازا ئۆمرىسى)**

بىر يىل بۇرۇن ئىمزالانغان ھۇدەيبىيە كېلىشىمىگە ئاساسەن بۇ يىل مۇسۇلمانلار مەككىگە بېرىپ كەبىنى زىيارەت قىلىشى كېرەك ئىدى. پەيغەمبىرىمىز 2000 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان بىلەن بىرلىكتە، مەدىنىدىن يولغا چىقىپ، مەككىگە كەلدى. كەبىنى كۆرۈپ، ھەممىسى تەكبىر ئېيتتى. ھەممە تۈزۈمگە رىئايە قىلغان ھالدا، كەبىنى زىيارەت قىلىپ، ئېھرامدىن چىقتى. ئەتىسى پەيغەمبىرىمىز كەبىگە كىردى. چۈش ۋاقتى كەلگەندە، بىلال ھەبەشى بۇلبۇلدەك مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن پېشىن نامىزىغا ئەزان ئېيتتى. 2000 مۇسۇلمان جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇدى.

مۇسۇلمانلار مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن قايتىپ كەتتى. بۇ زىيارەت جەريانىدا مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ پاكىزلىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقى ئۇلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىسلامغا قارىتا سۆيگۈ ئويغىنىشقا باشلىدى. كېيىن قۇرەيشنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن خالىد بىن ۋەلىد بىلەن ئامىر بىن ئاس مەدىنىگە بېرىپ مۇسۇلمان بولدى.

**سوئاللار:**

1) بەدر ئۇرۇشى قاچان ۋە كىملەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتتى؟
2) بەدر ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى قايسى؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟
3) ئۇھۇد ئۇرۇشى قاچان ۋە نەدە بولدى؟
4) ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟ قانداق ئاخىرلاشتى؟
5) ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن مۇسۇلمانلار قانداق ساۋاق ئېلىشى كېرەك؟
6) خەندەك ئۇرۇشى قاچان بولدى؟ سەۋەبى نېمە؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟
7) ھۇدەيبىيە كېلىشىمى قاچان، كىملەر ئوتتۇرىسىدا ئىمزالاندى؟ قانداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؟
8) پەيغەمبىرىمىز قايسى دۆلەتنىڭ باشلىقلىرىغا ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مەكتۇبلىرى ئەۋەتتى؟
9) خەيبەر قاچان، قانداق فەتىھ قىلىندى؟
10) كەبە زىيارىتى قاچان قىلىندى؟

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشلىرى (2)

**نوقتىلىق مەزمۇنلار:**

- مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى
- ھۇنەين ئۇرۇشى
- ئەۋتاس ئۇرۇشى ۋە تائىفنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش
- تەبۇك سەپىرى
- مەسجىدى دىرار (دىرار مەسجىدى)نىڭ يىقىلىشى (ئوقۇشلۇق)
- پەيغەمبىرىمىز ئۇرۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگى
- ئەبۇبەكرىنىڭ ھەجگە باشلامچىلىق قىلىشى
- ۋىدالىشىش ھەججى
- ۋىدا خۇتبىسى
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋىدا خۇتبىسىدىن پارچىلار (ئوقۇشلۇق)
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ۋاپات بولۇشى
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى
- ئەشەرە مۇبەششەرە
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار قەلبىنى يورۇتقان ئالىجاناپ ئەخلاقى-پەزىلىتى

---

**مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى (ھىجرىيە 8-يىلى/ مىلادى 630-يىلى)**

مەككىلىكلەر ھۇدەيبىيە كېلىشىمنى بۇزدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا كېلىشىم شەرتلىرىگە رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ خەۋەر ئەۋەتتى. مەككىلىكلەر كېلىشىمگە رىئايە قىلماسلىقنى داۋاملاشتۇردى. مۇزاكىرىدىن بىر نەتىجە چىقمىغانلىقتىن، پەيغەمبىرىمىز مەككىنى فەتھە قىلىشنى قارار قىلىپ، 10 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلاپ، ھىجرەتنىڭ 8-يىلى، رامىزان ئېيىدا مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى.

مەككىلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرغۇدەك كۈچى قالمىدى، ئىسلام قوشۇنى توسالغۇسىز مەككىگە كىردى. پەيغەمبىرىمىز مەككىنى قان تۆكمەي ئېلىشنى ئۈمىد قىلغاچقا، ئەسكەرلەرگە مۇنداق جېكىلىدى:

«ھەرگىز قان تۆكمەڭلار، قوراللىق جەڭ قىلماڭلار.»

ھەممە ئىش دېگىنىدەك بولۇپ، مەككە بىر تامچە قان تۆكۈلمەي فەتھى قىلىندى. پەيغەمبىرىمىز ھەرەم-شەرىفكە بېرىپ، كەبىدىكى بۇتلارنى چاقتى ۋە ئۇ يەردە توپلانغانلارغا مۇھىم بىر خۇتبە ئوقۇدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ خۇتبىسىدە مۇنداق دېدى:

ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى، ئۆتمۈشتىكى قان دەۋاسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن شۇ مەنىدىكى ئايەتنى ئوقۇدى:

**«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»**[141] (49-سۈرە ھۇجۇراتنىڭ 13-ئايىتى)

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مەككىلىكلەر ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان، تۇنجى مۇسۇلمانلارغا چىدىغۇسىز زۇلۇملارنى سالغان، ئىسلامنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن بارلىق ئەسكىلىكلەرنى قىلغان ئىدى. ئەمدى ئۇلار بوينۇنلىرىنى ئېگىپ، ئۆزى ئۇستىدىن بېرىلىدىغان قارارنى كۈتىۋاتاتتى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇلاردىن سورىدى:

- ئەي قۇرەيش قەۋمى! سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا نېمە قىلىشىمنى ئويلاۋاتىسىلەر؟

- سەن ئالىجاناب ۋە شان-شەرەپلىك بىر قېرىندىشىمىز سەن، - دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇ يەردىمۇ، ئۆزىنىڭ ئالىجاناپلىقىنى كۆرسەتتى.

- بۈگۈن سىلەردىن ئاغرىنمايمەن، ھەممىڭلار ئەركىن، - دېدى ۋە ھەممىسىنى ئەپۇ قىلىۋەتتى.

مەككىنى فەتھى قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكسىز مەرھەمىتى ۋە ئەپۇچانلىقى بىلەن كۆڭۈللەرنىمۇ فەتھ قىلىپ، ئىنسانلارغا ئەڭ گۈزەل تەلىم-تەربىيە بەردى. مەككىنىڭ فەتھ قىلىنغان كۈنى پېشىن نامىزىنىڭ ئەزىنىنى، بىلال ھەبەشى كەبىنىڭ تېمىغا چىقىپ ئېيتتى. ناماز ئوقۇلغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز سەفا چوقىسىغا چىقتى. يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارمۇ ئۇ يەرگە توپلىنىپ، ئاۋۋال ئەرلەر، ئاندىن خانىم-قىزلار پەيغەمبىرىمىزگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى.

### ھۈنەين ئۇرۇشى (ھىجرىيە 8-يىلى/ مىلادى 630-يىلى)

مەككىنىڭ ئېلىنىشى بىلەن كەبىدە بىر تالمۇ بۇت قالمىدى. مۇشرىكلارنىڭ كۆپى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامنىڭ نۇرى تېزلىك بىلەن دۇنياغا تارقالدى.

مەككىنىڭ يېنىدا ئولتۇراقلاشقان ھەۋازىن قەبىلىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇتقا چوقۇناتتى. مەككىدىكى بۇتلار چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن نۆۋەت ئۆزىنىڭ بۇتىغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا قارار قىلدى. مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم

141. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

قىلىش ئۈچۈن مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۇنەيىن دېگەن يەردە، 20 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلىدى.

پەيغەمبىرىمىز تېخىچە مەككىدىن مەدىنىگە قايتمىغان ئىدى. دۈشمەنىنىڭ بۇ تەييارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 12 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەشكىللەپ، ھۇنەيىن دېگەن يەرگە قاراپ ئاتلاندى.

مۇشرىكلار تار بىر ۋادىدا يوشۇرۇنۇپ تۇردى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ كۆپلىكىگە ئىشىنىپ، دۈشمەننى كۆزگە ئىلماي، كېرەكلىك تەييارلىق قىلمىدى. گۇگۇم ۋاقتىدا، ئىسلام قوشۇنى ۋادىدىن ئۆتىۋاتقاندا، يوشۇرۇنۇپ ياتقان دۈشمەنىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى پارچىلىنىپ، تارقىلىشقا باشلىدى، بۇ ئەھۋال ئىسلامنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن خەتەرلىك ئىدى.

دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا جاسارەت بىلەن قارشى تۇرغان ۋە جەڭدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يالغۇز بىر قەھرىمان بار ئىدى، بۇ قەھرىمان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز تارقىلىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنى يېنىغا چاقىردى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىسلام قوشۇنى قايتىدىن بىرلىشىپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ توساتتىن قىلىنغان ھۇجۇمغا قارىتا دۈشمەن ئەسكەرلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە تارقىلىپ قېچىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئۇرۇشنىڭ بېشىدا، قىسقا ۋاقىت يېڭىلىپ، قايتا غەلىبىگە ئېرىشتى ۋە بۇنىڭدىن كۆپ سۆيۈندى. دۈشمەنلەر ئۇرۇش جەريانىدا، كۆپ ساندا ئەسىر، مىڭلارچە تۆگە، قوي ۋە كۆپ مىقداردا كۈمۈشنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى.

بۇ ئۇرۇش پەيغەمبىرىمىزنىڭ جاسارىتى ۋە چىدامچانلىقى نەتىجىسىدە غەلىبىگە ئېرىشتى.

### ئەۋتاس ئۇرۇشى ۋە تائىفنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش (ھىجرىيە 8 ـ يىلى/ مىلادى 630 ـ يىلى)

مۇسۇلمانلار ھۇنەيىندىن قاچقان دۈشمەنلەرنى، ئەۋتاس دېگەن يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇ يەردە قايتا تەشكىللىنەمەكچى بولغان دۈشمەنلەرنى تۇتۇپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تولۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. دۈشمەنلەر شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىل ئەسلىگە كېلەلمىدى. بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلاردىن 4 كىشى شېھىت بولدى. دۈشمەنلەردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلدى.

#### تائىفنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش

ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا، مۇشرىكلارنىڭ قوماندانى بولغان مالىك بىن ئەۋف قېچىپ، تائىف قەلئەسىگە پاناھلاندى. شۇڭا ئىسلام قوشۇنى تائىف قەلئەسىنى قورشاۋغا ئالدى. تائىفلىقلار، قەلئەلىرىنى تاقاپ، ئۆزىنى قوغدىدى. قورشاپ ھۇجۇم قىلىش بىر ئايدەك داۋاملاشقان بولسىمۇ، قەلئە ناھايىتى مۇستەھكەم بولغاچقا ئىچىگە كىرەلمىدى. مۇسۇلمانلار

قورشاۋنى بىكار قىلىپ قايتىپ كەتتى. تائىفلىقلار كېيىن قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كېچىپ، مۇسۇلمان بولدى.

پەيغەمبىرىمىز يېڭى مۇسۇلمان بولغان مەككىلىكلەرگە قۇرئان ۋە ئىسلامنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇئاز بىن جەبەلنى مەككىدە قالدۇرۇپ، ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىگە قايتتى.

**تەبۇك سەپىرى (ھىجرىيە 9 ـ يىلى/ مىلادى 630 ـ يىلى)**

تەبۇك مەدىنە بىلەن شامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يەر بولۇپ، مەككە فەتھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئىسلام تېزلىك بىلەن تارقىلىشقا باشلىدى.

ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقى ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. خىرىستىئان بولغان ئەرەبلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇردى.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمانلارمۇ ئەسكەر توپلاشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى بىلەن ئوسمان قوشۇننى قوراللاندۇرۇش جەھەتتە بۈيۈك خىزمەت كۆرسەتتى. دۈشمەنلەرنىڭ كۆچىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 30 مىڭ كىشلىك بىر قوشۇن بىلەن مەدىنىدىن يولغا چىقتى. يازنىڭ پىژ ـ پىژ ئىسسىقىدا، بىر قانچە يۈز كېلومېتىرلىق قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتۈپ، تەبۇكقا كەلدى. دۈشمەنلەر جەڭ قىلىشتىن قېچىپ قەلئەسىگە يوشۇرۇنۇۋالدى. مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرغۇدەك بىرسى بولمىغاچقا، ئىسلام قوشۇنى ئامالسىز كەينىگە ياندى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن تارمار قىلىنىپ، ئاسانلا غەلبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

**ئوقۇشلۇق:**

**مەسجىدى ـ دىرار (دىرار مەسجىدى)نىڭ چېقىۋېتىلىشى**

مۇناپىقلار قۇبا مەسجىدىنىڭ جامائىتىنى بۆلۈش، مۇسۇلمانلارنى پارچىلاش ۋە ئەبۇ ئامىر ئىسىملىك ئىسلام دۈشمىنىگە مەرتىۋە تەييارلاش ئۈچۈن مەدىنىنىڭ يېنىغا بىر مەسجىد سالدى.

ئۇلار كۈتكەن «ئەبۇ ئامىر» ، ئۇھۇد ۋە ھۇنەيىن ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، پەيغەمبىرىمىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، نەتىجىگە ئېرىشەلمەي شامغا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن مۇناپىقلارغا مۇنداق بىر خەۋەر ئەۋەتتى. بۇ خەۋەردە: «كۈچ-كۈچلەرنىڭ يېتىشىچە قوراللىنىڭلار، تەييارلىق قىلىڭلار، ماڭا بىر ئىبادەتخانا ياساڭلار، مەن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ يېنىغا بارىمەن، چوڭ بىر قوشۇن بىلەن قايتىپ كېلىپ، مۇھەممەد ۋە ساھابىلىرىنى مەدىنىدىن سۈرـ توقاي قىلىپ چىقىرىۋېتىمەن.»

بۇ ئادەمنىڭ قىشقىرتىشى بىلەن مۇناپىقلار مەسجىدى ـ دىرارنى ياسىدى. مۇناپىقلار، قېرىلىقى ۋە كېسەللىكىنى باھانە قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىگە بارماي، ئۇ يەردە توپلىنىشنى ئارزۇ قىلدى. تاشقى قىياپىتى مەسجىد بولغان ئۇ قۇرۇلۇش، ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنى پارچىلاش ئۈچۈن سېلىنغان پىتنە ـ پاسات ئۇۋىسى ئىدى.

مۇناپىقلار پەيغەمبىرىمىزنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزلىرى ياسىغان مەسجىدنى ئېچىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئاللاھتائالا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ، بۇ مەسجىدنىڭ

مۇسۇلمانلارنى پارچىلاش ئۈچۈن سىيلىنغانلىقىنى پەيغەمبىرىمىزگە بىلدۈردى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك سەپىرىدىن قايتىپ كېلىشىدە ئۇ مەسجىدنى چېقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار يامان نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئامىرمۇ شامدا، ئازاپ ئىچىدە ئۆلدى.

## پەيغەمبىرىمىز ئۇرۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى چىرايلىق سۆز ۋە ياخشى مۇئامىلە بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ھېچكىمگە قاتتىق-قۇرۇق، قوپال مۇئامىلە قىلمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەرگە ھەر خىل ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. دىنى ئېتىقادى سەۋەبىدىن نۇرغۇن مۇسۇلمانلارغا چىدىغۇسىز دەرىجىدە زۇلۇم قىلدى، ھەتتا بەزىلىرى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلدى.

مۇسۇلمانلار ئۆزىگە قىلىنغان بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىلەرگە تولۇق 13 يىل سەۋر قىلدى. ئاخىرى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ، مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن مەدىنىدىمۇ مۇسۇلمانلارنى بوش قويىۋەتمىدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا، مۇسۇلمانلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا چارىسى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئايەتلەر نازىل بولدى. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى:

**«ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.»**[142]

(22-سۈرە ھەجنىڭ 39-ئايىتى)

**«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.»**[143]

(2-سۈرە بەقەرەنىڭ 190-ئايىتى)

بۇ ئايەتلەرگە ياكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ جەڭلىرىگە قارايدىغان بولساق، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرەلەيمىز:

1) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇرۇشلىرى ھۇجۇم قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان. چۈنكى ئىسلام تىنچلىق دىنىدۇر.

2) بۇ ئۇرۇشلار دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش، ئاللاھنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى، جېنى ۋە مېلىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىنغان ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى ئىدى. چۈنكى ھەقسىزلىق ۋە تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان ئىنسانلار ئۆزلىرىنى قوغداش ھەققىگە ئىگە.

142. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.
143. يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

## ئەبۇبەكرىنىڭ ھەجگە باشلامچىلىق قىلىشى (ھىجرىيە 9 ـ يىلى/ مىلادى 631 ـ يىلى)

ھىجرەتنىڭ 8 ـ يىلى ھەج مەزگىلى كېلىشى بىلەن، پەيغەمبىرىمىز ھەجگە بېرىش ئۈچۈن توپلانغان 300 كىشىنى، ئەبۇ بەكرىنىڭ باشچىلىقىدا مەككىگە يولغا سالدى.

ئەلى ھەجنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇنۇلارنى تەبلىغ قىلدى:

«بۇنىڭدىن كېيىن، بۇتقا چوقۇنغانلارنىڭ ھەج قىلىشى، كەبىنى يالىڭاچ ھالدا تاۋاپ قىلىش چەكلىنىدۇ.»

ئۇ يىلى ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم دىنى ھۆكۈملەرگە رىئايە قىلىنغان ھالدا، ھەج ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى.

## ۋىدالىشىش ھەججى (ھىجرىيە 10 ـ يىلى/ مىلادى 632 ـ يىلى)

مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشىدىن كېيىن ئىسلام ناھايىتى تىز سۈرئەت بىلەن تارقالدى. تەۋھىد (ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى) ئېتىقادى قەلبلەرگە مۇستەھكەم ئورۇنلاشتى. نىجاتلىقنىڭ پەقەت ئىسلامدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىنسانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق شەرەپلىك بىر ۋەزىپىنىڭ، نەتىجىلىك ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، ھىجرەتنىڭ 10 ـ يىلى 100 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلىشقا يولغا چىقتى.

پەيغەمبىرىمىز ئەرافات تېغىدا 124 مىڭ مۇسۇلمانغا خىتاب قىلىپ، مەشھۇر خۇتبىسىنى ئوقۇدى. بۇ، «ۋىدا خۇتبىسى» دەپ ئاتالدى. بۇ خۇتبىدىن كېيىن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

**«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.»**[144] (5 ـ سۈرە مائىدەنىڭ 3 ـ ئايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرەت سەپىرىگە يېقىنلاشقانلىقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھەج قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بۇ يەردە مۇسۇلمانلار بىلەن ۋىدالاشقان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ قىلغان ھەججى «ۋىدالىشىش ھەججى» دېيىلدى.

پەيغەمبىرىمىز ھەج ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن بىللە بارغان مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

### ۋىدا خۇتبىسى

بۇ خۇتبىدە، تەڭ ـ باراۋەرلىك پرىنسىپلىرى ئېيتىلىپ، ھەقىقى مەنىدىكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە بەخت ـ سادائەتنىڭ ئاساسى سېلىنىدى. ئۇ چاغدا، ئاۋازنى كۈچەيتىپ بېرىدىغان مىكروفونلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەر بىر گەپ ـ سۆزىنى، يەنە بىر كىشى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكرارلىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە جامائەت ئاڭلىدى. ئۇ خۇتبە

144. «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەد سالىھ.

ئىنسانلارنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدىن نۇرغۇن يىل بۇرۇنلا، ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان مۇھىم ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

**ۋىدا خۇتبىسىدا يەر ئالغان ھۆكۈملەر:**

1) ئىسلامدىن بۇرۇنقى پۇتكۈل جاھىلىيەت ئادەتلىرى بىكار قىلىنىدۇ.

2) پۈتكۈل ئىنسانلار تەڭ ـ باراۋەر بولۇپ، بىر ئىنساننىڭ يەنە بىرسىدىن مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان ھۆرمىتى بىلەن بولىدۇ.

3) جان، مال ـ مۈلۈك، ئار ـ نومۇس مۇقەددەس بولۇپ، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ.

4) ئامانەت ئۆز ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتۇرۇلۇشى كېرەك.

5) ئۆسۈمنىڭ ھەممە تۈرى ھارام قىلىندى.

6) قان دەۋاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

7) ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ، ئاياللارمۇ ئەرلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىدۇ. ئەر ۋە ئايال زىنادىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

8) بارلىق مۇسۇلمانلار قېرىنداش، دىنى قېرىنداشلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز ھارامدۇر.

9) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

**ئوقۇشلۇق:**

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋىدا خۇتبىسىدىن ئۈزۈندىلەر**

سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، بەلكى بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن بۇ يەردە بىرگە بولالماسلىقىم مۇمكىن.

**ئى ئىنسانلار!** بۈگۈن، بۇ ئاي، بۇ شەھەر (مەككە) قانداق بىر مۇقەددەس بولغان بولسا، جېنىڭلار، مال ـ مۈلكىڭلار ۋە ئىپپەت ـ نومۇسۇڭلارمۇ شۇنداق مۇقەددەستۇر، ھەر خىل دەخلى ـ تەرۇزدىن قەتئىي قوغدىلىدۇ.

**ساھابىلىرىم!** ئەتە رەببىڭلار بىلەن ئۇچرىشىسىلەر ۋە بۈگۈنكى ھال ـ ئەھۋالىڭلاردىن مۇتلەق جاۋاب بېرىسىلەر. مەندىن كېيىن كونا ئادىتىڭلارغا قايتىپ، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالماڭلار. بۇ ۋەسىيىتىمنى بۇ يەردە بولغانلار، بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن. بەلكى بۇ خەۋەر يەتكۈزۈلگەن بىر كىشى، بۇ يەردە تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشىدىنمۇ ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشى مۇمكىن.

**ساھابىلىرىم!** كىمدە بىر ئامانەت بولسا، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسۇن. ئۆسۈمنىڭ ھەممە تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇ ئايىغىمنىڭ ئاستىغا ئېلىندى. قەرزىڭلارنى ئۆز پېتى، ۋاقتىدا قايتۇرۇشىڭلار كېرەك. زۇلۇم قىلماڭلار ۋە زۇلۇمغا قاراپ تۇرماڭلار. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆسۈم ئېلىش ھارام قىلىندى. جاھىلىيەتتىن قالغان بۇ ناچار ئىللەتنىڭ ھەممە تۈرى ئايىغىمنىڭ ئاستىغا ئېلىندى.

**ساھابىلىرىم!** جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قان دەۋالىرىنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى.

ئى ئىنسانلار! بۇگۈن شەيتان، سىلەرنىڭ بۇ تۇپراقتا قايتىدىن تەسىر كۆرسىتىپ، ھاكىمىيەت قۇرۇش كۈچىنى مەڭگۈ يوقاتتى. لېكىن سىلەر، مەن قالدۇرغان ئىشلارنىڭ سىرتىدا، كىچىك كۆرگەن ئىشلاردا، ئۇنىڭغا ماسلىشىدىغان گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلەردە بولماڭلار، چۈنكى ئۇلارنى قىلساڭلار، شەيتان خۇشال بولىدۇ. دىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار.

**ئى ئىنسانلار!** ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداڭلار ۋە بۇ ھەقتە ئاللاھتىن قورقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. سىلەر ئاياللارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدە ئەمرىڭلارغا ئالدىڭلار؛ ئۇلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى ئاللاھقا قەسەم بىلەن ئېرىشتىڭلار. سىلەرنىڭ ئاياللاردا ھەق-ھوقۇقۇڭلار بار، ئاياللارنىڭمۇ سىلەردە ھەق-ھوقۇقى بار. سىلەرنىڭ ئاياللاردىكى ھەق-ھوقۇقۇڭلار ئۇلارنى ۋە ئائىلەڭلارنى، سىلەر ياخشى كۆرمىگەن ھەر قانداق كىشىگە بوزەك قىلدۇرماسلىقتۇر.

**ئى مۆمىنلەر!** مەن سىلەرگە بىر ئامانەت قالدۇرۇپ كېتىمەن، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساڭلار، يولدىن ئازمايسىلەر. ئۇ ئامانەت بولسا، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدۇر.

**ئى مۆمىنلەر!** سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار ۋە كۆڭۈل قويۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. شۇڭا پۈتكۈل مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر. دىنى قېرىندىشىڭلارغا تەۋە بولغان ھەر قانداق بىر ھەققە ھۇجۇم قىلىش، تاجاۋۇز قىلىش، ھالال ئەمەس. ئەگەر كۆڭلى خالاپ بەرسە ئۇنىڭ يولى باشقا.

**ساھابىلىرىم!** ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار. چۈنكى نەپسىڭلارنىڭمۇ سىلەردە ھەققى بار.

**ئى ئىنسانلار!** ئاللاھتائالا ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى (قۇرئان كەرىمدە) بەرگەن. ۋارىسقا، ۋەسىيەت قىلىشنىڭ قىلچىمۇ كېرىكى يوق.

**ئى ئىنسانلار!** رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر. ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى. ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئاللاھنىڭ يېنىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغانلىرىڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىرىڭلاردۇر. ئەرەب بىلەن ئەرەب بولمىغانلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىتائىتىدىن باشقا ئۈستۈنلىكى يوقتۇر.

**ئى ئىنسانلار!** ئەتە، مېنى سىلەردىن سورىسا، نېمە دەيسىلەر؟

«ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى قىلدىڭ، ۋەزىپەڭنى ئورۇنلىدىڭ، بىزگە ۋەسىيەت ۋە نەسىھەت قىلدىڭ دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز.» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇبارەك بىگىز بارمىقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئاندىن جامائەتكە قارىتىپ، پەسكە چۈشۈرۈپ، مۇنداق دېدى.

"شاھىت بول، يا رەب! شاھىت بول، يا رەب! شاھىت بول، يا رەب!"

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ۋاپات قىلىشى (ھىجرىيە 10 ـ يىلى/ مىلادى 632 ـ يىلى)

پەيغەمبىرىمىز ۋىدا ھەججىدىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى ۋە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاغرىپ قالدى. ئۇ ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ۋە بۇ دۇنيادىن كۆچۈش ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى. كېسەل بولۇپ تۇرۇپمۇ، ئەزان چىقىشىغىلا، مەسجىدكە بېرىپ نامازغا ئىماملىق قىلدى. لېكىن ۋاپاتىغا ئۈچ كۈن قالغاندا، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، مەسجىدكىمۇ چىقالماي، ئەبۇ بەكرىنىڭ جامائەتكە ئىماملىق قىلىشىنى بۇيرىدى.

قىزى فاتىمە ھەر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنى يوقلاپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتتا يېتىپ تۇرۇپ، قىزىغا مۇنداق نەسىھەت قىلدى:

«ئەي پەيغەمبەرنىڭ قىزى فاتىمە، سېنى ئاخىرەتنىڭ قىيىنچىلىقىدىن قۇتقۇلدۇرىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغىن، پەيغەمبەرنىڭ قىزى بولۇش، سېنى ئاللاھدە ئىمتىيازغا ئىگە قىلمايدۇ. مەن سېنى ئۇ كۈن (يەنى قىيامەت)نىڭ دەھشىتىدىن قۇتقۇلدۇرالمايمەن.»

كېسىلى ئېغىرلىشىۋاتقان كۈنلەردىمۇ، ساھابىلىرىگە مۇنداق دېدى: «سىلەر يەنە مەن بىلەن ئۇچرىشىسىلەر، ئۇچرىشىدىغان يېرىمىز كەۋسەر كۆلىنىڭ بويىدا. ئەگەر كىمكى، مەن بىلەن ئۇ يەردە ئۇچرىشىشنى خالىسا، قولى ۋە تىلىنى كېرەكسىز ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزلەردىن يىراق تۇتسۇن. بۇ دۇنيادىن كۆچۈش ۋاقتىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن ماڭا خەۋەر كەلدى. ئاللاھىم بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمدىن سۆيىنىۋاتىمەن، لېكىن ئۈممىتىمدىن ئايرىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىمەن. مەن خەۋەرنى ئالدىم، ئاللاھنىڭ يېنىغا كېتىمەن.»

ۋاپاتىدىن ئىككى كۈن بۇرۇن ساھابىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مەسجىدكە كېلىپ، ئاستا مۇنبەرگە چىقىپ، جامائەتكە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەي مۇسۇلمانلار! ئەگەر بىرىڭلارغا يامانلىق قىلغان بولسام، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىشقا تەييارمەن، كىمنى ئۇرغان بولسام، دەرھال كەلسۇن ۋە ئۇرسۇن. كىمنىڭ مەندە ئېلىشى بولسا، مانا مال ـ مۈلكۈم، كەلسۇن، ھەققىنى ئالسۇن.»

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دۈشەنبە ئەتىگەندە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسىلى سەل ساقايغاندەك بولۇپ مەسجىدكە باردى. بامدات نامىزىنى ئەبۇ بەكرى ۋە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇپ، مەسجىدتىن ئۆيىگە قايتقاندا، كېسىلى ئېغىرلاشتى. ئۇ كۈنى چۈشكە يېقىن بولغاندا: «ئەي ئۇلۇغ رەببىم! ئۆلۈمنىڭ شىددىتىگە قارىتا، ماڭا ئاسانلىق بەرگىن، جېنىمنى قىينىماي ئالغىن» دەپ دۇئا قىلدى، يېنىدىكى سۇ بىلەن يۈزىنى نەملىدى.

چۈشكە ئاز قالغاندا، قولىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، بىگىز بارمىقىنى يۇقىرىغا قارىتىپ، "رەفىقى ئەلايا" (ئۇلۇغ دوستقا) دېدى، بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئىدى.

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى 63 يېشىدا، مۇبارەك روھىنى ياراتقۇچىسىغا تەسلىم قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغان يەرگە دەپنە قىلىندى. مەدىنىدە ئۇنىڭ قەبرىسى بار يەر «رەۋزائى مۇتاھھەرە» دېيىلىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك

ھاياتىنىڭ 13 يىلى مەككىدە، 10 يىلى مەدىنىدە ئۆتتى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلاپ، بۇ ئالەمدىن كۆچۈپ كەتتى.

دۇنيادا نېمە بولسا، ھەممىسى، ئۇنىڭ بىزگە بەرگىنى،
قەرزدار ئۇنىڭغا جەمئىيەت.
قەرىزداردۇر، ئۇ گۇناھسىزغا پۈتكۈل ئىنسانىيەت،
ئەي رەببىم، قىيامەتتە بىزنى بۇ ئىقرار بىلەن تىرىلدۈر.

- مەھمەت ئاكىف ئەرسوي

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئېغىر بىر ئازاپ ئېلىپ كەلدى. مەدىنە مۇنەۋۋەر ماتەمگە تولدى. ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىغا ئىشەنمىدى. ئۇ ۋاقىتتا، ئەبۇ بەكرى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنى ئېچىپ سۆيۈپ يىغلىدى. ئاندىن قىسقا بىر سۆز قىلىپ، ساھابىلەرنى ئەمىن تاپقۇزدى.

ئۇ كۈنى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇزاكىرىدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى بىرىنچى خەلىپە بولۇپ سايلاندى. ئەتىسى مۇسۇلمانلار مەسجىدكە يىغىلىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن بىر كۈن كېيىن يەنى سەيشەنبە كۈنى ۋاپات بولغان يەرگە دەپنە قىلىندى.

پەيغەمبىرىمىز ئاغرىپ قالغاندا يېنىدىكى يەتتە دەرھەم پۇلنى سەدىقە قىلىپ پېقىر-يوقسۇللارغا تارقىتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ھېچ قانداق مال-دۇنيا مىراس قالدۇرمىدى.

ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ چوڭ مىراسى دۇنيانى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقارغان ئىسلامنىڭ نۇرى بىلەن ئىنسانلارنى ھوزۇر-ھالاۋەت ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگەن يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلىتى ئىدى.

قۇرئان كۆرسەتكەن، پەيغەمبىرىمىز سىزغان نۇرلۇق يولدا ماڭغانلار نېمىدىگەن بەختلىك-ھە!

پەيغەمبەرلىك زامانىڭدا پەقەت،
دۇنيادا كۆرۈلدى ئادىل مۇتلەق.
كېڭەيگەنتى قاناتلىرىڭ زېمىنگە،
رەھمەت بولدى ئۇ، پۈتكۈل ئالەمگە.

دەۋرىڭدە، باھار بولدى ئەخلاق،
پۈركۈنۈپ ېىمىن، ئېچىلدى ئۈپۈق.
تارقالدى پەزىلىتىڭ جاھانغا،
جان بەردى ئاسمان ۋە زېمىنغا.

تارىختا تەڭدىشى يوق ھەم مىسالى،
تىللاردا داستان ئۇنىڭ ئىشلىرى.
سۆيىتتىدىن سۆزنىڭ خۇلاسىسىنى ئال،
ئىنسانىتى، لېكىن پەرىشتىدىن ئەۋزەل.

- مۇستافا فەھمى گەرچەكەر

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ 7 پەرزەنتى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بۇلاردىن ئۈچى ئوغۇل، تۆتى قىز ئىدى.

**ئوغۇل بالىسى:** قاسىم، ئابدۇللاھ ۋە ئىبراھىم.

**قىز بالىسى:** زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇگۇلسۇم ۋە فاتىمە.

ئۇلاردىن ئالتىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئوغلى ئىبراھىم بولسا، مارىيەدىن تۇغۇلدى. قاسىم بىلەن ئابدۇللاھ، پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن، كىچىكلا ۋاپات بولدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەنە بىر نامى «ئەبۇل-قاسىم» بولۇپ، يەنى قاسىمنىڭ دادىسى. پەيغەمبىرىمىز بۇ نامدىن بەكمۇ خۇرسەن بولاتتى. چۈنكى، كىچىكلا ئايرىلغان ئوغلىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغىنىدىن تەسەللى تاپاتتى.

يەنە بىر ئوغلى ئىبراھىم، ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، ئۇمۇ كىچىكلا ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئوغلىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز كۆز يېشى قىلىپ، مۇنداق دېدى:

«كۆز ياشقا تولدى، كۆڭۈل ئازابقا. ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشتىن باشقا چارىمىز يوق. ئەي ئىبراھىم! سېنىڭدىن ئايرىلدىم، چوڭقۇر ئازاپ ئىچىدە قالدىم.»

ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنى قۇياش تۇتۇلغان ئىدى. بەزى كىشىلەر: «ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتىغا قۇياش تۇتۇلدى» دېدىلەر. پەيغەمبىرىمىز بۇ قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىز، قۇياش ۋە ئاي، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىككى بىشارىتىدۇر، ئۇلار ھېچ كىمنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھايات تۇرۇشىدىن تۇتۇلمايدۇ.»

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىسى چوڭ بولۇپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولدى. فاتىمەدىن باشقا ئۈچ قىزى پەيغەمبىرىمىزدىن بۇرۇن ۋاپات بولدى. كىچىك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆيلەندى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ نەسلىدىن داۋاملاشتى.

## ئەشەرە مۇبەششەرە

پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرىدىن ئون كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن خوشخەۋەر بەردى. بۇلار «ئەشەرەئى مۇبەششەرە» دېيىلىدۇ. بۇ جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بېرىلگەن ئون كىشى دېمەكتۇر.

بۇلارنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1-ئەبۇ بەكرى، 2-ئۆمەر، 3-ئوسمان، 4-ئەلى، 5-تەلھا، 6-زۇبەير، 7-ئابدۇرراھمان بىن ئەۋف 8-سەئەد بىن ئەبى ۋاققاس، 9-سەئىد ئىبنى زەيد، 10-ئەبۇ ئۇبەيدە بىن جەرراھ.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى

پەيغەمبىرىمىزنى كۆرگەن ۋە مۇسۇلمان بولۇپ ۋاپات بولغان كىشىلەر «ئەسهاب» (ساھابە) دېيىلىدۇ.

ساھابە ئىككىگە بۆلىنىدۇ:

**1) مۇھاجىرلار:** مۇشرىكلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ۋە دىنى ۋەزىپىسىنى ئەركىن-ئازادە، قورقماي ئورۇنلاش ئۈچۈن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار «مۇھاجىر» دېيىلىدۇ.

**2) ئەنسار:** مەككىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلارغا ھەر خىل ياردەم قىلغان مەدىنە خەلقى «ئەنسار» دېيىلىدۇ.

مۇھاجىرلارغا ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا «ئەنسار» نامى بېرىلگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەت قەلبىنى يورۇتقان گۈزەل ئەخلاقى

ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى، ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەخت-سائادەت قۇياشى بولۇپ تۇغۇلدى. قاغجىراپ كەتكەن تۇپراقلار سۇ بىلەن جانلانغاندەك، ئاللاھتائالا پەيغەمبىرىمىز بىلەن دۇنياغا يېڭىدىن ھاياتلىق بەردى.

ئۇنىڭ قەلبلەرگە ياققان ئىمان چىرىغى سايىسىدە، خاتا ئېتىقادلار سۈپۈرۈپ تاشلاندى، جاھالەتنىڭ ئورنىنى ئىلىم، زۇلۇمنىڭ ئورنىنى ئادالەت، دۈشمەنلىكنىڭ ئورنىنى دوستلۇق ئالدى. ھەقىقى مەنىدىكى ئىسلامى قېرىنداشلىق ئورنىتىلدى. ئاياللار، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە مۇناسىپ بولغان قىممەتكە ئېرىشتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارغا، دۇنيا ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۆگەتكەن ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى، ئاۋۋال ئۆزى قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەلبى ئىنسان سۆيگۈسى بىلەن تولدى. شۇنداق مەرھەمەتلىك ئىدىكى، قولىدىكى ھەممە نەرسىنى باشقىلارغا بېرىپ ئۆزى ئاچ قالغان چاغلىرىمۇ بولغان ئىدى. پەقەت ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارغىمۇ شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇسسىغان بىر مۈشۈككە ئۆز قولى بىلەن سۇ ئىچكۈزۈپ، ھايۋانلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىدى.

پەيغەمبىرىمىز پەرزەنتلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتەتتى.

بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىسىنى سۆيۈپ، ئەركىلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلاردىن ھېچ بىرىنى سۆيۈپ باقمىدىم» دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «مەرھەمەت قىلمىغانغا، مەرھەمەت يوق» دېدى.

ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئويناش ئۈچۈن دۈمبىسىگە چىققان ئوماق نەۋرىلىرى، ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننىڭ بۇ قىلىقىغا قارشى چىقماي، ئۇلارنىڭ ئويناپ بولۇشىنى ساقلايتتى.

ئۇ، ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، باي، كەمبەغەل دەپ ئايرىمايتتى، بىر خىزمەتكار ئۆيىگە تەكلىپ قىلسىمۇ، ياق دېمەي باراتتى. يوقسۇل، پېقىر-پۇقرا بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى، ئەڭ كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋال سورايتتى.

كېسەللەرنى يوقلايتتى، ساقىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. بىرەر يىغىلىشقا بارسا، قەيەر بوش بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇراتتى، پۈتنى باشقىلار تەرەپكە ئۇزاتمايتتى.

بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزنى زىيارەت قىلغىلى بېرىپ، ھاياجانلىنىپ، تىترەشكە باشلىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «دوستۇم تىترىمە! مەن بىر ھۆكۈمدار (باشلىق) ئەمەس. قۇرەيشتە قېتىپ قالغان نان يەيدىغان بىر ئايالنىڭ ئوغلىمەن» دېدى.

كېيىم-كېچەكلىرىنى ئۆزى يامايتتى، ئاياغلىرىنى ئۆزى ئوڭشايتتى، لازىملىق نەرسىلەرنى ئۆزى بازارغا بېرىپ سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئەكىلەتتى، ھېچكىمگە ئېغىرچىلىق سالمايتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز نەمۇنە ئائىلە رەئىسى ئىدى. ئاياللارغا ئىنتايىن سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلاتتى، ئۆي ئىشلىرىدا ئۇلارغا ياردەم قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر.»

پەيغەمبىرىمىز مېھمانىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆزى قىلاتتى. مۇسۇلمان بولمىغانلار كەلسىمۇ ئوخشاش شەكىلدە قارشى ئالاتتى.

ئۇ ھېچكىمگە ناچار سۆز قىلمايتتى، ھەممە ئادەمگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ھېچكىمگە ئازار بەرمىگەن ئىدى.

10 يىل پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز، ماڭا ھېچقاچان" ئۇھ" دەپ باقمىدى، مەن قىلغان بىر ئىشقا، بۇنى نېمىشقا قىلدىڭ ياكى قىلمىغان بىر ئىشقا، بۇنى نېمىشقا قىلمىدىڭ، دەپ ئاچچىقلاپ باقمىدى.»

پەيغەمبىرىمىز كۈلۈپ تۇرىدىغان، سۆزى شىرىن ئىنسان ئىدى. باشقىلار بىلەن گەپلەشكەندە قۇلاق سالاتتى، گېپىنى ئۈزۈۋەتمەيتتى. ئەيىپىنى كۆرسە يۈزىگە سالمايتتى.

پەيغەمبىرىمىز ئاددى-ساددا ۋە پاكىز ياشايتتى. بەدىنىنى دائىم پاكىز تۇتاتتى، كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ پاكىز بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، چىشلىرىنى پاكىز تۇتۇش ئۈچۈن مسۋاك ئىشلىتەتتى. مەينەتلىكنى ھېچ ياخشى كۆرمەيتتى. ساھابىلىرىگە مەسجىدكە پاكىز كېلىشنى بۇيرۇيتتى.

بىر قېتىم ئۈستى-بېشى مەينەت ھالدا مەسجىدكە كەلگەنلەرگە: «پاكىز بولۇپ كەلگەن بولساڭلار، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى» دېدى.

پەيغەمبىرىمىز راست گەپ قىلاتتى. ۋەدىسىدىن ھەرگىز يانمايتتى، يالغانچىلارنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيتتى. راستچىللىقى ۋە ئىشەنچىلىكلىگى تۈپەيلىدىن «مۇھەممەدۇل-ئەمىن» يەنى «ئىشەنچىلىك مۇھەممەد» دەپ ئاتالغان ئىدى.

ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مەرتى ئىدى. ئۆزىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغانلارنى ھېچ ۋاقىت قۇرۇق قايتۇرمايتتى ۋە «مەن پەقەت بىر تارقىتىپ بەرگۈچى، بەرگەن ئاللاھ» دەيتتى. لېكىن تىلەمچىلىكنى ياخشى كۆرمەيتتى، تىلەمچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىشلەپ تېپىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ئۇ ھېچكىمدىن ئىنتىقام ئالمايتتى، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۆزىگە ئەسكىلىك قىلغانلارغىمۇ ياخشىلىق قىلاتتى. ئۆزىگە قىلىنغان ياخشىلىقنى ھېچ ۋاقىت ئۇنتۇپ قالمايتتى، ياخشىلىق قىلغانلارغا دائىم ياخشىلىق قايتۇراتتى. ياشانغانلارغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، كىچىكلەرنى سۆيگۈ، شەپقەت بىلەن ئىززەتلەيتتى. سۈت قېرىندىشىنى كۆرگەندە، ئورنىدىن تۇرۇپ، يېپىنچىسىنى يەرگە يېيىپ، ئۇلارنى ئولتۇرغۇزاتتى.

پەيغەمبىرىمىز ھورۇنلۇقنى ۋە بىكار ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرمەيتتى. مەسجىد سالغاندا تاش توشۇپ، بىر ئىشچىدەك ئىشلىدى. ساھابىلەر، ئۇنىڭ دەم ئېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىشلەشنى داۋاملاشتۇردى.

ساھابىلەر بىلەن چىققان بىر سەپەردە، دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر يەردە توختاپ يېمەك تەييارلاش ئۈچۈن ئىش تەقسىم قىلىشتى. پەيغەمبىرىمىز: «ئۇنداقتا مەن قالايدىغان ئوتۇن توپلاي» دېدى، دوستلىرى ئىشلىسە، ئۆزى بىكار تۇرۇشنى خالىمايتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ماددى ئىمكانلارغا ئىگە بولغان ئەھۋالدىمۇ، ئاددى-ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، قولىدا نېمە بولسا، يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قەۋمدە ئىجتىمائى ئادالەتنى پەقەت ئېغىزدا ئەمەس، ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى ۋە ئىنسانلارغا نەمۇنە بولدى.

ئۇنىڭ يولىدا ماڭغانلار نېمىدىگەن بەختلىك-ھە!

**سوئاللار:**

1) مەككە قاچان فەتھ قىلىندى؟ پەيغەمبىرىمىز مۇشرىكلارغا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟

2) ھۇنەين ئۇرۇشى قەيەردە بولدى؟ ئۇ ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى نىمە؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

3) ئەۋتاس ئۇرۇشى ۋە تائىفنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

4) پەيغەمبىرىمىز مەككىدىن مەدىنىگە قاچان قايتىپ كەلدى؟

5) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇرۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگى قايسىلار؟

6) ئەبۇ بەكرىنىڭ ھەج ئەمىرلىگى قانداق بولدى؟

7) ۋىدالىشىش ھەججى قاچان قىلىندى؟

8) ۋىدا خۇتبىسىدە قايسى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى؟

9) پەيغەمبىرىمىز قاچان ۋە نەدە ۋاپات بولدى؟

10) پەيغەمبىرىمىز قەيەرگە دەپنە قىلىندى؟ قەبرىسىگە نىمە دەپ نام بېرىلدى؟

11) پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانچە بالىسى بار ئىدى؟ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

12) ئەشەرە مۇبەششەرە دېگەن نىمە؟ ئۇلار كىملەر؟

13) ساھابە دېگەن نىمە؟

14) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالىجاناب ئەخلاق-پەزىلىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

# تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

**1) تاھارەت ئېلىشقا باشلىغاندا:** «ئەئۇزۇ» ۋە «بىسمىللاھ»تىن كېيىن بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ:

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي جَعَلَ الْمَاءَ طَهُورًا وَ جَعَلَ الْاِسْلاَمَ نُورًا

ئوقۇلىشى: «ئەلھەمدۇ لىللاھىللەزى جەئەلەلمائە تەھۇرەن ۋە جەئەلەل ئىسلامە نۇرا.»
**مەنىسى:** سۇنى تازىلىغۇچى قىلغان ۋە ئىسلامنى نۇر قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن.

**2) ئېغىزغا سۇ ئالغاندا:**

اَللّٰهُمَّ اسْقِنِي مِنْ حَوْضِ نَبِيِّكَ كَأْسًا لاَ اَظْمَأُ بَعْدَهُ

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممەسقىنى مىن ھەۋزى نەبىييىكە كەئسەن لا ئەزمەئۇ بەئدەھۇ ئەبەدە.»
**مەنىسى:** ئاللاھىم! ماڭا پەيغەمبىرىڭنىڭ بولىقىدىن شۇنداق بىر ئۇچۇم سۇ ئىچكۈزگىنكى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچ ئۇسسىماي.

**3) بۇرنىغا سۇ ئالغاندا:**

اَللّٰهُمَّ لاَ تَحْرِمْنِي رَايِحَةَ نَعِيمِكَ وَ جَنَّاتِكَ

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە لا تەھرىمنى رەيىھەتە نەئىمىكە ۋەجەننەتىك.»
**مەنىسى:** ئاللاھىم! مېنى نېمەتلىرىڭنىڭ ۋە جەننەتلىرىڭنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن.

**4) يۈزنى يۇيغاندا:**

اَللّٰهُمَّ بَيِّضْ وَجْهِي بِنُورِكَ يَوْمَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وَ تَسْوَدُّ وُجُوهٌ

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە بەييىز ۋەجھى بىنۇرىكە يەۋمە تەبيەززۇ ۋۇجۇھۇن ۋە تەسۋەددۇ ۋۇجۇھ.»
**مەنىسى:** ئاللاھىم! بەزى يۈزلەر ئاقىرىدىغان، بەزى يۈزلەر قارىيىدىغان كۈندە، مېنىڭ يۈزۈمنى ئاق قىلغىن.

**5) ئوڭ قولنى يۇيغاندا:**

اَللّٰهُمَّ اَعْطِنِي كِتَابِي بِيَمِينِي وَ حَاسِبْنِي حِسَابًا يَسِيرًا

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە ئەئتىنى كىتابى بىيەمىنى ۋە ھاسىبنى ھىسابەن يەسىرا»

**مەنىسى:** ئاللاھىم! ماڭا كىتابىمنى ئوڭ تەرەپتىن بەرگىن ۋە ھېسابىمنى ئاسانلاشتۇر.

**6) سول قولنى يۇيغاندا:**

اَللّٰهُمَّ لاَ تُعْطِ كِتَابِي بِشِمَالِي وَ لاَ مِنْ وَرَاءِ ظَهْرِي وَ لاَ تُحَاسِبْنِي حِسَابًا شَدِيدًا

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە لا تۇئتى كىتابى بىشمالى ۋە لا مىن ۋەرائى زەھرى ۋە لا تۇھاسىبنى ھىسابەن شەدىدە.»

**مەنىسى:** ئاللاھىم! ماڭا كىتابىمنى سول ۋە ئارقا تەرىپىمدىن بەرمە ۋە مېنى ئېغىر بىر ھېسابقا تارتما.

**7) باشقا مەسھ قىلغاندا:**

اَللّٰهُمَّ غَشِّنِي بِرَحْمَتِكَ وَ اَنْزِلْ عَلَيَّ مِنْ بَرَكَاتِكَ

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە غەششىنى بىرەھمەتىكە ۋە ئەنزىل ئەلەييە مىن بەرەكاتىك.»

**مەنىسى:** ئاللاھىم! مېنى رەھمىتىڭ بىلەن يۆگىگىن ۋە ئۈستۈمگە بەرىكەتلىرىڭنى ياغدۇرغىن»

**8) قۇلاققا مەسھ قىلغاندا:**

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ الَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ الْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ اَحْسَنَهُ

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممەجئەلنى مىنەللەزىنە يەستەمىئۇنەل قەۋلە فەيەتتەبىئۇنە ئەھ سەنەھۇ»

**مەنىسى:** ئاللاھىم! مېنى ھەق سۆزنى ئاڭلاپ، سۆزنىڭ ئەڭ توغرىسىغا رىئايە قىلىدىغانلاردىن قىلغىن.

**9) بوينىغا مەسھ قىلغاندا:**

اَللّٰهُمَّ اَعْتِقْ رَقَبَتِي مِنَ النَّارِ

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە ئەئتىق رەقەبەتى مىنەننار»

**مەنىسى:** ئاللاھىم! مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى جەھەننەمنىڭ يالقۇنىدىن ئازاد قىلغىن.

**10) پۇتنى يۇيغاندا:**

اَللّٰهُمَّ ثَبِّتْ قَدَمَيَّ عَلَى الصِّرَاطِ يَوْمَ تَزِلُّ فِيهِ الْاَقْدَامُ

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە سەببىت قەدەمەييە ئەلەسسىراتى يەۋمە تەزىللۇ فىھىلئەقدەم»

**مەنىسى:** ئاللاھىم! پۇتلارنىڭ قىيسىپ كېتىدىغان كۈنلىرى ئاياغىمنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلغىن.

# نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

**سۇبھانەكە:**

سُبْحَا نَكَ اللّٰهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالٰى جَدُّكَ وَ لآ اِلٰهَ غَيْرُكَ

نامازدا ئۆرە (قىيام) تۇرغاندا ئوقۇلىدۇ.

**ئوقۇلىدىغان يەرلىرى:**

1) ھەر نامازنىڭ تۇنجى رەكئىتىدە ئىفتىتاھ تەكبىرىدىن كېيىن،

2) نامازدىگەرنىڭ سۈننىتىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىگە تۇرغاندا، پاتىھە سۈرىسىدىن بۇرۇن،

3) خۇپتەن نامىزىنىڭ دەسلەپكى سۈننىتىدە، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا، پاتىھەدىن بۇرۇن،

4) تەراۋىھ نامىزى تۆت رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ ئوقۇلسا، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا، پاتىھە سۈرىسىدىن بۇرۇن،

5) مېيىت نامىزىدا بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن،

سُبْحَا نَكَ اللّٰهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالٰى جَدُّكَ (وَجَلِّ ثَنَآ ؤُكَ) وَ لآ اِلٰهَ غَيْرُكَ.

ئوقۇلۇشى: «سۇبھانەكەللا ھۇممە ۋە بى ھەمدىكە ۋە تەبارە كەسمۇكە ۋە تەئەلا جەددۇكە (ۋە جەللە سەنائۇك) ۋەلا ئىلاھە غەيرۇك»

**مەنىسى:** ئاللاھىم! سەن كەم سۈپەتلەردىن پاك ۋە يىراقسەن. سېنى دائىم مۇشۇنداق مەدھىيلەيمەن ۋە ماختايمەن. سېنىڭ نامىڭ مۇبارەكتۇر. مەۋجۇدلۇقىڭ ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈندۇر. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

ئەسكەرتىش: تىرناق ئىچىدىكى «ۋەجەللە سەنائۇكە» جۈملىسى مېيىت نامىزىدا ئوقۇلىدۇ.

**ئەتتەھىيياتۇ:**

**ئوقۇلىدىغان يەرلەر:**

نامازلاردا ھەر قېتىم ئولتۇرغاندا ئوقۇلىدۇ:

اَلتَّحِيَّاتُ لِلّٰهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ اَلسَّـلاَمُ عَلَيْكَ اَيُّهَا النَّبِىُّ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ وَبَرَكَاتُهُ اَلسَّـلاَمُ عَلَيْنَاوَعَلٰى عِبَادِاللّٰهِ الصَّالِحِينَ اَشْهَدُ اَنْ لآ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًاعَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

ئوقۇلۇشى: «ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى ۋەسسەلاۋاتۇ ۋەتتەيىيباتۇ. ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەن-نەبىييۇ ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ. ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىس-

سالىھىن. ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ»

مەنىسى: تىل، بەدەن ۋە مال بىلەن قىلىنىدىغان پۈتكۈل ئىبادەتلەر ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئەي پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن. سالام بىز ۋە ئاللاھنىڭ پۈتكۈل ياخشى بەندىسى ئۈچۈن بولسۇن. شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

**ئاللاھۇممە سەللى ۋە ئاللاھۇممە بارىك:**

**ئوقۇلىدىغان يەرلەر:**

1) پۈتكۈل نامازلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا، ئەتتەھىيياتۇنىڭ كەينىدىن،

2) دىگەر نامىزىنىڭ سۈننىتى بىلەن خۇپتەننىڭ دەسلەپكى سۈننىتىنىڭ بىرىنچى ئولتۇرىشىدا، ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن،

3) تۆت رەكئەتتە بىر سالام بېرىلىپ ئوقۇلغان تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن،

4) مېيىت نامىزىدا، ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن،

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَ عَلٰى اٰلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلٰى اِبْرَاهِيمَ وَ عَلٰى اٰلِ اِبْرَاهِيمَ اِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە سەللى ئەلە مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەد. كەما سەللەيتە ئەلە ئىبراھىمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىم. ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىد.»

مەنىسى: ئاللاھىم! ئىبراھىم ۋە ئىبراھىمنىڭ ئۈممىتىگە مەرھەمەت قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە، مەرھەمەت ئاتا قىلغىن، شەرىپىنى يۈكسەك قىلغىن. شۈبھىسىزكى، ماختاشلارغا ئەڭ لايىق بولغانمۇ سەن، شان-شەرەپ ئىگىسىمۇ سەن.

اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلٰى مُحَمَّدٍ وَ عَلَى اٰلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلٰى اِبْرَاهِيمَ وَ عَلٰى اٰلِ اِبْرَاهِيمَ اِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇممە بارىك ئەلە مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەد. كەمە بارەكتە ئەلا ئىبراھىمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىم. ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىد.»

مەنىسى: ئاللاھىم! ئىبراھىم ۋە ئىبراھىمنىڭ ئۈممىتىگە ئاتا قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىگىمۇ ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. شۈبھىسىزكى، ماختاشلارغا ئەڭ لايىق بولغانمۇ سەن، شان-شەرەپ ئىگىسىمۇ سەن.

**رەببەنا ئاتىنا ۋە رەببەناغفىرلى:**

**ئوقۇلىدىغان يەرلەر:**

**1)** نامازدا ئولتۇرغاندا، ئاللاھۇممە سەللى ۋە ئاللاھۇممە بارىكتىن كېيىن،

**2)** قۇنۇت دۇئاسىنى بىلمىگەن كىشى ۋىتىر نامىزىدا، ئۇنىڭ يېرىگە «رەببەنا ئاتىنا» ئايىتىنى ئوقۇسا بولىدۇ.

**3)** مېيىت نامىزىدا، ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنى بىلمىگەن كىشى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا، يەنە «رەببەنا ئاتىنا» ئايىتىنى دۇئا نىيىتىدە ئوقۇسا بولىدۇ.

رَبَّنَآ اٰتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَ فِي الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

ئوقۇلۇشى: «رەببەنا ئاتىنا فىد دۇنيا ھەسەنەتەن ۋە فىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋە قىنا ئەزابەننار، بىراھمەتىكا يا ئەرھەمەر راھىمىن.»

مەنىسى: ئاللاھىم! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلغىن. بىزنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلىغىن.

رَبَّنَا اغْفِرْ لِى وَ لِوَالِدَىَّ وَ لِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابِ

ئوقۇلۇشى: «رەببەناغفىرلى ۋە لىۋالىدەييە ۋە لىل-مۇئمىنىنە يەۋمە يەقۇمۇلھىساب.»

مەنىسى: ئەي بىزنىڭ رەببىمىز! مېنى ئاتا-ئانامنى ۋە پۈتكۈل مۆمىنلەرنى ھېساب كۈنىدە (ھەممە كىشىنىڭ سوراققا تارتىلىدىغان كۈنىدە) مەغپىرەت قىلغىن.

**قۇنۇت دۇئالىرى:**

ۋىتىر نامىزىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە پاتىھە سۈرىسى ۋە بىر سۈرە ئوقۇغاندىن كېيىن، قول يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تەكبىر ئېيتىلىپ، قول قايتا باغلانغاندا، قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇلىدۇ.

اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَ نَسْتَغْفِرُكَ وَ نَسْتَهْدِيكَ ۝ وَ نُؤْمِنُ بِكَ وَ نَتُوبُ اِلَيْكَ ۝ وَ نَتَوَكَّلُ عَلَيْكَ ۝ وَ نُثْنِى عَلَيْكَ الْخَيْرَ كُلَّهُ نَشْكُرُكَ وَ لاَ نَكْفُرُكَ ۝ وَ نَخْلَعُ وَ نَتْرُكُ مَنْ يَفْجُرُكَ. ۝ اَللّٰهُمَّ اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَ لَكَ نُصَلِّى وَ نَسْجُدُ وَ اِلَيْكَ نَسْعٰى وَ نَحْفِدُ نَرْجُو رَحْمَتَكَ وَ نَخْشٰى عَذَابَكَ ۝ اِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ ۝

ئوقۇلۇشى: ئاللاھۇممە ئىننا نەستەئىينۇكە ۋە نەستەغفىرۇكە ۋە نەستەھدىكە. ۋە نۇئمىنۇ بىكە ۋە نەتۇبۇ ئىلەيكە. ۋە نەتەۋەككەلۇ ئەلەيكە ۋە نۇسنى ئەلەيكەل خەيرە كۇللەھۇ نەشكۇرۇكە ۋەلا نەكفۇرۇكە ۋەنەخلەئۇ ۋەنەترۇكۇ مەن يەفجۇرۇك. ئاللاھۇممە ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋەلەكە نۇسەللى ۋەنەسجۇدۇ ۋەئىلەيكە نەسئا ۋەنەھفىدۇ نەرجۇ رەھمەتەكە ۋەنەخشا ئەزابەكە ئىننە ئەزابەكە بىلكۇففارى مۇلھىق.

مەنىسى: ئاللاھىم! سەندىن ياردەم سورايمىز، گۇناھلىرىمىزنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىمىز، سەن رازى بولغان ئىشلارغا باشلىنىشىڭنى ئارزۇ قىلىمىز. ساڭا ئېتىقاد قىلىمىز، ساڭا تەۋبە قىلىمىز، ساڭا ئىشىنىمىز. بىزگە ئاتا قىلغان پۈتكۈل نېمەتلىرىڭنىڭ قىممىتىنى بىلىپ، ساڭا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. ھېچ قايسى نېمىتىڭنى ئىنكار قىلمايمىز ۋە ئۇلارنى باشقىلاردىن بىلمەيمىز. نېمەتلىرىڭنى ئىنكار قىلغان ۋە ساڭا قارشى تۇرغانلارنى تاشلايمىز.

ئاللاھىم! بىز پەقەت ساڭىلا قۇللۇق قىلىمىز. نامازنى پەقەت سىنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن ئوقۇيمىز، پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز. ساڭىلا يۈگۈرتكەن ۋە يېقىنلاشتۇرغان نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئىبادەتلىرىمىزنى سۆيگۈ بىلەن قىلىمىز. مەرھەمىتىڭنىڭ داۋاملىششىنى ۋە كۆپىيىشىنى تىلەيمىز. ئازابىڭدىن قورقىمىز، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ئازابىڭ پەقەتلا كافىرلار ۋە ئىمانسىزلار ئۈچۈندۇر.

# نامازدا ئوقۇلىدىغان بەزى سۈرىلەر

**پاتىھە سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ ﴿١﴾

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ﴿٢﴾ اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ ﴿٣﴾ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ﴿٤﴾ اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَاِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ﴿٥﴾ اِهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ﴿٦﴾ صِرَاطَ الَّذِينَ اَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّآلِّينَ ﴿٧﴾

نامازدا ئۆرە (قىيام) تۇرغاندا ئوقۇلىدۇ:

ئوقۇلۇشى: ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىن. ئەررەھمانىر رەھىم. مەلىكى يەۋمىددىن. ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىيياكە نەستەئىن، ئىھدىنەسسىراتەل مۇستەقىم. سىراتەللەزىنە ئەنئەمتە ئەلەيھىم غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلازززاللىن.

مەنىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن) (1ـ سۈرە پاتىھەنىڭ تولۇق ئايىتى)

**فىل سۈرىسى:**

بۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن سۈرىلەر، نامازلاردا ئۆرە (قىيام) تۇرغاندا ۋە پاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِاَصْحَابِ الْفِيلِ ﴿١﴾ اَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ ﴿٢﴾ وَاَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا اَبَابِيلَ ﴿٣﴾ تَرْمِيهِمْ بِحِجَارَةٍ مِنْ سِجِّيلٍ ﴿٤﴾ فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَأْكُولٍ ﴿٥﴾

ئوقۇلۇشى: ئەلەم تەرە كەيفە فەئەلە رەببۇكە بى ئەسھابىلفىيل. ئەلەم يەجئەل كەيدەھۇم فىتەزلىلىن. ۋەئەرسەلە ئەلەيھىم تەيران ئەبابىيل. تەرمىھىم بىھىجارەتىن مىن سىججىل. فەجەئەلەھۇم كەئەسفىن مەئكۇل.

مەنىسى: پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى

ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانەك قىلىۋەتتى. (105 ـ سۈرە فىلنىڭ تولۇق ئايىتى)

**قۇرەيش سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

لِاِيلَافِ قُرَيْشٍ ﴿١﴾ اِيلَافِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاۤءِ وَالصَّيْفِ ﴿٢﴾ فَلْيَعْبُدُوا رَبَّ هٰذَا الْبَيْتِ ﴿٣﴾
اَلَّذٖي اَطْعَمَهُمْ مِنْ جُوعٍ وَاٰمَنَهُمْ مِنْ خَوْفٍ ﴿٤﴾

ئوقۇلۇشى: لىئىيلافى قۇرەيشىن. ئىيلافىھىم رىھلەتەششىتائى ۋەسسەيف، فەليەئبۇدۇ رەببە ھەزەلبەيت، ئەللەزى ئەتئەمەھۇم مىن جۇئىن ۋە ئەمەنەھۇم مىن خەۋف.

**مەنىسى:** قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەردە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى. (106 ـ سۈرە قۇرەيشنىڭ تولۇق ئايىتى)

**مائۇن سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَرَاَيْتَ الَّذٖي يُكَذِّبُ بِالدّٖينِ ﴿١﴾ فَذٰلِكَ الَّذٖي يَدُعُّ الْيَتٖيمَ ﴿٢﴾ وَلَا يَحُضُّ عَلٰى طَعَامِ
الْمِسْكٖينِ ﴿٣﴾ فَوَيْلٌ لِلْمُصَلّٖينَ ﴿٤﴾ اَلَّذٖينَ هُمْ عَنْ صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ ﴿٥﴾ اَلَّذٖينَ هُمْ يُرَاۤؤُنَ
﴿٦﴾ وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ ﴿٧﴾

ئوقۇلۇشى: ئەرەئەيتەللەزى يۇكەززىبۇ بىددىن فەزەلىكەللەزى يەدۇئئۇليەتىم. ۋەلا يەھۇززۇ ئەلا تەئامىل مىسكىن، فەۋەيلۇل لىلمۇسەللىين. ئەللەزىنە ھۇم ئەن سەلاتىھىم ساھۇن، ئەللەزىنە ھۇم يۇرائۇن ۋە يەمنەئۇنەل مائۇن.

مەنىسى: دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر، شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولىقا بەرمەيدۇ. (107 ـ سۈرە مائۇننىڭ تولۇق ئايىتى)

**كەۋسەر سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اِنَّٓا اَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ ﴿١﴾ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ ﴿٢﴾ اِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْاَبْتَرُ ﴿٣﴾

ئوقۇلۇشى: ئىننا ئەئتەينا كەل كەۋسەر. فەسەللى لى رەببىكە ۋەنهەر. ئىننە شانىئەكە هۇۋەل ئەبتەر.

مەنىسى: بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ. (108 ـ سۈرە كەۋسەرنىڭ تولۇق ئايىتى)

**كافىرون سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ يَٓا اَيُّهَا الْكَافِرُونَ ﴿١﴾ لَٓا اَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ ﴿٢﴾ وَلَٓا اَنْتُمْ عَابِدُونَ مَٓا اَعْبُدُ ﴿٣﴾ وَلَٓا اَنَا۬ عَابِدٌ مَا عَبَدْتُمْ ﴿٤﴾ وَلَٓا اَنْتُمْ عَابِدُونَ مَٓا اَعْبُدُ ﴿٥﴾ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ ﴿٦﴾

ئوقۇلۇشى: قۇليا ئەييۇھەل كافىرۇن لائەئبۇدۇ ماتەئبۇدۇن، ۋەلا ئەنتۇم ئابىدۇنە ما ئەئبۇد، ۋەلا ئەنا ئابىدۇن ما ئەبەتتۇم، ۋە لا ئەنتۇم ئابىدۇنە ما ئەئبۇد، لەكۇم دىينۇكۇم ۋەلىيە دىن.

مەنىسى: (ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنىۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن.» (109 ـ سۈرە كافىروننىڭ تولۇق ئايىتى)

**نەسر سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اِذَا جَٓاءَ نَصْرُ اللّٰهِ وَالْفَتْحُ ﴿١﴾ وَرَاَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فٖي دٖينِ اللّٰهِ اَفْوَاجًا ﴿٢﴾ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ اِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا ﴿٣﴾

ئوقۇلۇشى: ئىزا جائە نەسرۇللاھى ۋەلفەتهۇ، ۋە رەئەيتەنناسە يەدخۇلۇنە فىي دىنىللاھى ئەفۋاجەن، فەسەببىھ بىھەمدى رەببىكە ۋەستەغفىرھۇ، ئىننەھۇ كانە تەۋۋابە.

**مەنىسى:** ئاللاھ نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر. (110 ـ سۈرە نەسرنىڭ تولۇق ئايىتى)

**مەسەد سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

تَبَّتْ يَدَٓا اَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ ﴿١﴾ مَٓا اَغْنٰى عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ ﴿٢﴾ سَيَصْلٰى نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ
﴿٣﴾ وَامْرَاَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ ﴿٤﴾ فٖي جٖيدِهَا حَبْلٌ مِنْ مَسَدٍ ﴿٥﴾

ئوقۇلۇشى: تەببەت يەدا ئەبى لەھەبىن ۋەتەببە، مائەغنا ئەنھۇ مالۇھۇ ۋەما كەسەبە، سەيەسلا ناران زاتە لەھەب، ۋەمرەئەتۇھۇ ھەممەلەتەل ھەتەب، فىجىدىھا ھەبلۇن مىن مەسەد.

مەنىسى: ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ. (111 ـ سۈرە مەسەدنىڭ تولۇق ئايىتى)

**ئىخلاس سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ هُوَ اللّٰهُ اَحَدٌ ﴿١﴾ اَللّٰهُ الصَّمَدُ ﴿٢﴾ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ﴿٣﴾ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا اَحَدٌ ﴿٤﴾

ئوقۇلۇشى: قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد، ئاللاھۇسسەمەد، لەم يەلىد ۋە لەم يۇلەد، ۋە لەم يەكۇن لەھۇ كۇفۇۋان ئەھەد.

مەنىسى: (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ. (112 ـ سۈرە ئىخلاسنىڭ تولۇق ئايىتى)

**فەلەق سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ اَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ ﴿١﴾ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ ﴿٢﴾ وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ اِذَا وَقَبَ ﴿٣﴾ وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ ﴿٤﴾ وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ اِذَا حَسَدَ ﴿٥﴾

ئوقۇلۇشى: قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل فەلاق، مىن شەررى ماخەلەق، ۋە مىن شەررى غاسقىن ئىزا ۋەقەب، ۋە مىن شەررىن نەففاساتى فىل ئۇقەد، ۋە مىن شەررى ھاسىدىن ئىزا ھەسەد.

مەنىسى: «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ)قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن. (113 ـ سۈرە فەلەقنىڭ تولۇق ئايىتى)

**ناس سۈرىسى:**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ اَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ ﴿١﴾ مَلِكِ النَّاسِ ﴿٢﴾ اِلٰهِ النَّاسِ ﴿٣﴾ مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ ﴿٤﴾ اَلَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ ﴿٥﴾ مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ ﴿٦﴾

ئوقۇلۇشى: قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىنناس، مەلىكىنناس، ئىلاھىنناس مىن شەررىل ۋەسۋاسىل خەنناس، ئەللەزى يۇۋەسۋىسۇ فىي سۇدۇرىنناس، مىنەلجىننەتى ۋەنناس.

مەنىسى: «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ)قا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن. (114 ـ سۈرە ناسنىڭ تولۇق ئايىتى)

# تاھارەت ئېلىشنى رەسىملىك چۈشەندۈرۈش


(بىرىنچى رەسىم)

1) ئاۋۋال يەڭ جەينەكنىڭ ئۈستىگىچە تۈرۈلۈپ، ئاندىن: «نىيەت قىلدىم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ. ۋە «ئەئۈزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دېيىلىدۇ.


(ئىككىنچى رەسىم)

2) قول بىلەككىچە ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. بارماق ئارىسىنىڭ پاكىز بولۇشىغا دىققەت قىلىش، ئەگەر قولدا ئۈزۈك بولسا، ئۇنى مىدىرلىتىپ، تېگىنى يۇيۇش كېرەك.


(ئۈچىنچى رەسىم)

3) ئوڭ قول ئالقىنىدا، ئېغىزغا ئايرىم-ئايرىم ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، ھەر قېتىمدا، غەر-غەر قىلىپ چايقاش كېرەك.


(تۆتىنچى رەسىم)

4) ئوڭ قول ئالقىنىدا ئايرىم-ئايرىم بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم سۇ تارتىلىدۇ.


(بەشىنچى رەسىم)

5) سول قول بىلەن بۇرۇننى تۇتۇپ، مىشقىرىپ بۇرۇن پاكىزلىنىدۇ.


(ئالتىنچى رەسىم)

6) يۈز پېشانىدىن باشلاپ، قۇلاق يۇمشىقى ۋە ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە بولغان يەرلەر قوشۇلۇپ، ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ.


(يەتتىنچى رەسىم)

7) ئوڭ قولنىڭ بىلىكى، جەينەك بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. يۇيغاندا، قولنىڭ ھەر تەرىپى، قۇرۇق بىر يېرى قالمىغۇدەك تولۇق سىيپاپ يۇيۇلىدۇ.


(سەككىزىنچى رەسىم)

8) سول قولنىڭ بىلىكى، جەينەك بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. يۇيغاندا قولنىڭ ھەر تەرىپى، قۇرۇق بىر يېرى قالمىغۇدەك تولۇق سىيپاپ يۇيۇلىدۇ.


(توققۇزىنچى رەسىم)

9) قول ھۆل قىلىنىپ، ئوڭ قولنىڭ ئالقىنى باشقا تەككۈزۈلۈپ بىر قېتىم مەسھ قىلىنىدۇ.


(ئونىنچى رەسىم)

10) قول قايتا ھۆل قىلىنىپ، ئوڭ قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوڭ قۇلاقنىڭ ئىچى، باش بارماق بىلەن قۇلاقنىڭ تېشى، سول قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن سول قۇلاقنىڭ ئىچى، باش بارمىقى بىلەن قۇلاقنىڭ ئارقىسى مەسھ قىلىنىدۇ.


(ئون بىرىنچى رەسىم)

11) قولنى قايتا ھۆل قىلمايلا، قالغان ئۈچ بارماقنىڭ سىرتى بىلەن بويۇنمۇ مەسھ قىلىنىدۇ.



(ئون ئىككىنچى رەسىم)

12) ئوڭ پۇت ئوشۇق بىلەن بىللە ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. ئاۋۋال پۇتنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ يۇيۇپ، بارماق ئارىلىقمۇ پاكىز تازىلىنىدۇ.



(ئون ئۈچىنچى رەسىم)

13) سول پۇتمۇ، ئوشۇق بىلەن بىللە ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. ئاۋۋال پۇتنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ يۇيۇپ، بارماق ئارىلىقمۇ پاكىز تازىلىنىدۇ.

تاھارەت ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىبلىگە يۈزلىنىپ ئۆرە تۇرۇپ: «كەلىمە شاھادەت» ئوقۇلىدۇ.

# ناماز ئوقۇشنى رەسىملىك چۈشەندۈرۈش

بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى رەسىملەر بىلەن مىسال قىلىنىپ، ئەر-ئاياللىنىڭ ئوخشىمىغان ھەرىكەتلىرى كۆرسىتىلدى. ئىككى رەكئەتلىك بىر نامازدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن باشقا نامازلاردىكى ھەرىكەتلەر ئارىسىدا باشقا ئالاھىدە پەرق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى رەسىم بىلەن چۈشەندۈرۈش بىھاجەت.

**بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى:**

**بىرىنچى رەكئەت:**

1) پۇتلارنىڭ ئارىلىقى تۆت بارماق چوڭلۇقتا ئېچىلىپ، پۇتنىڭ ئۇچى قىبلىگە توغرىلانغان ھالدا، ئۆرە تۇرۇپ قىبلىگە يۈزلىنىدۇ. 2) تەكبىر ئېيتىلىدۇ. (پەقەت ئەرلەر)

**نىيەت:** 3) «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بۈگۈنكى بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

**ئىفتىتاھ تەكبىرى:** 4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىفتىتاھ تەكبىرى ئېيتىلىدۇ.



(1-رەسىم)

**ئەرلەر** تەكبىر ئېيتقاندا قول ئالقانلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ، بارماقلىرىنى نورمال ئېچىپ، باش بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا تەككۈزۈپ قولىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق قېقىش.

**ئاياللار** تەكبىر ئېيتقاندا قول ئالقانلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ، بارماقلىرىنى نورمال ئېچىپ، بارماق ئۇچلىرى مۈرە سىزىقىغا كەلگۈدەك دەرىجىدە كۆتۈرىدۇ.



(2-رەسىم)

**قىيام**

5) تەكبىردىن كېيىن، قوللار بىر-بىرىگە باغلىنىپ، ئۆرە تۇرۇپ، كۆزلەر سەجدە قىلىنىدىغان يەرگە تىكىلىدۇ.

6) ئۆرە تۇرغاندا رەت-تەرتىپى بويىچە:

a. سۇبھانەكە،

b. ئەئۇزۇ-بىسمىللاھ،

c. پاتىھە سۈرىسى،

d. قۇرئاندىن ئايەت ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.



(3-رەسىم)

**ئەرلەر** ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنىڭ ئۈستىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىنىڭ باش ۋە چىمچىلاق بارماقلىرى، سول قولىنىڭ بىلىكىنى قامالاپ، كىندىكىنىڭ ئاستىدا، بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ.



(4-رەسىم)

**ئاياللار** ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. ئەرلەردەك، ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى، سول قولىنىڭ بىلىكىنى قامالاپ تۇتمايدۇ.

**رۇكۇغا ئېگىلىش:**

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا ئېگىلىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ. رۇكۇغا بارغاندا كۆز پۇتنىڭ ئۇچىغا قارايدۇ.



(5 ـ رەسىم)

**ئەرلەر** رۇكۇغا بارغاندا، بارماقلىرى نورمال ئېچىلىپ، قولى بىلەن تىزىنى تۇتۇپ، دۈمبىسى تەرەپ تۈپ ـ تۈز بولىدۇ. تىزى تۈپ ـ تۈز تۇرىدۇ.



(6 ـ رەسىم)

**ئاياللار** رۇكۇغا بارغاندا، دۈمبىسى بىرئاز ئەركىن ھالدا بولۇپ، ئەرلەردىن ئازراق ئېگىلىدۇ. قولى بارماقلىرى ئېچىلمىغان ھالدا، تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، تىزىنى ئازراق ئېگىدۇ.

**رۇكۇدىن تۇرۇش:**

8) «سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغاندا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ.



(7 ـ رەسىم)

**ئەرلەرنىڭ** رۇكۇدىن تۇرۇپ تۇزۇلىنىشى



(8 ـ رەسىم)

**ئاياللارنىڭ** رۇكۇدىن تۇرۇپ تۇزۇلىنىشى

**سەجدە:**

9) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بارغاندا، ئاۋۋال تىز، ئاندىن قول، ئەڭ ئاخىرىدا پىشانە بىلەن بۇرۇن يەرگە تېگىدۇ. سەجدىگە باش قويغاندا، باش ئىككى قولنىڭ ئارىسىدا بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولىدۇ، پۇت يەردىن ئايرىلمايدۇ، كۆز بۇرۇننىڭ ئىككى يېنىغا تىكىلىدۇ ھەمدە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.



(9 ـ رەسىم)

**ئەرلەر** سەجدىگە باش قويغاندا، جەينىكىنى يېنىدىن سەل يىراق تۇتۇپ، بىلىكى يەرگە تەگمەي تۇرىدۇ. پۇت بارماقلىرى بىلەن تىك قىلىنىپ، بارماقلىرى قىبلىگە توغرىلانغىدەك ئېگىلىدۇ.

**ئاياللار** سەجدىگە باش قويغاندا، قولى بىقىنىغا تىگىپراق تۇرىدۇ. پۇت بارماقلىرى بىلەن تىك قىلىنىپ، بارماقلىرى قىبلىگە توغرىلانغىدەك ئىگىلىدۇ.



(10 ـ رەسىم)

**ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئولتۇرۇش:**

10) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ. ئولتۇرغاندا، بارماق ئۇچى تىزغا كەلگىدەك دەرىجىدە، يوتىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە كۆز قۇچاققا تىكىلىدۇ. ئاندىن «سۇبھانەللاھ» دېگۈدەك بىر قىسقا ۋاقىت ئولتۇرۇلىدۇ.



(11 ـ رەسىم)

**ئەرلەر** سول پۇتىنى يەرگە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، ئوڭ پۇت بارماقلىرى قىبلىگە توغرىلانغىدەك ئېگىلىپ تىكلىنىدۇ.



(12 ـ رەسىم)

**ئاياللار:** پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ، يانپاشلاپ ئولتۇرىدۇ.

11) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.
12) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىدىن تۇرۇپ، ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن قول باغلىنىپ تۇرىدۇ. (3 ـ 4 ـ رەسىملەر)

سەجدىدىن تۇرغاندا، ئاۋۋال باش، ئاندىن قول، ئەڭ ئاخىرىدا قول تىزنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ھالدا، تىز يەردىن ئايرىلىدۇ.

ئىفتىتاھ تەكبىرىدىن بۇ يەرگىچە ئوقۇلغان ناماز «بىر رەكئەت» بولىدۇ.

**ئىككىنچى رەكئەت:**

1) **ئۆرە تۇرغاندا، رەت ـ تەرتىپى بويىچە:**
a) بىسمىللاھ،
b) پاتىھە سۈرىسى،
c) قۇرئاندىن ئايەتلەر ياكى بىر سۈرە ئوقۇلىدۇ.

2) بىرىنچى رەكئەتكە ئوخشاش، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىلىدۇ. (5 ـ 6 ـ رەسىملەر)

3) «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەپ رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئۆرە تۇرغاندا، «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىلىدۇ. (7 ـ 8 ـ رەسىملەر)

4) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، سەجدىگە بېرىپ، ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ. (9 ـ 10 ـ رەسىملەر)

5) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ. ئاندىن، «سۇبھانەللاھ» دېگۈدەك بىر قىسقا ۋاقىت ئولتۇرۇلىدۇ. (11 ـ 12 ـ رەسىملەر)

6) ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، ئىككىنچى قېتىم سەجدىگە باش قويۇلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىلىدۇ.



(13 ـ رەسىم)

**قەئدەئى ئاخىرە (نامازنىڭ تاماملاش ئولتۇرۇشى):**

7) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرىلىدۇ. ئولتۇرغاندا، بارماق ئۇچى تىزغا كەلگۈدەك دەرىجىدە، يوتىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە كۆز قۇچاققا تىكىلىدۇ.

8) **سەجدىدە ئولتۇرغاندا تەرتىپ بويىچە:**

a) ئەتتەھىيياتۇ،
b) ئاللاھۇممە سەللى،
c) ئاللاھۇممە بارىك،
d) رەببەنا ئاتىنا...دۇئالىرى ئوقۇلىدۇ.



(13 ـ 14 ـ رەسىم)

**ئەرلەر** سول پۇتىنى يەرگە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، ئوڭ پۇت بارماقلىرى قىبلىگە توغرىلانغىدەك ئېگىلىپ تىكلىنىدۇ.

**ئاياللار** پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ، يانپاشلاپ ئولتۇرىدۇ.



(15 ـ رەسىم)

**ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىش:**

9) ئاۋۋال باشنى ئوڭ تەرەپكە بۇراپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دېيىلىدۇ. سالام بەرگەندە، كۆز مۈرىگە تىكىلىدۇ.



(16 ـ رەسىم)

**ئەرلەرنىڭ** ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىشى

**ئاياللارنىڭ** ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىشى



(17 ـ رەسىم)

**سول تەرەپكە سالام بېرىش:**

10) ئاندىن باشنى سول تەرەپكە بۇراپ «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دېيىلىدۇ. سالام بەرگەندە، كۆز مۈرىگە تىكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇلغان بولىدۇ.



(18 ـ رەسىم)

**ئەرلەرنىڭ** سول تەرەپكە سالام بېرىشى



(19 ـ رەسىم)

**ئاياللارنىڭ** سول تەرەپكە سالام بېرىشى

# دۇئا قىلىش

دۇئا قىلغاندا، قوللار مەيدىگىچە بولغان ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ، ئالقان يۈزگە مايىل ھالدا مەيدىگە قاراپ ئېچىلىدۇ. ئىككى قول ئارىسىدا بىر ئاز بوشلۇق قويىلىدۇ.


(20 ـ رەسىم)

دۇئا قىلىۋاتقان ئوغۇل

دۇئا قىلىۋاتقان قىز


(21 ـ رەسىم)